# شىنجاڭ ياشلىرى

# تەپەككۇر

新疆青年·哲思

( ئومۇمىي 4 - سان )




自治区新闻出版局（增）字第65102920150039号

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تالانتلىق يازغۇچى، « جاللات خېنىم » ، « باھادىرنامە » ... قاتارلىق تارىخىي رومانلارنىڭ مۇئەللىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى، مەزكۇر ساننىڭ تەكلىپلىك ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى ــــ ياسىنجان سادىق چوغلان

# بۇ ساندا

## ئۆزۈڭنى تونۇ!

ئادەملىك ھەققىدە ........................ ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان 2

## شېئىر ۋە شائىر باياندا

ئادىل تۇنىياز نەگە كەتتى .................. ئامانگۈل تۇرسۇن، ئابدۇقەييۇم ناسىر 5

## ئەدەبىيات كوچىسىدا

دەرۋازا ..................... (ھېكايە)................. تۇرسۇن مەھمۇت 17
گۈل يولى ...................... (نەسرلەر) ................ قۇربان ئەمەت 31

## تەرجىمە كۆزنىكى

تام ۋە تۇخۇم ....................... خارۇكى مۇراكامى(ياپونىيە) 42
نېمە ئۈچۈن يېزىقچىلىق قىلىمەن .................................... يۇخۇا 44
بېرلىن «ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى»دىكى تۇرپان يىغىملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ....
....................................... مارىئان ياللدىز (گېرمانىيە) 90

## تەپەككۇر كۆزى

غەرب پەلسەپىسىدىكى ئۆزلۈك ئۇقۇمىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ھەققىدە ... ئادىل ئابدۇقادىر 46
تىلىمىزنىڭ پايانى ..................................... سۇلايمان قەييۇم 51
يوقلۇق يولى ............................ مۇھەممەدئەلى ئوبۇلتارى دىلئاچار 63

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

يېڭى تاراتقۇ دەۋرىدىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپى نېمىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ ....
............................................................. زەمىرە مىجىت 67

## پىكىر جۇلاسى

خاتا ئوقۇلۇشتىن خاتا بېكىتىلىپ قالغان «مۇقەددىمە» ...... ئۆمەر ئوسمان سەبۇرى 69
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشى ھەققىدە ........ ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار 75
جەمشىت روھىنى ئىزدەش ......................... ئەيساجان تۇردى ئاچچىق 81

## كۆڭۈل تىۋىشى

ئاشىقسىز دۇنيا ...................................... ئابلىجان ھېيت 82

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى: ياسىنجان سادىق چوغلان

مۇھەررىرى: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى

نەشرىيات باشلىقى:
**يۇ شيۇخۇا**
نەشرىيات باش مۇھەررىرى:
**جۇرئەت سەيپۇل**
نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
**مىجىت تۇرسۇن**

نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
ئىجرائىيە باش مۇھەررىر:
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**ئەدىبە ئابلەت**

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى:
**روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش**
**ئالىم كېرىم كۆكئالىپ**

مۇھەررىر:
**تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى**

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
**تۇردىھاجىم تۇرغۇن**

مەسئۇل كوررېكتور:
**نۇرگۈل روزى**

پوچتا نومۇرى : 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034

شىنجاڭ ئۈمىد باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆希望印刷厂印刷

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ
داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号):
ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ
داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号):
CN65 - 1029/C
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات -
نەشرىيات ئىدارىسى (قوشۇمچە 2013) نومۇرى:
(新疆维吾尔自治区新闻出版局增刊号
65102920150039
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
58 - 50 :(邮政代码)
پوچتا نومۇرى(邮政编码): 830002
باھاسى(定价/元): 10.00 يۈەن

乌鲁木齐市人民路33号
瑞达国际大厦8楼

www.uyghurkitap.com






تۇرمۇش رىتىمىمىز ئىنتايىن تېز، بىر - بىرىمىزدىن ئالدىراش ئۆتۈۋاتقان بۇ دەملەردە، ئۇشتۇمتۇتلا «ئادەملىك» ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش – كۆپىنچىمىزگە تولىمۇ بىمەنە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، دېمىسىمۇ ئادەمغۇ بىز!

قاچانلاردىن باشلاپ «ئادەم» ئاتىلىپ كەلگەنلىكىمىز توغرىسىدا ئومۇمەن دىنىي چۈشەنچىلەرگە بەكرەك مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولساقمۇ، كىشىلەرنىڭ ئوي (تەپەككۇر) تارىخىدىن ئايان بولغان ھاسىلاتلارغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، «ئادەم» دېيىشنىڭمۇ بەلگىلىك مەنىۋى شەرت - شارائىتى بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. دەسلەپكى ئادەم مەيلى جەننەتتىن قوغلاندى قىلىنىپ زېمىنغا «توككىدە» چۈشكەن بولسۇن، ۋە مەيلى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن بولسۇن، ۋە ياكى مۇستەقىل بىر جانلىق سۈپىتىدە تەدرىجي پەيدا بولغان ئايرىم تۈر ھېسابلانسۇن، راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئېتىنىك قاراشلارنىڭ نۆۋەتتىكى ياشاش ئۇسۇلىمىز ۋە تۇرمۇش جىددىيچىلىكلىرىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. مېنىڭ تارىخىم، ئېتنىك مەنبەيىم قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇقۇمدا ئۇنىڭ ئىگىلەيدىغان ئورنى چوڭ ئەمەس، ئاساسەن يوق دېيەرلىك. بىز ئالدىراش تاماق يەۋاتقاندا، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقىنىمىزدا، ماشىنىلاردا، ھاجەتخانىدا، ئىشخانىلاردا، مەكتەپتە، ئايروپىلاندا، كارىۋاتتا... ئۆزىمىزنىڭ ئادەم ياكى ئەمەسلىكىمىزنى ئويلاپ ئولتۇرمايمىز. بۇنداق ساددا سوئال خىيالىمىزدىن كېچىپمۇ قويمايدۇ. چۈنكى، بىز ئاللىقاچان «ئادەم» ئاتىلىپ بولغان! پەقەت نورمال تۇرمۇش تەرتىپىمىز ئالاھىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىسلا، ئۇ بېكەتتىن بۇ بېكەتكە توختاۋسىز قاتناۋاتقان BRT دەك مېخانىك ھالەتتە ئالدىراش ياشىغىنىمىز ياشىغان. تاماق يەيمىز، ئىشلەيمىز، يەنە تاماق يەيمىز، يەنە ئىشلەيمىز، ئاز–تولا دەم ئالىمىز، ئۇخلايمىز، يەنە تۇرىمىز... گويا ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى بىرەر زاپچاستەك، غايەت زور بىر ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن بۆلەكتەك، مەلۇم پرىنسىپ ئۈچۈن توختىماي ئايلىنىدىغان چىشلىق چاقتەك...

ئەنە، چۈمۈلىلەر تىنىمسىز ئوزۇقلۇق توشۇماقتا، ئۇۋا ياساشقا مەسئۇللىرى ئۇۋىسىدىن توپا ئېلىپ چىقماقتا. ھەرىلەر ئالدىراشلىقتا غۇيۇلداپ ئۇچۇپ يېمەكلىك ئىزدىمەكتە. قۇرتلار لۆمۈلدەپ قايسىدۇر بىر نىشانغا ئۆملىمەكتە. چاشقانلار يۈگۈرمەكتە. قۇشلار پەرۋاز قىلماقتا. شىر، يولۋاس، قاپلانلارمۇ ئۆز ئولجىسىنى چۆرگىلىمەكتە. بۇغىلار ھوشيارلىق ئارىلاش ئوت يېمەكتە. بېلىقلار ئۈزمەكتە. ئادەملەر ئىشلىمەكتە. زاۋۇتلار گۈلدۈرلىمەكتە...



هەي...

نەقەدەر ئوخشاشلىق ـ ھە!

بۇ ئورتاق كۆرۈنۈشلۈك مەۋجۇتلۇق پائالىيىتىدە ئادەمنىڭ باشقا تۈرلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى زادى نېمە؟ بۇ جەرياندا «ئادەملىك»نىمىز قانداق يوسۇندا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ؟

بىز بىرنەچچە مىنۇت، پەقەت بىر نەچچە مىنۇتلا بۇ ئۆزۈلمەس تۇرمۇش ئېكولوگىيىمىزدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆزىمىزگە، بۇ قايناق جەمئىيەتكە سوئال كۆزىمىز بىلەن نەزەر سالساق، ئاتالمىش «تۇرمۇش»قا يەم بولىدىغان قىممەتلىك تەرەپلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. سوئالدىن سوئال تۇغۇلىدۇ. «مەن ياشاش جەريانىدا نېمىلەرنى يېتتۈردۈم؟»، «مەن جان بېقىش ئۈچۈن تېپىرلاۋاتامدىم؟»، «مەندە ئۆز ھاياتىمدىن ھالقىپ ئۆتەلىگۈدەك بىرەر ئۇلۇغۋار نىشان بارمۇ؟»، «مەن نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ياشاشقا كۆنۈپ كەتتىم؟»، «مەن قانداق ياشىسام تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ؟»...

مانا شۇنداق، ئادەم ئۆزى، ئۆزىنىڭ ھالىتى ھەققىدە بىر قاتار رېئال سوئال قايىنىمىغا چۆككەندە، بىز تىلغا ئالغان «ئادەملىك» تېمىسى رەسمىي تۈردە دىققەت مەركىزىمىزگە يېقىنلاشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا، ئادەملىك مەسىلىسىگە ئەڭ ئاددىي يوسۇندا جاۋاب بېرىش توغرا كەلسە، ئېنىقكى، ئۇنى چوقۇم «تەپەككۇر قىلىش» دەپ ئىزاھلىغىلى بولىدۇ-دە، تەپەككۇر، پەقەت تەپەككۇرلا ئادەملىكنىڭ تۈپ بەلگىسى ئايلىنىدۇ. دېمەك، ئادەم ئويلىنالايدۇ، سوئال قويالايدۇ، ئۇ ھەقتە ئىزدىنەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ «ئادەم» ئاتالغان!

ئادەم دېمەك ـ تەپەككۇر قىلغۇچى دېمەكتۇر. بۇ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىز تەپەككۇر قىلالىغاندىلا ئاندىن ئادەم بولالايمىز دېگەنلىكتۇر. ھالبۇكى، ئادەملىك ــ ياشىشىمىزدىكى ئاخىرقى نىشان ئەمەس! بىزنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمىز قانداقتۇر «ئادەم بولۇش» ئۈچۈن ئەمەس! ئۇ بىزنىڭ خاراكتېرىمىز، ئۇ بىزنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكىمىز، ئۇ بىزنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك سۈپىتىمىزدۇر! ئۇ ھېچقاچان بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىن يىراقلاپ، بىز ئۈچۈن تولىمۇ يۈكسەك ئورۇندىكى نۇرانە پەللە بولالمايدۇ. ئادەملىكنى ئادەمنىڭ كونكرېت ھاياتىدىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش ــ يەنە بىر چۈشەنچە قارىغۇلۇقىغا پاتقانلىقتۇر. بىز ئادەملەر ئارىسىدا، مۇئەييەن جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ ماددىي ۋە مەنىۋى تولۇقلىما ئارقىلىق تىل، يېزىق ۋە قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ھامان «ئادەملىك»كە مەھكۇم. بىزنىڭ كېلىش مەنبەيىمىزدىمۇ ئادەملىك، كېتىشىمىزدىمۇ ئادەملىك بار. بىز بۇ مەھكۇملۇقنى «تۈپ

خاراكتېر»، «سۈپەت» دەپ قارىشىمىزدىكى ئاساس شۇكى، ئادەملىك، يەنى ئۇي (تەپەككۇر) بىزنى ياشاشتىكى ئەڭ ياخشى مۆھتەت ئۆلچىمى، ئەڭ ياخشى تۇرمۇش شەكلى، ئەڭ ئاقىلانە ھايات قارىشى بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتساق، بىزنىڭ ئادەم بولۇشىمىز ياكى تەپەككۇر قىلىشىمىز (ئويلىنىشىمىز) پەقەت ۋە پەقەت تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈندۇر! مانا مۇشۇ مەقسەت ئارقىلىق بىز تارىختىن بېرى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭا، شىر، يولۋاس، مايمۇن، تىمساق، پىللارنىڭ بىزنىڭكىدەك تۇرالغۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، تىل، ئەقىل ـ ئىدراك جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن پارلاق نەتىجىلىرى يوق. مىڭ يىل ئاۋۋالقى يولۋاس قانداق ياشىسا، ھازىرقى يولۋاسمۇ شۇنداق ياشايدۇ. بىراق، ئىنسانىيەتنىڭ مىڭ يىل ئاۋۋالقى تۇرمۇش جۇغلانمىلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى رەڭگارەڭ جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق مەۋجۇت. مانا بۇ ئادەملىكنىڭ، يەنى تەپەككۇرنىڭ، ئويلىنىشنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدۇر!

ئادەملىك ــ شارائىتنى، مەزمۇننى، شەكىلنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ شارائىت، مەزمۇن، شەكىل ئادەملىك ئالدىدا مەڭگۇ تۇراقسىز نەرسە دېگەنلىكتۇر. ئادەم ئۆز تۇغۇلمىنى تاللاشقا ئامالسىز، ئەمما قانداق ياشاشنى لايىھەلەشكە ھوقۇقلۇق. بىراق، مانا مۇشۇ «ھوقۇق» ئالدىدا ئىنسانىيەت تەبىئىيلا ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىپ كەتكەن. يەنى، بەزىلەر مەزكۇر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشتىن كېلىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى قىزغىنلىقى، ئىرادىسى بەدىلىگە يېڭىپ، ئۆز ھاياتىنى يېڭى شەكىل، يېڭى مەنىلەر بىلەن توختاۋسىز جانلاندۇرۇپ ماڭىدۇ. ئەپسۇسكى، يەنە تالايلىغان كىشى ئاۋۇ «ھوقۇق»تىن ۋاز كېچىدۇ ـ دە، ئۆزگىلەرنىڭ ياكى ئالدىنقىلارنىڭ كونا لايىھىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تولىمۇ بىخەتەر، ئاددىي، تىنچ بولغان «مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش» ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇڭا ئىشلەيدۇ، تاماق يەيدۇ، يەنە ئىشلەيدۇ، يەنە تاماق يەيدۇ، ياتىدۇ، قوپىدۇ... گويا، بىر تەرەپكە بۇرىساڭ شۇ چىقىدىغان، قارشىسىغا تولغىساڭ شۇ توختايدىغان جۈمەك، بىرلا كۆنۈپكا بىلەن كونترول قىلىنىدىغان كوچا چىرىغى، بارلىق لىنىيىسى بەلگىلەپ بېرىلگەن ئاپتوبۇس، كىچىككىنە تىزگىنەككە تۇتۇلغان تېلېۋىزور... تىنىمسىز ئوزۇقلۇق توشۇۋاتقان چۈمۈلە، ئەندىشە ئىچىدە ئوت يەۋاتقان بۇغا...

بۇنداقلار ئاقىۋەتتە شۇنداق بىر «ھوقۇق»نىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. تۇرمۇشنىڭ زىيادە بېسىمى، ھايات كەچۈرۈشنىڭ تەخىرسىزلىكى، ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ بىر تۈز سىزىق ھالىتىدە تۇرماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىيلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قورقۇنچ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى خىرەلەشتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئويلاپ يېتەلەيدىغىنى پەقەت كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز، سوغۇق رېئاللىققا كاۋاپىنىمۇ، زىخنىمۇ كۆيدۈرمىگەن ئاساستا ماسلىشىپ، كۈننى تېزرەك ئۆتكۈزۈش؛ قانائەتكە لىققىدە تولۇپ كەتكەن قەلبىگە ئويىنى، تەپەككۇرنى، جاۋابىنى ئويلاش ئەنسىزلىككە دۇچار قىلىدىغان ھالقىلىق سوئاللارنى يېقىن يولاتماسلىق؛ رېئاللىقنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، كۈچلۈك دولقۇنلىرىنى كۆرمىگەنگە سېلىۋېلىشتۇر!

ئادەتتە، يۇقىرىقىدەك پاسسىپ، جىمجىت، بىر خىل تۇرمۇش ئەندىزىسىنى ساقلاپ قېلىشتەك ئاددىي پوزىتسىيە كۆپىنچە ھايۋانات دۇنياسىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئوخشاشلىق ئالدىدا بىز ئۆزىمىز بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقنىڭ نېمىلىكىنى قاتلاملىقراق ئويلىنىپ بېقىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالىمىز. قورقۇنچ ئەۋج ئالغانسېرى بىخەتەرلىك، ئاسانلىق ئىزدەيمىز. ئاسانلىق ئىزدىگەنسېرى تۇرمۇش سۆيتىمىز، تۇرمۇش سەۋىيەمىز، ھاياتلىق نىشانىمىز شۇنچە ئاددىيلىشىپ ماڭىدۇ ـ دە، ئاڭ، ئىدىيە، روھ، تەرەققىيات، بايلىق، ئىلىم ـ پەن، مەھسۇلات دېگەندەك نوپۇزلۇق ئۇقۇملار بارغانچە زورىيىپ، سۇنساق قولىمىز، ئېيتىشقا تىلىمىز يەتمەيدىغان ئېگىزلىكتىن ئورۇن ئېلىپ بۇرنىمىزدىن يېتىلەشكە باشلايدۇ.

چوڭ ـ چوڭ رەھبەرلەرمۇ ئادەم. مىلىيادىر، مىليونېرلارمۇ ئادەم. داڭلىق چولپان ۋە سەنئەتكارلارمۇ، دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەرمۇ، تەۋەككۈلچىلەرمۇ، مەشھۇر پەيلاسوپ ـ مۇتەپەككۇرلارمۇ، شائىر ـ يازغۇچىلارمۇ ئوخشاشلا ئادەم. ئاز بىر قىسىم كىشى تۇغۇلۇشىدىنلا ياخشى شارائىت، ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق، شان ـ شەرەپلەر ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئومۇميلىق ئەمەس. كۆپ سانلىق نەتىجە قازانغۇچى ئىشنى نۆلدىن(باشتىن) باشلاپ مۇشۇ پەللىگە ئەكەلگىچە بولغان ئارىلىقتا تالاي مۇشكۇلات ـ قىيىنچىلىقنى، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى، پۇشايمان، ئەندىكىشنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز ئۇرۇنۇشىدىن، تەۋەككۈلچىلىكىدىن، ئىرادىسىدىن قىلچىلىك تەۋرىنىپ قالغان ئەمەس. ئۇلار ھاياتنىڭ مۇشۇنداق كەسكىن ئېلىشىشلار، كۈچلۈك بوران ـ چاپقۇنلار بىلەن تېخىمۇ مەنىلىك، گۈزەل بولىدىغانلىقىنى تۇيغان. ئۇلارنىڭ قەلبىدە شۇنداق بىر ئىشەنچ پارلاپ تۇرىدۇكى، دۇنيا — ئادەملەر چوقۇم بويسۇندۇرۇشقا تېگىشلىك مەخلۇق! دۇنيا — ئادەملەر چوقۇم قايتا قۇرۇشقا، ئېچىشقا، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بوز يەر ياكى خارابە!

شۇنى كەسكىنلىك بىلەن ئېيتىشىمىز كېرەككى، بىز بۇرنىمىزنى يېتىلەشكە كۆنۈپ كېتىدىغان «كالا» ئەمەس، بەلكى ئىجادىيلىققا تولغان ئادەم!

بىز تەبىئەتنىڭ ئىگىسى! بىز دۇنيانىڭ ھەقىقىي غوجايىنى! ئىدىيە، بايلىق، ئىلىم ـ پەن، مەھسۇلات، ئۇچۇر، قىممەت قاراش، جەمئىيەت... ھەممىسى بىز ئۈچۈن، بىزنىڭ تېخىمۇ بەختلىك، باياشاد تۇرمۇش كەچۈرەلىشىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىز ئەقىلگە قۇل ئەمەس، ئەكسىچە، ئەقىل بىزنىڭ ئەڭ سادىق ھەمدە ئەڭ قابىلىيەتلىك مۈلكىمىز ھېسابلىنىدۇ. بىز تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ياشاپ قالماستىن، ھامان ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ سۆيەتلىك، ئېسىل، ھۇزۇرلۇق، رەڭگارەڭ، غايىبانە، يېڭى، كۆتۈرەڭگۈ، ئۆزگىچە ياشىشىمىز كېرەك.

مانا بۇ، ئادەملىككە بېرىلگەن ياخشى ئىزاھاتلارنىڭ بىرى!

« شىنجاڭ ياشلىرى — تەپەككۇر » ئالاھىدە سانىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇللاش ئادرېسى:

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى خەلق يولى 33 ـ نومۇر رۇيدا سارىيى 8 ـ قەۋەت شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر گېزىت ـ ژۇرناللار نەشرىياتى « شىنجاڭ ياشلىرى — تەپەككۇر » ئالاھىدە سانى تەھرىر ئىشخانىسى

乌鲁木齐市天山区人民路33号瑞达国际大厦8楼新疆青少年报刊社《新疆青年·哲思》增刊部

پوچتا نومۇرى: 830004 تېلېفون: 2817081 ـ 0991 ئېلخەت: tepekkur@126.com QQ: 910006891

ئالاقىلاشقۇچى: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى



# ئادىل تۇنىياز نەگە كەتتى

ئامانگۈل تۇرسۇن، ئابدۇقەييۇم ناسىر

شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ بەزى شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق ئۇنى يىراق قەدىمكى شەرقتىدەك، بەزى شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق ئۇنى يېنىمىزدىلا تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز. ئۇ بەزى شېئىرلىرىدا ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىپ قالسا، بەزى شېئىرلىرىدا ئاسمان بوشلۇقىدىكى چەكسىز يۇلتۇزلار قوينىدا غايىب بولىدۇ.

ئۇنىڭ تولىمۇ غۇۋا لېكىن كىشى كۆڭلىنى كەڭرى تەپەككۇر بوشلۇقىغا باشلايدىغان شېئىرلىرى غۇۋالىقتىن ئېنىقلىققا، ئېنىقلىقتىن غۇۋالىققا ئۆتۈپ شائىرنى ئىزدەشكە يېتەكلەيدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ تولىمۇ غۇۋا شېئىرلىرىدا قاراڭغۇلۇققا كىرىپ قېلىپ چىقالماي قالىمىز، بىراق يەنە بەزىدە ئەنە شۇ غۇۋالىقنى، تۇتۇقلۇقنى، گۇڭگىلىقنى ئىستەپمۇ قالىمىز. چۈنكى ئاشۇ تۇتۇقلۇققا قانداقتۇر بىز بىلمەيدىغان يەنە بىر ئادىل تۇنىياز يوشۇرۇنغاندەكمۇ ھېس قىلىپ قالىمىز.

بۇ قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنى ئىزدەپ باردىم. «نۇر ۋە قەلەم» كىتابخانىسىغا كىرگىنىمدە ئۇ بالا كۆتۈرۈۋالغان ئايالغا كىتاب سېتىۋاتاتتى.

«بۇ كىتابمۇ ياخشى، كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.»

مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتا تۇراتتىم. مەنلا ئەمەس كىتاب ئالغىلى كىرگەن ئايالمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ توختىماي ئايالغا كىتاب تەۋسىيە قىلاتتى. ئەگەر باشقىلار شۇنداق قىلسا ئۇنى كىتابنى سېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىراق تولىمۇ سەممىي ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردىن ئۇنىڭ بوۋىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بۇ ئايالغا بولغان شائىرلىق مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلدىم.

«شېئىر يېزىپ تۇرىمەن دەڭ، بەك ياخشى ئادىتىڭىز بار ئىكەن. بۇنى چوقۇم داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى شېئىر دېگەن تەپەككۇرنىڭ بىلىمى، بۇ بىلەي بىلەن تەپەككۇرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرگىلى بولىدۇ. بەزىدە تۇرمۇشتا ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئادىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

تولىمۇ سەممىي ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئۇ ئايالنى شادلاندۇردى. ئىككەيلەننىڭ سۆھبىتىنى بىر چەتتە تۇرۇپ ئاڭلاپ شائىرىمىزنىڭ يەنىلا خەلقىمىز يېنىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. قولى سەل بوشىغاندىن كېيىن سالام بېرىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش نىيىتىمنى ئېيتتىم. ئۇ تەلىپىمنى خۇشخۇيلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. سۆھبەتلىشىدىغان ئورۇن، ۋاقىتنى كېلىشىۋالدۇق. مەنلا ئەمەس شېئىرخۇمار ئۇيغۇر خەلقى ھۆرمەتلەيدىغان بۇ ياش، تالانتلىق، پەزىلەتلىك شائىر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت مانا مۇشۇنداق روياپقا چىقتى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەلىپىمگە قوشۇلغانلىقىدىن خۇشال بولسام يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تالانتلىق شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قانغۇچە كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن پەخىرلەندىم. قېنى ئەمىسە ئادىل تۇنىيازنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

مۇخبىر: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئادىل تۇنىياز ئاكا، تۇنجى شېئىرىڭىز «سۈزۈك سۇ» 12 يېشىڭىزدا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر «بويتاق

شېئىر ۋە شائىر باياندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، «چوڭمبەلدىكى كۆز»، «دېڭىزدىكى كوچا»، «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر»، «تاشقا سۆزلەۋاتقان ئادەم» قاتارلىق يەتتە كىتابىڭىز نەشر قىلىنىپتۇ. «سۆيۈپ قالسام سىنى ناۋادا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىڭىز سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىڭىزدىلا نەشر قىلىنىپ زور غۇلغۇلا قوزغىغانىكەن. سىز ئۆز تەجرىبىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ شېئىر بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە شېئىر، شائىرنىڭ رولى ھەققىدە ئۆز چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

ئادىل تۇنىياز: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام. مەن بىر شائىر، شېئىرنى ھاياتىم بىلەن، بارلىقىم بىلەن سۆيىمەن. گەرچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەجادىيەت نەتىجىلىرىمگە ئاساسەن مېنى 2015 - ، 2016 - يىللىق توختاملىق يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى شېئىرىيەت كەسپىگە بېغىشلىغان بىر ئادەم. شېئىرنىڭ ئىشقى - پىراقىدا كۆيۈپ، شېئىرنىڭ كويىدا يۈرگىنىمگە 30 يىلدىن ئېشىپتۇ. نۇرغۇن جاپا ۋە بەدەل تۆلەش، بەل قويۇۋېتمەي تىرىشىش بەدىلىگە ئېرىشكىنىم «شائىر» دېگەن ئاتاق بولدى. بىراق مەن شائىرلىقنى رولى جەھەتتىن ئاشىپەزلىك ۋە ناۋايلىققا ئوخشاش كەسپ دەپ ئويلايمەن. ئادەملەر قورسىقى ئاچقاندا ئاش - نان يەيدۇ. بىراق روھىي جەھەتتىكى ئاچلىقنى ھېس قىلالايدىغانلار ئاز. ماددىي مەئىشەتلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان بىر دەۋردە ئىچى قۇرۇق كىشىلەر، مەنىۋىيىتى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ بولغان، جىسمى ئارىمىزدا تىرىك جەسەتتەك مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. شېئىر كىشىلەرنى پىكىر قىلىشقا، پىكىر قىلغاندىمۇ ئوخشىمىغان نۇقتىدىن پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، ھايات ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ. بىز نەدىن كەلدۇق، نەگە بارىمىز، ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە دېگەن سوئاللارغا باشلايدۇ. ئەڭ مۇھىمى شېئىر پىكىر قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. مېنىڭچە، شېئىرنىڭ بىرىنچى رولى تەپەككۇرنى ئويغىتىش. بۇ جەھەتتە ئىسرائىلىيەنى مىسال قىلىپ سۆزلىگۈم كېلىدۇ. ئىسرائىلىيە دۇنيا بويىچە كىتاب ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان دۆلەت ئىكەن. ئىسرائىلىيە كىشىلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شېئىرنى كۆپ ئوقۇش ئىكەن. ھەتتا 80 - يىللاردا جەڭ مەيدانلىرىدا يۈرگەن جەڭچىدىمۇ شېئىر توپلاملىرى بولىدىكەن. بۇنىڭدىن تەپەككۇر قىلىدىغان مىللەتلەر ھامان شېئىرغا ئامراق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋالالايمىز. مەن بايا دېگەندەك شېئىرنىڭ بىرىنچى رولى تەپەككۇرنى غىدىقلاش، تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۇرسەك، سىز شېئىر ئوقۇپ بۇ شېئىردا نېمە دېمەكچىدۇ، شائىر بۇ يەردە بۇ سۆزنى نېمىگە ئىشلەتكەندۇ دېگەندەك ئويلارغا چۆمۈلىسىز. ئويلىنىشىڭىزنىڭ ئۆزى، پىكىر قىلىشىڭىزنىڭ ئۆزى كاللىڭىزنىڭ ئۇخلاپ قالمايۋاتقانلىقىنى، تەپەككۇرىڭىزنىڭ غىدىقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرستىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پىكىر قىلىشقا باشلايسىز. شۇڭا مەيلى ناۋاي بولۇڭ، مەيلى تىجارەتچى بولۇڭ، مەيلى رادىيو - تېلېۋىزىيەدە ئىشلەيدىغان بولۇڭ، قايسى كەسىپتە ئىشلەيدىغانلار بولسۇن ھەر كۈنى بىر پارچە شېئىر ئوقۇپ تۇرۇش كېرەك دەپ قارايمەن. مۇشۇنداق بولغاندا تۇرمۇشتا ئۇچرىغان بەزى مەسىلىلەرنى كاللا ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلىنىپ تۇرغان بولغاچقا، شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ كۈچى بىلەن يېڭى يول تاپقىلى بولىدۇ.

شېئىرنىڭ ئىككىنچى رولى تىل بايلىقىنى، تىلنىڭ گۈزەللىكىنى، پاساھىتىنى، بالاغىتىنى، تىلنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش. شېئىر تىلنىڭ جەۋھىرى، تىلىم قۇۋۋەتلىك بولسۇن دېسىڭىز شېئىر ئوقۇڭ. شېئىر ئانا تىلنىڭ قايمىقى، پەرزەنتى ئانا تىلغا پىششىق بولسۇن، تىلى قايماقتەك بولسۇن دېسە بالىلىرىغا شېئىر - قوشاقلارنى يادلىتىش، شېئىر توپلاملىرىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ پەرزەنتلىرىگە تەپەككۇرنى بىلەيدىغان بىلەي تاش ئېلىپ بەرگەن بىلەن باراۋەر.

مۇخبىر: رەھمەت، يۇقىرىقى بايانلىرىڭىزدىن شېئىر ۋە شائىرنىڭ رولى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇق. دادا باش تېما قىلىنغان شېئىرلىرىڭىزدا ئۇيغۇر دادىلىرىنىڭ ئوبرازى ياخشى يورۇتۇلغان. ئىشىنىمەنكى، دادىڭىز شېئىر ئىجادىيىتىڭىزگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئادىل تۇنىياز: دادام رەھمەتلىك ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. كىچىكىمىزدىن تارتىپلا ئۆي لىققىدە كىتابقا توشۇپ تۇراتتى. شۇ نۇقتىدىنمۇ بىز ھەممىمىز كىتابقا ئامراق چوڭ بولغان، بولۇپمۇ مەن كىتابقا تېخىمۇ ئامراق ئىدىم. دادام بازارغا بېرىپ كەلگەندە دادامدىن دائىم «دادا، بۈگۈن كىتاب ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟» دەپ سورايتتىم. باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ بولغانىدىم. ئويلاپ باقسام، ئاشۇ چاغلاردا «سۇ بويىدا» دېگەن كىتابنى بىرىنچى قىسمىدىن سەككىزىنچى قىسمىغىچە بەش قېتىم ئوقۇپ بولغانىكەنمەن. مېنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبى دادامنىڭ زىيالىي بولغىنىدىن باشقا يەنە كىتاب ئوقۇشقا خۇمار بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاچقىمۇ يېڭى شېئىر يازغان چاغلىرىمدا «دادا ماۋۇ شېئىرنى يازدىم» دېسەم دادام كىتاب سوۋغا قىلاتتى. دېمەك، مېنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىشىشىمدە دادامنىڭ رولى چوڭ بولغان.

مۇخبىر: دېمەك، دادىڭىز شېئىر يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماي يەنە كىتاب ئوقۇشقىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپتىكەن - ھە؟

ئادىل تۇنىياز: شۇنداق، دادام ئۆزىمۇ كىتاب ئوقۇشقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى، بەزى چاغلاردا دادام ئۆيدىكى ھەممىمىزگە ئوپچە كىتاب ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا دادام ئۆيدىكى ھەممىمىزنى يىغىپ كۆپرەك «مىڭ بىر كېچە»نى ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا 80 ـ يىللاردا چىققان «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم كىتابلار بار ئىدى. بىز دادامنىڭ بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىشى بىلەن نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولغان.

مۇخبىر: يۇقىرىدا دەپ ئۆتتىڭىز، دادىڭىزنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئاستىدا بۇرۇنلا ئىجادىيەتكە كىرىشىپتىكەنسىز، 12 ياش ۋاقىتلاردا — ئۆسمۈرلۈكتىن ئەمدىلا خوشلىشىۋاتقان چاغلاردىغۇ دەيمەن. بۇنچە كىچىكلا ئىجادىيەتكە كىرىشىشىڭىز ھەقىقەتەن ئوڭاي ئەمەس. مۇمكىن بولسا تۇنجى شېئىرىڭىزنى يازغاندىكى ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئورتاقلاشساق؟

ئادىل تۇنىياز: تۇنجى شېئىرىم سىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. ئەينى چاغدا تۇنجى شېئىرىمنىڭ ماۋزۇسى «سۈزۈك سۇ» ئىدى. بۇ شېئىرنىڭ قەيەردە يېزىلغانلىقىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ ئۆيىمىز قاغىلىقتا ئىدى. قاغىلىقتا تىزناپ دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار ئىدى. ئۆيىمىز شۇ دەرياغا يېقىنلا يەردە ئىدى. دەريانىڭ شاۋقۇنلاپ ئېقىشىنى توختىماي ئاڭلاپ قەلبىمىزدە ھاياجانغا چۆمەتتۇق. بىر كۈنى دەرياغا ئۆزۈم يالغۇز ئوتتۇن يىغقىلى بارغانىدىم. قارىسام سۇ شۇنداق ئاز بولسىمۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋېتىپتىكەن. بۇنى كۆرۈپ سەبىي قەلبىمدە بىر ھاياجان پەيدا بولدى. ئىلگىرى دادام مېنى شېئىر يېزىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن شېئىر يازسام بولاتتى، دەپ ئويلىدىم. قارىسام يېنىمدا قەغەز يوق لېكىن قەلەم بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن شەپكەمنىڭ ئەستىرىگە قەلەم بىلەن تۇنجى شېئىرىمنى يازدىم. دېمەك، شېئىر دېگەن مۇشۇنداق نەرسە. بەزىدە ئۆزۈممۇ ئويلىمىغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. ھازىرمۇ شۇنداق كېچىلەر شېئىر ئىشقىدا بىدار ئۆتىدۇ. تۇساتتىن بىر ئىلھام كېلىپ قالسا كېچىلەر تاڭغا ئۇلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

مۇخبىر: ئۆزگىچە شېئىر يېزىش ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرۈشىڭىزدە دادىڭىزدىن سىرت يەنە سىزگە تەسىر كۆرسەتكەن بىرەر كىم بارمىدۇ؟

ئادىل تۇنىياز: ھەممە نەرسىگە ئادەم سەۋەبچى بولۇۋەرمەيدۇ. ئاسمانغا بىز سەۋەبچىمۇ؟ كۈن، ئاي، يۇلتۇزغا بىز سەۋەبچىمۇ؟ بىز ئادەملەرگە ئاتا قىلىنغان «تۇغما تالانت» دېگەن نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. دادام پەقەت مېنى باشتا بايقاپ، چوغنى پۈۋلىگەندەك مەندە بار ئوتنى لاۋۇلدىتىپ قويدى، خالاس.

مۇخبىر: ئاڭلىسام ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئەسەرلىرىڭىز جەمئىيەتتە تەسىر قوزغاپتىكەن. ھەتتا «ئادىل تۇنىياز» ھادىسىسىنى پەيدا قىلىپتىكەن. «سالام سېنىڭ چوغدەك تېنىڭگە»، «مېنىڭ ئادرېسىم» قاتارلىق يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلىرىڭىز بۈگۈنگىچە ناھايىتى ياخشى مىسال بولالايدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى ئىجادىيەتلىرىڭىز ۋە تەربىيەلىنىشىڭىزنى بىلىپ باقساق بولامدۇ؟

ئادىل تۇنىياز: ئالىي مەكتەپتىكى ھاياتىمنى ئەسلىسەم ئاساسەن كۇتۇپخانا، سىنىپلاردا بىر نەرسىلەرنى يېزىش بىلەن ئۆتكەن. ئەينى چاغدا مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىگە ئېرىشىشى مېنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدا سۆزلىگىنىمدىن دەپ ئېيتالايمەن. ئەينى چاغدا كۆپ قىسىم كىشىلەر شېئىر بىزدىن يىراقتەك، ئۇنى يازىدىغانلار ئالاھىدە كىشىلەردەك، ئۇنىڭ تىلى ئالاھىدە بولىدىغاندەك ئويلايتتى. مەن ئەينى چاغدا بۇلارنى ئويلىماي ئۆزۈمنىڭ قەلبىمدىكى ئاۋازغا ئەگەشكەن. تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگەندە بۇ قارلىق، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك شەھەرنى كۆرگىنىمدە ئۆز يېزامنى، يېزامنىڭ توپىلىق يوللىرىنى ئەسلەيتتىم. شۇ سەۋەب مەن يازغان شېئىرىمدا دەل ـ دەرەخلەر، قۇشلار ھەتتا يېزامدىكى ئېشەك قاتارلىق يېزا بازارلىرىدا كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ شېئىرىمغا كىرگۈزدۈم. ئەينى چاغدا يازغان «تاغلىق شەھەر» دېگەن شېئىرىمدا تىلغا ئېلىنغان ئېشەكنى ئوقۇغانلار «ئېشەكنىمۇ يازامسەن» دېيىشتى.

مۇخبىر: ئاشۇ مىسرالار ھېلىمۇ يادىڭىزدا بارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: شۇ چاغدىكى «تاغلىق شەھەر» دېگەن شېئىر ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ شېئىر مۇنداق:

سېغىنغىنى سەنمۇ ياكى مەن؟
كۈلۈپ ـ كۈلۈپ كىرىپ كېلىسەن
يالغۇز ئۇخلاپ قالغان چۈشۈمگە.

تاغلىق شەھەر تارتىنچاق قىزدەك
قاچمساڭچۇ خىياللىرىمدىن،
كۆرۈۋالاي سېنى ئۇزاقتىن.

رەستىدىكى غەمكىن بىر ئۆينىڭ
دېرىزىسى ئېچىپ قويۇلغان.
سېپىلگەندەك يوللارغا سەھەر،
ماي ياتقۇزغان يوللار بار يېڭى.
ئېشەك بولۇپ مېڭىپ كېلىمەن
سۆيۈپ قويار تۇمانلار مېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چايخانىنىڭ پېشايۋىنىدا
كۈلۈمسىرەر ئۈمۈچۈك تورى
ئاي شەكىللىك مەسچىت ئۈستىدە.

كېچىلەردە قالدىڭمۇ مۈزلاپ
ئىھ، ئاق كۆڭۈل ساددا ئاي نۇرى.

تۇخۇملارنى ساتتىڭمۇ موما
ياكى ساقلاپ قويدۇڭمۇ ماڭا؟
مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن كۈن،
خىيالىمدا مەن ساڭا ئاتاپ
ئېپ قويغانىدىم ئەرزان بىر كالاچ.

مېنىڭ يىراق تاغلىق شەھرىمدە،
يوق بىرەرمۇ ئاياغ زاۋۇتى.
گويا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقتەك
يوغانغىنە ئىككى زاۋۇت بار،
ئىشلىنىدۇ ئېسىل شارابلار.
تاغلىق شەھەر سۆيۈملۈك قىزچاق
كۈلۈپ ـ كۈلۈپ كىرىپ كېلىسەن
يالغۇز ئۇخلاپ قالغان چۈشۈمگە.

مانا مۇشۇنىڭدىن كۆرۈپ تۇرۇپسىز مەن يېزا ـ بازاردىكى كۆرۈنۈشلەرنى بىر ـ بىرلەپ شېئىرغا كىرگۈزگەنىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە سەھرادىكى مەيلى ئېشەك، مەيلى تېزەك، مەيلى باشقىلار تەرىپىدىن ئاسان ئالدىنىپ كېتىدىغان ئاشۇ ساددا دېھقانلار بولسۇن مەن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ۋە مۇھەببەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇلارنى شېئىرىمغا كىرگۈزۈپ باقاي، دەپ شېئىرلىرىمدا يازغانىدىم. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەن دەسلەپكى شېئىرلىرىمدا كۆپلىگەن كىشىلەر ھېس قىلغان لېكىن شېئىردا ئىپادە قىلمىغان نەرسىلەرنى يازغانىدىم. شېئىر قانداقتۇر ئاسماندىكى تىل بولماستىن بەلكى ئەتراپىمىزدىكى ھەممىمىز بىلىدىغان گۈزەل نەرسىلەر. ئەينى چاغدا مەن باشقىلارغا بۇلارنىڭ شېئىرغا كىرىشى بىلەن شېئىر تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرالىغان.

مۇخبىر: ئەينى چاغدا شېئىرلىرىڭىز گۈڭگا شېئىر ۋە ئەنئەنىۋى شېئىر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىپتىكەن. بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟

ئادىل تۇنىياز: مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە يېڭى شېئىرىيەت قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. بىزدىن بىر دەۋر ئالدىدىكىلەر مەسىلەن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پولات ھېۋىزۇللا قاتارلىقلار بۇ خىل شېئىرنى باشلىغان. مەن دەسلەپتە قىزىقىۋچى، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى سۈپىتىدە بىر شېئىرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتۇم. لېكىن كېيىن چۈشىنىكسىز سۆزلەر بىلەن شېئىر يازسام ئۆزۈمنى ئىپادىلىيەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. ئەينى چاغدىكى ئاساسىي سالماقنى ئىگەللىگەن ئۇسلۇبتا شېئىر يازاي دېسەم بۇ ماڭا ناھايىتى كونىلىق تۇيۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ يولىدا ماڭاي دەپ ئۆزۈمنىڭ يولىدا مېڭىۋەردىم. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە مەن سۆز ئويۇنىغا ئەمەس، تۇيغۇمغا ئەگەشتىم. مەسىلەن، بىز يېزا باللىرى كىچىكىمىزدە تالادا ئوينىماقچى بولساق:

«ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۇزۇك تاش
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟»

دەيتتۇق. مەسىلە بۇنىڭدىكى «سۇزۇك» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالساق دەريانىڭ سۇزۇكلىكىدە گەپ يوق، لېكىن تاشنى «سۇزۇك» دېيىش لوگىكا جەھەتتىن توغرا ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەمما تۇيغۇ جەھەتتىن مەيلى قوشاق، مەيلى شېئىردا بولسۇن، قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىمىزنىڭ تۇيغۇسى بويىچە سۇزۇك دېسەك بولىۋېرىدىكەن، ھېلىھەم شۇنداق ئويلايمەن. ئەنئەنىۋى شائىرلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ تىلىمىزنى ياخشى ساقلاپ بەرگەن. تىلىمىزدىكى قاپىيەلەرنى، تىلىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ھەممە نەرسىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن بىزدىن بىر دەۋر ئالدىدا كەتكەن ئاشۇ ئاۋانگارت شېئىرنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىغىمۇ ئېھتىرام بىلدۈرگۈم كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىزگە دادىللىقنى، يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆگەتكەن. مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆزۈمنىڭ قەلبىگە سادىق بولۇپ كېتىۋاتىمەن، دەپ ئويلايمەن.

مۇخبىر: يۇقىرىدا گۈڭگا شېئىر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتىڭىز. ئەينى دەۋردە بەزى كىشىلەر بىزگە ئەنئەنە كېرەك ئەمەس، شېئىر قانچە گۈڭگا، تۇتۇق، قانچە غەلىتە بولسا شۇنچە ياخشى دېگەن ئويدا «مېنىڭ شېئىرىمنى باشقىلار چۈشەنمىسە شۇنچە ياخشى. يەنە 30 يىل، 40 يىلدىن كېيىن چۈشىنىدۇ» دەپ قاراپ ئۆزلىرى ئەسلا چۈشەنمەيدىغان ھەم ئۆزگىلەر تېخىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان بولۇشنى قوغلىشىپتىكەن. بۇلارغا سىز قانداق قارايسىز؟

ئادىل تۇنىياز: مەيلى ياشلار بولسۇن ياكى چوڭلار بولسۇن مەن ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان نەرسىنى يازدىم، مەن غايىۋى نەرسىلەرنى ئىپادىلىدىم دېگەنىنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن ئەگىشىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا قەلبىمىزدىمۇ چۈشىنىش تەس بولغان

تېپىشماقلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئۇشتۇمتۇت سەۋەبسىزلا قەلبىمىزنى غەم بېسىۋالىدۇ، بەزىدە كەيپىياتىمىز ياخشى بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن نەرسىلەر چۈشىنىكسىز. دېمەك، بەزى نەرسىلەرنى شېئىر ئارقىلىق ئەمەس ئۆزىمىزمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز. ئاشۇ ياشلار شېئىرلىرىدا ئىنسان چۈشىنىشكە قادىر بولالمىغان، چۈشەندۈرەلمىگەن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەردىم، دەپ قارىسا خاتا ئەمەس. لېكىن شېئىرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن مەن ماۋۇ نەرسىنى ئىپادىلەيمەن دېسە قېلىپقا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى شائىر شېئىر يېزىلىۋاتقان چاغدا شېئىرغا ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى شائىر ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قايناق ھېسسىيات بىلەن يازىدۇ، ئۇ رومان ئەمەس ئالدىنئالا توقۇۋېلىپ مۇنداق نەرسىلەرنى يازسام دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن چىقىدۇ. مەسىلەن، مەن ئادىل تۇنىياز دەپ شېئىر يازغان بولسام بۇ شېئىرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلىدۇ، مەنمۇ شېئىرنى كىتابخانلارغا تاپشۇرىمەن خالاس.

مۇخبىر: سىزنىڭچە گۇڭگا شېئىرنى يېڭى زامانىنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان شېئىريي شەكلى دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

ئادىل تۇنىياز: شېئىرغا تەرەققىيات دېگەن سۆز كەلمەيدۇ، شېئىر بەلكىم ئاشۇ يەردە، ئىنسانلار باشلانغان ئاشۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن. شائىر بەلكىم ئۇ يەردە يوق، ئىنسانلار يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئاشۇ يەردە يوق. «گۇڭگا» دېگەن سۆز مەلۇم بىر شېئىرى شەكىلگە ياكى مەلۇم ياشتىكى كىشىلەر تۈركۈمىگە تەۋە ئەمەس. ئىنسان ئاشكارا لېكىن شۇنداق دەقىقىلەردە ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان بىر سىر. پىكىرنىڭ ئاشكارا ياكى گۇڭگىلىقىمۇ مۇقىم بىر شەكىلگە ياكى مەلۇم بىر باسقۇچقا مەنسۇپ ئەمەس.

مۇخبىر: بەزىلەر80 ـ،90 ـ يىللاردا يېزىلغان شېئىرلار بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يېزىلغان شېئىرلاردا مەلۇم پەرق، بوشلۇق بار دەپ قارايدىكەن. بەزى جەمئىيەتشۇناسلار بۇنى ئەدەبىياتتىكى ئەۋلاد پەرقىنىڭ ئىپادىلىنىپ چىقىشى، يەنى گۇڭگا شېئىر شېئىرىيەتتىكى ئەۋلاد پەرقىنىڭ ئىپادىلىنىپ چىقىشى، دەپ قارايدىكەن. سىزنىڭچە گۇڭگا شېئىرنى ئەدەبىياتتىكى ئەۋلاد پەرقىنىڭ ئىپادىلىنىپ چىقىشى، دەپ قارىساق توغرا بولامدۇ؟

ئادىل تۇنىياز: بۇ بىر يېڭى ئاتالغۇ ئىكەن، مېنىڭچە بۇنى «ئەدەبىياتتىكى ئەۋلاد پەرقى» دەپ ئاتىساقمۇ خاتا بولماس. مەيلى 80 ـ يىللاردىكىلەر بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر بولسۇن قەلبىمىزدە ھامان بىر بوشلۇق بىلەن ياشايمىز. بىز ھەرخىل ئىشلارنى قىلىپ باقىمىز، لېكىن قەلبىمىزدىكى بوشلۇق ھامان توشمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ھالەت ئەسلىدىنلا مەۋجۇت، 80 ـ يىللاردىكى كىشىلەر 90 ـ يىللاردىكى كىشىلەردە بولسۇن بۇلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا بىر ھالەت بار. بۇ ھالەتنى شائىرلار ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. سازچى ساز چېلىپ شۇ بوشلۇقنى توشقۇزماقچى بولىدۇ. يەنە بىرلىرى بىر ئىش قىلىدۇ، ھەممە ئادەم شۇ بوشلۇقنى توشقۇزماقچى بولىدۇ. لېكىن بۇ بوشلۇق، بۇ ھالەت ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا ئەمەس بەلكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت.

مۇخبىر: ئاڭلىسام ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپتىكەنسىز بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

ئادىل تۇنىياز: شۇنداق، ئەينى چاغدا مەن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرگەن. چەت ئەل تىلىدىن رۇس تىلىنى تاللىغانىدىم. چۈنكى ئەينى چاغدا مەن رۇسىيە شائىرى تەبىئەت كۈيچىسى سېرگىي يېسىنىن شېئىرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتۇم. ئۇ شېئىرلىرىدا رۇس يېزىلىرى ۋە رۇس خەلقىنىڭ قايغۇسىنى شۇنداقلا تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى شۇنداق ياقتۇرۇپ قېلىپ ئىككى يىلچە رۇسچە ئۆگەنگەنىدىم، كېيىن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ باقماقچى بولدۇم. ئاسپىرانتلىقنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەمەس تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنلاردا ئوقۇشنى ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئىمتىھان بەردىم. گەرچە نومۇرۇم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نومۇر سىزىقىدىن يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن مەن كۆزلىگەن مەكتەپنىڭ نومۇر سىزىقىغا چۈشمەي ئوقۇيالمىغانىدىم.

مۇخبىر: ئادەتتە كۆپ قىسىم شائىر، يازغۇچىلارنىڭ تەخەللۇسى بولىدۇ. لېكىن سىزنىڭ تەخەللۇسىڭىز يوق ئىكەن. تەخەللۇس ئىشلىتىشنى ئويلىشىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مەن جايناماز ئۈستىدە قويۇلغان ئىسمىنى، ئىسمىنىڭ مەنىسىنى ئۆزۈمگە ئوخشاش ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا زىنھار تەخەللۇس ئىشلىتىشنى ئويلاپ باقمىدىم.

مۇخبىر: ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن رادىيو ئىستانسىسىدا 14 يىل ئىشلەپتىكەنسىز، كېيىن خىزمىتىڭىزدىن ۋاز كېچىپسىز. مەن ئويلايمەن ئون يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن خىزمەتتىن ۋاز كېچىشتە چوقۇم مۇھىم سەۋەب بارغۇ دەيمەن؟

ئادىل تۇنىياز: بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ سەۋەب بار. بىرىنچىدىن، مەن بىر شائىر ئۆزۈمنىڭ قايناپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېسسىياتىمنى شېئىرلىرىم بىلەن ئىپادىلەيمەن. قەلەم جان بېقىشنىڭ قورالى بولۇپ قالسا بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ رادىيودا ھەر ھەپتىدە ئىشلەيدىغان پىروگراممىلار ئىدى. ھەر ھەپتىدە ئىلھامدىن كەلگەن چىرايلىق سۆزلەر پىروگراممىغا كېتەتتى. شېئىر يازاي دېسەم قۇرۇقدىلىپ قالاتتىم. «ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشقا سەرپ قىلماي جان بېقىشقا سەرپ قىلىۋەتسەم قانداق بولىدۇ» دېگەن زىددىيەت ئىچىدە قالدىم. باشقا بىر ئىش قىلىپ تالانتىمنى شېئىر بىلەن ئىپادىلىسەم بولاتتى قەلەمنى جان بېقىشنىڭ قورالى قىلىۋالسام بولمايتتى دەپ ئۇزۇن ۋاقىت ئويلىنىش ئىچىدە يۈردۈم. ئىككىنچىدىن، دەل ئاشۇ ۋاقىتلاردا ئائىلىمگە سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ «ئۇممۇل قۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى» دىن ئاسپىرانتلىققا چاقىرىق كەلدى. چاقىرىقتا ھەمرايى بىلەن بىللە كېلىش كېرەكلىكى ئېيتىلىپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئائىلەمنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن خىزمەتنى تاشلاشنى قارار قىلدىم. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا خىزمەتكە چۈشكەن تۆت چاسا ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ چاچلىرىمغا ئاق چۈشۈپ كېتەرمۇ؟ بۇ دۇنيا شۇنچە كەڭرى، كۆرىدىغان يەرلەر شۇنچە چوڭ تۇرسا مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟ دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. بىر تەۋەككۈلچىلىك، شائىرغا خاس ياۋايىلىق ئىچىمنى، مېنى قوترىتىپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق ئۈچ خىل سەۋەب بىلەن، ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتىم ئۈچۈن ھەم ئائىلەمنىڭ تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ۋە شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ئەركىن دۇنياسىدا ياشاش ئۈچۈن خىزمەتتىن ۋاز كەچكەنىدىم.

مۇخبىر: يېقىندا سىز تەرجىمە قىلغان «باي ئاكامنىڭ خورجىنىدىكى 68 گۆھەر» دېگەن كىتابىڭىزنى كۆردۇق. سىزنىڭ بۇنداق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشىڭىز تىجارىتىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟

ئادىل تۈنىياز: مەن2006 - يىلى خىزمەتتىن ۋاز كەچكەندىن ھازىرغا قەدەر تىجارەت بىلەن جان بېقىۋاتىمەن. مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن بىر قارا قورساق سودىگەر ئەمەس. چۈنكى مەن دەسلەپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن ئىدارىدىمۇ ئىشلىگەن ئۇنىڭدىن باشقا تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىغا چوڭقۇر چۆككەن. سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغلىرىمدا، بىزدە كارخانىچىلارغا يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، دۇنيا چوڭ كارخانىچىلىرىغا ئوخشاش يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئادەملەر بولسا بولاتتى دەپ ئويلايتتىم. سودا نەزىرىيە سىستېمىسى ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان. بىزدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قورال كىتاب كەم ئىكەن دەپ ئويلىنىپ يۈرگەنىدىم. سودىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم. مەسىلەن «باي دادام نامرات دادام»، «باي دادامنىڭ مالىيە ئەركىنلىكى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇدۇم. ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئۇيغۇرچىدا نەشىردىن چىققان كىتابلاردىن باشقا ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان كىتابلارنىمۇ ئوقۇدۇم. بۇ جەرياندا مەن مۇشۇ كىتابنىمۇ ئوقۇدۇم. بۇ كىتابنىڭ بىزگە ناھايىتى باب كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە ئۇنى تەرجىمە قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىجارەتكە ئائىت باشقا كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى ئۇمۇمەن شۇ كىتابنى ئوقۇپ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى يازغان ۋە كىتابلىرى بازارلىق بولۇپ ئاندىن مىليونېر قاتارىغا قوشۇلغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بولسا توخۇ سېتىپ، بۇغداي - قوناق سېتىپ قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەن. بۇ يېرى بىزگە بەك ماس كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ باي كىشىگە ۋە ئەڭ چوڭ ساخاۋەتچىگە ئايلانغان. شۇڭا بايلىق ئىزدەۋاتقان خەلقىمىز، بولۇپمۇ بايلىق قارىشى يوق زىيالىيلىرىمىز، پۇل تېپىش يولىنى تاپالمايۋاتقان ئادەتتىكى كىشىلىرىمىز ۋە پۇلغا ھېرىسمەنلىكتە روھىي تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويغان بىر قىسىم تىجارەتچىلىرىمىز بىر ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتاب ئىكەن دەپ قاراپ ئۇنى تەرجىمە قىلدىم.

مۇخبىر: يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەرۋايىت ھەققىدىكى شېئىرلىرىڭىزنى ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدۇق. بەزى كىشىلەر سىزنىڭ مەرۋايىت سودىسى قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمىسە كېرەك. سىزنىڭ مەرۋايىت سودىسى قىلىشىڭىزنى شېئىر يېزىش ئۈچۈن دەپ قارىساق بولامدۇ؟

ئادىل تۈنىياز: چەت ئەلگە دەسلەپتە چىققاندا ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئىشلارنى ئۆزىمىز ھەل قىلمىساق بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاستا-ئاستا تىجارەت ساھەسىگە قەدەم قويدۇم. دەسلەپتە مەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىن مال ئېلىپ كەلدىم. بۇ جەرياندا بارا - بارا ئۈنچە - مارجان سودىسىغا قىزىقتىم. جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ مەرۋايىت بازىسى بولغان جېجىياڭنىڭ جۇجى ناھىيەسىگە باردىم. مەرۋايىتلارنى ئەسلى ئۆستۈرگەن قۇلۇلىسىنى كۆردۈم. تىرىك جاندىن مەرۋايىتنى سۇغۇرۇپ ئالىدىكەن. مەرۋايىت ئۆزى شۇنداق گۈزەل بولغىنى بىلەن ئۇنىڭدىن چىقىدىغان پۇراق ناھايىتى چىدىغۇسىز سېسىق ئىكەن. شېئىر يېزىشىم ۋە تىجارەت قىلىشىم باشقا - باشقا يول. لېكىن مەن تىجارەت قىلساممۇ، نەگىلا باراي شېئىرنىڭ كويىدا بولغىنىم ئۈچۈن كېيىنكى مەزگىلدە مەرۋايىت ھەققىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھېس قىلغانلىرىمنى شېئىرلىرىمدا يازدىم.

مۇخبىر: دائىم ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەنسىز، يېڭى مۇھىتقا بېرىپ شېئىر يېزىش ئۈچۈن يېڭىچە ماتېرىيال تېپىشنى ئويلامسىز قانداق؟

ئادىل تۇنىياز: ماكان شائىرغا نىسبەتەن بىر بالىياتقۇ. ماكانىنىڭ ئالمىشىشى شائىر ئۇچۇن زامانىنىڭ ئالمىشىشى، تۇيغۇنىڭ يېڭىلىنىشى، تۇيغۇنى غىدىقلايدىغان ئىلھام. بۇلارنىڭ ئالمىشىشى ماڭا شېئىري تالانتنى بەرگۈچى، مېنىڭ توختىماي ئورۇن ئالمىشىپ تۇرۇشۇم دەل مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ ماڭا نېسىپ بولۇشى دەپ قارايمەن.

مۇخبىر: ئاڭلىشىمچە چەت ئەلدە سەككىز يىل زىيارەتتە بولۇپسىز. بۇ جەرياندا پەقەت تىجارەت بىلەنلا بولدىڭىزمۇ ياكى باشقا ئىشلارنىمۇ قىلدىڭىزمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: سەككىز يىللىق چەت ئەل مۇساپىرچىلىقىدا ئاساسەن تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندىم. 2006 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ 2008 - يىلى 6 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ «ئۇممۇل قۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى» دا ئەدەبىياتنى سىرتتىن ئاڭلىغۇچى بولۇپ قاتناشتىم. بۇ جەرياندا ئامېرىكا ئوبزورچىلىقى، شېئىرىيەت، رومانچىلىق، يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگەندىم. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تۆت يىلدا ئوقۇيدىغان بۇ دەرسلەرگە قاتنىشىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ، ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئەدەبىيات قىسمىنى ئوقۇپ تاماملىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئەللەيىننىڭ دۆلەتلىك كىتابخانىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ، شېكسپىرنىڭ ھەرخىل ئىنگلىزچە كىتابلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭدىن باشقا شۇ كىتابخانىدا بار بارلىق ئىنگلىزچە شېئىر كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. مەيلى مەن دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدا تىجارەت قىلاي داۋاملىق ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويمايمەن. مەن يەنىلا ئۆگەنگۈچى. مەن چەت ئەللەردىمۇ تىجارەت بىلەنلا ئەمەس بەلكى يەنە ئۆگىنىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندىم.

مۇخبىر: يۇقىرىدا دەپ ئۆتتىڭىز، چەت ئەلدە ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىدا سىستېمىلىق تەربىيەلىنىپسىز. ھەممىمىزگە ئايان سىز ئالىي مەكتەپتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا بۇ جەھەتتىن سىستېمىلىق تەربىيەلەنگەنىدىڭىز. بەلكىم ئىككى جايدا تەربىيەلىنىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىڭىز ئوخشىمىسا كېرەك؟

ئادىل تۇنىياز: شۇنداق، بولۇپمۇ ئەدەبىياتتىكى پەرقىقە ھەيران قالدىم. مەسىلەن، مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە شېئىرىيەت دېگەن بۇ دەرسنى تۇرسۇن قۇربان مۇئەللىم بىزگە ئىككى ھەپتە سۆزلىگەنىدى. لېكىن چەت ئەلدە شېئىرنى بىر يىل ئوقۇدۇم. ئوقۇتقۇچىمىز يېرىم يىل يۇنان شېئىرلىرىدىن باشلاپ شېكسپىرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەكىرىپ مەخسۇس شۇنىلا ئۆتتى. مۇئەللىم ئۆزى ئاز سۆزلەيدۇ. ئاساسلىقى بىز تۆت ئوقۇغۇچىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ قويۇپ، مەلۇم شېئىرنى بېرىدۇ شۇنى گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، گۇرۇپپىلار شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ كېيىنكى سائەتلىك دەرسنى ئۆزلىرىمىز ئۆتتىمىز. ئەڭ ئاخىرىدا پىروفېسسور ئۆزى چىقىپ كەم قالغان مەزمۇننى تولۇقلاپ بېرىدۇ. دېمەك بۇ جەھەتتە ئۇلار بىزدىن تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىكەن. مەسىلەن، ئوبزورچىلىق دېگەن دەرسنى ئۆتتى. بۇنىڭدا ناھايىتى سىستېمىلىق ھالدا ھازىرقى دۇنيادىكى ئەدەبىي ئېقىملار، تۈرلەر، ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر قاتارلىقلارنى سۆزلەيدۇ. مەن ئويلاپ باقسام ئالىي مەكتەپتىكى چاغدا ئوبزورچىلىق دەرسنى ئۆتۈپ باقماپتىكەن. دېمەك بۇ جەھەتتە ئۇلار دۇنيا بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭىدىكەن.

مۇخبىر: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «ئالىم شېئىرىيەت خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپسىز. بۇنى سىزنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىڭىزدىن چىقارغان نەزەرىيەۋى يەكۈن دېيىشكە بولامدۇ؟

ئادىل تۇنىياز: بۇنىڭدا مەن ئۆزۈمنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىللىق شېئىرىيەت بورۇلۇشۇمنى نەزەرىيەۋى جەھەتتىن يەكۈنلەپ چىقتىم. بۇنىڭدا مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يېزىۋاتقان شېئىرلىرىمنىڭ ئەمەس بەلكى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يېزىپ چىققان شېئىرلىرىمنىڭ يول بەلگىلىرىنى، يول خەرىتىسىنى يەكۈنلەپ چىقتىم. بىز بىر شائىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تۇرمۇشنى شائىرنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىپ چىقىمىز. مېنىڭ قارىشىمچە ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ناھايىتى تار دەرىجىدە بولۇپ كەتتى. ھەر بىر كەسىپ تەنھالىققا يۈزلەندى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەر بىر ئادەم ناھايىتى تەنھالىقتا قالدى. نۇرغۇن شائىرلار ئاي، يۇلتۇز ھەققىدە شېئىر يېزىشقا باشلىدى. مېنىڭ قارىشىمچە ئىنسانلار بىلەن ئاي، يۇلتۇزلار ئارىسىدا ناھايىتى چەمبەرچاس باغلىنىش بار. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر قۇياشنىڭ ئورنى بىزدىن سەل يىراقتا بولۇپ قالسا بىز مۇزغا ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ئەگەر سەل يېقىنراق بولۇپ قالسا بىز كۆلگە ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بىز ھەر بىر شەخسنىڭ ھەتتە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاسماننى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز ھاياتىمىزنى بەلگىلەيدىغان چوڭ بىر ئالەمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمىز. مېنىڭ «ئالەم شېئىرىيىتى ئېقىم خىتابنامىسى» دېگىنىم ئەمەلىيەتتە بىر خىل دۇنياغا سىرلىق كۆز بىلەن يەنى بىر شائىرنىڭ كۆزى بىلەن بېقىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىلەن ئالەمنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىشى بارلىقىنى، مەيلى ئەخلاق بولسۇن، مەيلى ئەخلاقسىزلىق بولسۇن، مەيلى يادرو ئۇرۇش قوراللىرى بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسىلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى بىۋاستە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، شۇڭا بىز ھەر بىر ئىنسان ئۆزىمىزگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياشىغاندىن باشقا، ھەر بىر ئىنسان

ئىنسانىيەتكە ۋە كائىناتقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك دېگەن بىر ئابستىراكىت يەكۈننى يەكۈنلەپ چىقتىم.

مۇخبىر: شېئىرنى مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. سىز شېئىر يېزىۋاتقاندا ئەمەلىيەتتە مىللەت تۇيغۇسىنى، مەدەنىيەتنى، تەپەككۇرنى ئىپادىلەيدىكەنسىز. سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق بولامدۇ؟

ئادىل تۇنىياز: بىر شېئىر بىر قەلبنىڭ تارىخى. شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ روھىي خاتىرىسى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەن تۇرمۇشنى شائىرنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتكۈچى ھەم ئۇيغۇرنىڭ تۇيغۇسىنى خاتىرىلىگۈچى. مەسىلەن، مەن بىزنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىمنىمۇ بىر خىل شائىرانە ھېسسىيات بىلەن كۆزىتىمەن. مەن خەلقىمىزنىڭ بىر قېرىندىشى تۇغۇلغاندا ۋە ئۆلگەندە قەدىر ـ قىممەت ئىپادىلەنگەن مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ھەر بىر شائىر مەدەنىيەتنى كۆزەتكۈچى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالغۇچى. مېنىڭ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ھەققىدە يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلىرىم بار. يۇقىرىقىدەك بىر مىللەت مەدەنىيىتىنى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ ئۆلۈم ھەققىدە توختىماي تەپەككۇر قىلىشىنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىپ چىقىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىر ـ بىرى بىلەن كارى يوق ئۆتۈپ كەتمەكتە. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىز ئۇيغۇرلار ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدە رېئال تەپەككۇر قىلغۇچى ۋە شۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگۈچى دەپ ئويلايمەن.

مۇخبىر: گېپىڭىزگە قارىغاندا سىز شېئىرىي تەپەككۇر ئارقىلىق مەدەنىيەتنى كۆزەتكۈچى، خاتىرىلىگۈچى ئىكەنسىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاشىقى ئىكەنسىز. سىزنىڭ بەخت قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق بولارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئەڭ بالدۇر قانداق قىلغاندا بەختلىك ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بىر مىللەت دەپ قارايمەن. يەنە ئۇيغۇر بولۇش بىر بەخت ئىگىسى بولۇش ھېسابلىنىدۇ. بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي دۇنيا خەرىتىسىنى سىزىش بىلەن تەڭ بىزنىڭ يەنە بىر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىب مەدەنىيەتنىڭ خەرىتىسىنى بىزگە سىزىپ بەرگەن. يەنى «قۇتادغۇبىلىك ــ بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دېگەندىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانغا بەخت ئېلىپ كېلىدىغىنى ھەقىقىي بىلىم بولىدۇ يەنى بىلىم دېگەن ئىنسانغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ شۇ چاغدا بۇنى تىكلەپ بەرگەن. ھاياتلىقتا رېئاللىقتا بەزى نەرسىلەرنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئانچە زور تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ھەقىقىي بەخت ئالدى بىلەن سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر مىللىتى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن دىنلارنى قوبۇل قىلدى. ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلغان شامان دىنىدىن تارتىپ توختىماي دىن يەڭگۈشلەپ ئاخىرى ئىسلام دىنىدا توختىدى. مېنىڭچە مۇشۇنىڭ ئۆزى بەخت ھەققىدە ئىزدىنىش. ئىنساندا مۇكەممەل بىر بەخت تۇيغۇسى بار، مۇشۇ تۇيغۇنى تاپقانغا قەدەر تۈرلۈك ئىشلار ۋە تۈرلۈك ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ بەخت تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. كۆڭۈلسىز ئىشلارنى كۆرگەندىمۇ ئۆزىگە تەسەللىي تاپالايدۇ، روھىي جەھەتتە قانائەت ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر كۆڭۈللۈك ئىشلارغا ئۇچرىسا ياكى ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا بەخت تۇيغۇسى يېتىپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئەنە ئاشۇنداق ۋاقىتتىمۇ ئۆزىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. چۈنكى بەختنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بىر قەدەر مۇكەممەل بەخت سىستېمىسى بار دېيىشكە ۋە ئۇيغۇر ئىدىيولوگىيەسىنى بەخت ھەققىدىكى ئىدىيولوگىيە دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. ھەقىقىي بەخت سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ئارام تاپقۇزغۇچى ساماۋى نەرسىلەردە بولىدۇ.

مۇخبىر: يېقىندا سىز بېيجىڭدىن شېئىرىڭىزغا بېرىلگەن بىر مۇكاپاتنى ئېلىپ قايتىپسىز. ئۇنىڭدىن باشقا سىزنىڭ تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى، خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشىڭىز ۋە رادىيودا ئىشلىگەن بەزى پروگراممىلىرىڭىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن خەۋەر تاپتۇق. ئەسەرلىرىڭىزنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

ئادىل تۇنىياز: ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شان ـ شەرىپىدىن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ شەخسىي مۇكاپاتلىرىمنى ئۆتمۈشكە تەۋە ئەخلەت دەپ قارايمەن. شۇڭا بۇ ھەقتىمۇ كۆپ سۆزلىگۈم يوق. ئەڭ مۇھىمى بىز ئاۋۋال ئاتا ـ بوۋىمىزدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بىز مانا مۇشۇنداق ئاق سۆڭەكنىڭ ئەۋلادى. ئۇلار ئەينى چاغدىلا بەختنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بېرەلىگەن، ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى ياراتقان، بۇنى ھەر بىرىمىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي مۇكاپاتلىرىدىن ئانچە پەخىرلىنىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇنى دۇنياغا سېلىشتۇرغاندا ئىنسانىيەتكە سېلىشتۇرغاندا، بىز بىر توپىغا ئوخشىغان ئادەم، ماختاش، كىبىر بىزگە ياراشمايدۇ دەپ ئويلىشىمىز كېرەك. ئۆتۈپ كەتكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئارقىغا تاشلىۋېتىپ تېخىمۇ يۈكسەك پەللە يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

مۇخبىر: ئەينى چاغدا بېيجىڭغا بېرىپ مۇكاپاتنى ئېلىپ قايتىدىغان چاغدا شەرەپ گۇۋاھنامىڭىزنى تاشلاپ قويۇپ

كەتمەكچى بولۇپتىكەنسىز ھە؟

ئادىل تۇنىياز: شۇنداق ئەينى چاغدا كىتابلارنى بەك كۆپ ئېلىۋېتىپتىكەنمەن. ئايروپىلانغا پەقەت 20 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى نەرسىلەرنى ئالغانلىقتىن ئۇنى قويۇپ كېتىشنى ئويلىغانىم. بالامنىمۇ ئېلىپ بارغانىدىم قارىسام سومكىلار كىتابلار بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ. شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى سالىدىغان يەر قالماپتۇ. ئوغلۇم تەقدىرنامىنى مېھمانخانىغا قويۇپ قويايلى دېسەم ئوغلۇم «سىز مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن تۇرسىڭىز بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ» دەپ ئۇنىماي قويىدى. «مەن ئەزەلدىن مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ساقلىمايمەن. ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسى ئەخلەتكە تەڭ» دېسەم ئوغلۇم ئۇنىماي ئۇرۇمچىگە قايتقۇچە ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلدى.

مۇخبىر: 2002 ـ يىلى «ئۈچىنچى ئايغا كىرىش» ناملىق ئۆزىڭىز ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان شېئىرىڭىز «شېئىرىيەتنىڭ ئاۋازى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىغا تاللىنىپتۇ. يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن تاللىنىدىغان بۇ شېئىرلار توپلىمىغا شېئىرىڭىزنىڭ كىرگۈزۈلىشى ھەممىمىزنى ھاياجانغا سالغانىدى. ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپتۇ. بىزنى يەنە مۇشۇنداق ھاياجانلاندۇرۇپ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇتۇش خىيالىڭىز بارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مەن شېئىر يازغاندىن باشقا يەنە ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىمۇ دۇنيا تونۇسىكەن دەيدىغان بىر ئارزۇ بىلەن ياشىغان. بىزنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزمۇ ئادەتتىكى شېئىرىيەت ئەمەس. كۆچ ئۇلاپ مېڭىش مۇسابىقىسىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پەللىسى خېلى يۇقىرى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر پىرامىداغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يۇكسەك چوققىسى دۇنيا شېئىرىيىتىگە يېقىنلىشىشتۇر. مۇشۇ جەھەتتىن بىزنىڭ تەرجىمانلار قوشۇنىمىز ۋە چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. شۇڭا بۇ ئىشنىمۇ يەنىلا ئۆزىمىز قىلساق بولىدىكەن دەپ مەن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئىزچىل ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. شۇ چاغدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر بىر كۈن ئىنگلىز تىلىنى تاشلاپ قويغان كۈنۈم يوق. ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىر قۇر بولسىمۇ ئىنگلىزچە ماقالە يادلايدىغان ئادىتىم بار. بىز ئۆزىمىزنى بىر ئىشقا بېغىشلىغان ئىكەنمىز ئاشۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىشىمىز كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن مەن داۋاملىق تىرىشىۋاتىمەن. ئىنگلىزچە شېئىرلارنىمۇ يېزىۋاتىمەن. مېنىڭ غايەممۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى دۇنياغا تونۇلسا بۇ ئارقىلىق بۇ قەدىمىي مىللەت دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتسا دەپ ئويلايمەن.

مۇخبىر: شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغىلى 30 يىلغا يېقىن بوپتۇ. بۇ جەرياندا سىز ئۆزىڭىز قايسى شېئىرلىرىڭىزنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى دەپ قارايسىز؟

ئادىل تۇنىياز: بۇ ھەقىقەتەنمۇ جاۋاب بېرىش قىيىن مەسىلە بولدى. بۇ مەندىن تۆت ئوغلىڭىزنىڭ ئىچىدە قايسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز دەپ سورىغاندەكلا بىر ئىش. مەن ھەممىسى مېنىڭ ئوغلۇم، مەن ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمەن دەپ جاۋاب بېرىمەن. شۇنىڭغا ئوخشاش شېئىرمۇ مېنىڭ پەرزەنتىم، مەن بۇ پەرزەنتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن دەپ دېيەلمەيمەن. مەن ھەممە شېئىرىمنى ياخشى كۆرىمەن. شېئىرلىرىمنى ھەر قانداق بىر كىتابخاندىن بەكرەك ياخشى كۆرىمەن.

مۇخبىر: ئاڭلىسام يېزىپ پۈتتۈرۈپ قويغان شېئىرلىرىڭىزنى پىنھان تۇتۇشنى خالايدىكەنسىز، شېئىر يېزىش ئاشكارا پائالىيەت. شېئىر يازغانىكەن ئۇنى ئېلان قىلىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش كېرەك. سىزنىڭ بۇ ئىشنى يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىۋېلىشىڭىز كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ.

ئادىل تۇنىياز: شېئىر مېنىڭ قەلب سىرىم، سىرىمنى باشقىلارغا دېگۈم كەلمەيدۇ. ھەممە نەرسەمنى تاشتا ساقلىغاندەك چىڭ ساقلىغۇم كېلىدۇ. ئەمما مۇھەببەت قەلبنى پاش قىلىۋېتىدۇ. شېئىرغا بولغان مۇھەببەتنىڭ چەكسىزلىكىدىن ئىچىمدىكىنى تۆكۈۋەتمەي ئامال يوق، ماڭا شائىر بولماي ئامال يوق.

مۇخبىر: «نۇر ۋە قەلەم» دىن باشقا يەنە بىر كىتابخانا ئېچىۋاپسىز. كىتابخانىدا كىتاب سېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپمۇ قالىمىز. كىتابخانا ئېچىشىڭىزنىڭ باشقا سەۋەبى بارمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەئۇدىي ئەرەبىستاندا بولۇپ تىجارەت قىلىپتىمەن. قايتىپ كەلگەندە سىرتتا قىلغان سودىنى بۇ يەرگە سۆرەپ كىرگىلى بولمايدۇ، ئۇ يەردىكى سودا بىلەن بۇ يەردىكى سودا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن قېيىنئاتام مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە مەسلىھەتى بىلەن ئۆزۈم ئەڭ بىلىدىغان سودىنى قىلاي دەپ بۇ كىتابخانىلارنى ئاچتىم. گەرچە مەن كىتابخانىدا ئۆزۈم ئولتۇرمىساممۇ لېكىن كىتاب كىرگۈزىدىغان ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن. بۇ جەرياندا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولدى. بەزىدە ئاتا-ئانىلار كىچىك بالىلىرىنى يېتىلەپ كىرىپ كىتاب ئالسا، بەزىدە قۇچىقىدا بوۋىقىنى كۆتۈرگەن ئاياللار كىرىپ كىتاب سېتىۋالىدۇ. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىمەن. ئۇلاردىن خۇددى مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولىمەن. كىتابخانىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىتابنى جەمئىيەتنىڭ بىر روجىكى دېسەك مېنىڭ ئەڭ ھېس قىلغىنىم خەلقىمىز دىنىي كىتابنى سېتىۋالغاندىن باشقا ئۇنىڭدىن قالسا دىداكتىك پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك كىتابلارنى ناھايىتى كۆپ سېتىۋالىدىكەن. دېمەك خەلقىمىز ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئاجىزلىقنى يېڭىش ھەققىدىكى، ئەخلاقلىق ئادەم بولۇش ھەققىدىكى كىتابلارنى سېتىۋالىدىكەن. شۇنىڭغا قاراپ يەنە بىر يەكۈنگە كەلدىم، بىزنىڭ خەلقىمىز ناھايىتى ئۇلۇغ خەلق ئىكەن. مۇشۇنداق ماددىي مەئىشەت ئۈچۈن ھەممە كىشى كۆرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە روھىي جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇشقا قىزىقىدىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ خىل روھ باشقا مىللەتلەردىمۇ ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ دەپ تولىمۇ سۆيۈندۈم.

مۇخبىر: يۇقىرىدا دەپ ئۆتتىڭىز شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنسىز، «شىنجاڭ ياشلىرى — تەپەككۇر» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپلىك ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى بولۇپسىز. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشتىكى ئىشلىرىڭىزنىمۇ قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. بۇ جەرياندا ۋاقىتلىرىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدىڭىز؟

ئادىل تۇنىياز: ئەگەر ئادەمنى نۇسخىلاش ماشىنىسى بولغان بولسا مەن ئۆزۈمنى نۇسخىلىغان بولاتتىم. ئۆزۈمنى ئاز دېگەندىمۇ تۆت نۇسخا قىلىپ بىر ئادىلنى مەخسۇس ئائىلىمىزنىڭ شوپۇرلىقىغا سالاتتىم، يەنە بىرسىنى ماڭ پۇل تېپىپ كىر دەيتتىم. ئۈچىنچى ئادىلنىڭ قولىغا پاسپورت تۇتقۇزۇپ، خوتۇن ـ باللىرى بىلەن ئامېرىكىغا ئۈچ يىللىق ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە ئەۋەتەتتىم. تۆتىنچى ئادىل ماڭا قالاتتى، ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز شېئىر يازغىلى سالاتتىم. لېكىن ئادەم ئاجىز يارىتىلغان ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىمەن. باللارنى مەكتەپكە ئاپىرىش، ئېلىپ كېلىش، ئاندىن دۇكاننىڭ ئىشلىرى، تۆۋەنگە كىتاب سېلىپ بېرىش، يېزىقچىلىق، «شىنجاڭ ياشلىرى — تەپەككۇر» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى ئىشلەش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلمىسام بولمايدۇ. ۋاقىت ھەقىقەتەن كەم نەرسە. مەن كۈندۈزلىرى دۇنيا ئىشىنى، تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلىمەن. ئىجادىيەتنى كەچلىرى ئېلىپ بارىمەن. كۈندۈزلىرى نۇرغۇن نەرسىلەردىن ھاياجانلىنىمەن ئۇلاردىن ئىلھام كېلىدۇ. چۈنكى مەن دائىم قورالىنى بەتلەپ تۇرغان ئوۋچىغا ئوخشايمەن. قەيەردىن بىر شېئىر كېلىپ قالاركىن دەپ شېئىر ئىزدەپ ماڭىمەن. گەرچە مەن باشقا ئىش قىلىۋاتقان بولساممۇ بۇنىڭ بىلەن ھاياجىنىم يىغىلىپ تۇرىدۇ، ھاياجان بىرەر رەڭ، بىرەر سۆز سۈپىتىدە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخشىمى شۇ ئىلھام ئاساسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

مۇخبىر: چەت ئەللەردە ئۇزاق مەزگىل تۇرۇش جەريانىدا باشقا تۈركىي مىللەتلەر بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇرۇپسىز. سىزنىڭچە باشقا تۈركىي مىللەتلەر بىلەن بىزدە قانداق پەرقلەر مەۋجۇت ئىكەن؟

ئادىل تۇنىياز: مېنىڭ قارىشىمچە دۇنيادا ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق. مەيلى باشقا جەھەتتىن قانچىلىك پەرقلىق بولسۇن ياكى ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىسۇن، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق دەپ ئويلىساق بولىدۇ. لېكىن خاراكتېر جەھەتتە پەرق بولىدۇ. خاراكتېر جەھەتتە مىللەت بىلەن مىللەت ئارىسىدىلا ئەمەس بەلكى بىر ئائىلە ئىچىدىكى قېرىنداشلاردىمۇ پەرق بولىدۇ. بىر توپ تۈركۈمنىڭ يەنە ئايرىم خاراكتېرى بولىدىكەن. مەن سودا ـ سېتىق قىلىش جەريانىدا تۈرك، ئۆزبېك، پارس، ئەرەبلەر بىلەن ئۇچراشتىم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ مىللەتلەردە ئۆزلۈك ئېڭى، قوپاللىراق قىلىپ ئېيتقاندا شەخسىيەتچىلىك ئېڭى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدىكەن. مىللىتىمىزدە شەخسىيەتچىلىككە قارىغاندا مېھرىبانلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق ئىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە ئۆزى ئەمەس ئىنسانىيەت بار دېگەن يەكۈنگە كەلدىم.

مۇخبىر: ئاڭلىسام ناھايىتى ئوماق تۆت ئوغلىڭىز بار ئىكەن. ئوغلىڭىزنىمۇ شېئىر بىلەن تەربىيەلەش خىيالىڭىز بارمۇ؟ ئاڭلىسام چوڭ ئوغلىڭىز شېئىرغا بەك قىزىقىدىكەن ھە؟

ئادىل تۇنىياز: مەن ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىمەن. ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى بەك كىچىك چىقارغان. چوڭ ئوغلۇم ئىمران 1 ـ يىللىققا كىرىدىغان چېغىدىلا 300 دەك كىتاب ئوقۇپ بولغان. مېنىڭ ئۆزۈمچە بولغاندا باللىرىمنىڭ بىرەرسىنىمۇ شائىر قىلغۇم يوق ئىدى. چۈنكى شائىرلىق رېئاللىقتا ئەمەس ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ياشاش، ئىچكى ئاۋازىغا قۇلاق سېلىش دېيىلىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا كۆپىنچە ھاللاردا شائىرلىق خاراكتېرىم بىلەن كىشىلەر توپىدىن، مۇناسىۋەت تورىدىن، جەمئىيەتتىن دائىم ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. شۇڭا ئوغلۇمغا شائىرلىقنىڭ مۇشەققەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، باشقىلارغا ئوخشاش نورمال ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرەجلەرنى تارتىدىغانلىقىنى، شائىر بولماسلىقنى ئېيتتىم. لېكىن چوڭ ئوغلۇم قانداقتۇر شېئىرغا قىزىقىدۇ. ئۆزى شېئىرنى بەكمۇ ئوقۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن كىچىكىدىنلا تۇيغۇسىدا قانداقتۇر توساتتىنلا بەزى مىسرالار، ئاڭلىمىغان يېڭى ـ يېڭى گەپلەر ئېسىگە كېلىۋاتاتتى. ئەمدى ھازىر

قارىسام توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھاياتىي كۈچ بىلەن شېئىر يېزىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۆزى شائىرلىقنى تاللىسا مەن توسمايمەن.

مۇخبىر: مەن ئويلايمەن شائىر ناھايىتى ھېسسىياتچان ۋە نازۇك كېلىدۇ. ئۆزىڭىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىڭىزدەك رېئاللىقتىكى بەزى كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان ئاۋاز ۋە پۇراقلارمۇ شائىرنىڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىسا كېرەك. ھېسسىياتچان بىر شائىرنىڭ رېئاللىقتىكى ئۆزى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشى ئاسانغا چۈشمىسە كېرەك. سىز بىر پىشقان شائىر شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىز بىر تىجارەتچى. ئالدىنقىسى ھېسسىيات قوغلىشىپ ئۆز ھېسسىياتىدا ياشىسا، كېيىنكىسى كۆز ئالدىدىكى رېئال تۇرمۇشقا باقمىسا بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئويلاپ باقساق سىزنىڭ بۇ ئىككى ئىشنى رەڭ قىلىشىڭىز سەل زىددىيەتلىكمۇ قانداق؟

ئادىل تۇنىياز: سىز دېگەندەك شائىر بىر ئادەم، ئۇنىڭمۇ قورسىقى ئاچىدۇ، بالىلىرىنى باقمىسا، تىرىكچىلىك قىلمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ھامان بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىنكى مەزگىلدە تىجارەتنى تاللىۋېلىشىم تىرىكچىلىكتىن بەكرەك شېئىرنى ئويلىغىنىم. چۈنكى بىر شائىرغا نىسبەتەن ئەركىن مۇھىت بولمايدۇ. بەزىدە كېچە ـ كېچىلەپ شېئىر يېزىپ كېتىپ، ئەتىسى ئىشقا بارالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەن شائىرلىقنى تاللىدىم، شائىرلىقنى تاللىشىم تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق بولۇشىنى تاللىدى. چۈنكى تىجارەتتە سىز ئۆزىڭىزنىڭ پۈتۈن ۋاقتىڭىزغا ئۆزىڭىز ئىگە، ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتىنى ئۆزىڭىز ئورۇنلاشتۇرالايسىز. ئىلھام كېلىپ دەرھال شېئىر يازالايسىز. يەنە بىرى شائىر دېگەن بىر نازۇك تۇيغۇدىكى ئىنسان، بەزىدە كېتىۋېتىپ ھېچكىم دىققەت قىلمىغان بىر قەغەز پارچىسىمۇ، ياكى بىر تال يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ شائىرنى ھاياجانغا سالالايدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ قەلبى دائىم ئويغاق. روھىي دۇنياغا قارىغاندا ئىچىدە ياشايدىغان بولغاچقا، ھەممە ئادەم شاۋقۇن-سۈرەندە ھېچنېمىنى ئاڭلىمىسا شائىر كىچىككىنە بىر ئۆزى دىققەت قىلغان ئاۋاز بىلەن شېئىر يېزىپ كېتىشى مۇمكىن. كۆپلىگەن شېئىرلىرىمدا بەزىدە ئاۋازدىن، بەزىدە پۇراقتىن، بەزىدە بىرسىنىڭ يالتىتىدە ماڭا قاراپ قويۇشىدىن ھاياجان قوزغىلىپ، پارتلاپ كېتىپ شېئىر يازىدىغان چاغلىرىممۇ بولغان.

مۇخبىر: ھەمراھىڭىز نەزىرە مۇھەممەد سالىھنىڭمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئىلگىرى ئۆزىڭىزمۇ شېئىرلىرىڭىزنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى ئايالىڭىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدىڭىز. ئويلاپ قالدىم، ئەر-خوتۇن ئىككىلىڭلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلار بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ياردىمىدىن تەكلىپ ـ پىكىرلىرىدىن ئايرىلمىسا كېرەك؟

ئادىل تۇنىياز: ئايالىم تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى يازىدۇ. مەن شېئىر يازىمەن. ئىككىمىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى تامامەن ئوخشىمايدۇ. تەتقىقاتقا ھامان ئەقلىي تەپەككۇر لازىم بولىدىكەن. ئايالىم ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ. مېنى ئاسماندىن چۈشكەننى يازىسىز دەيدۇ. ئالدىمدا بىر پارچە قەغەز بىلەنلا يازىمەن. كۆپىنچە ئەسەرلىرىمنى يېتىپ تۇرۇپ يازىمەن. مەن شۇ بىر پارچە قەغەز بىلەن ئاسماندىن چۈشكەن نەرسىلەرنى يازىمەن. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن دائىم پىكىر بەرگۈچى يېقىن ھەمراھلار. لېكىن تۇتقان يولىمىز جەھەتتە ئوخشىمايدىغان پىكىر قىلغۇچى، ئوخشىمايدىغان ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

مۇخبىر: يېقىندا ئۈندىدارلاردا، تورلاردا «ئادىل تۇنىياز يىتىپ كەتتى» دېگەن تېمىدا بەس ـ مۇنازىرە تارقالدى، مەن مۇشۇ قىزىق نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا سىزنىڭ شېئىرىيەت ۋە مەدەنىيەت كىملىكى ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام.

ئادىل تۇنىياز: ھەببەللى، ياغدەك گەپ قىلدىڭىز، مەنمۇ تور سادالىرىدىن كېيىن ئاغزىمنى ئۆمەللەپ بىر نېمە دەي، دەپ تۇرغانتىم. ئاۋۋال بىز بۇ رەسمىي مەتبۇئاتتا «ئادىل تۇنىياز يىتىپ كەتتى» دېگەن شېئىرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى بىر كۆرەيلى، ئاندىن تېمىغا ئۆتەيلى.

## ئادىل تۇنىياز يىتىپ كەتتى

**ئادىل تۇنىياز**

بۆرۈنمۇ يىتكەن يەنە يىتتى،
كىملىكى يوق ئادىل تۇنىياز.
دۇنيانى ئۇنتۇغاچ شېئىرى پۈتتى،
ياز يېشىل يازماقتا، قىزىل سۈنى ياز.

تەڭ يىتتى پىراۋىسى،
ئادىلغا دەڭ، چىقىپ ئولتۇرسۇن،
ئۆزى ئوت ئالسۇن ماشىنىسى.
زاپچاسلىرى ساق ئورنىدىن تۇرسۇن،
قېنى ياق دېگەن، جېنى يوق كىشى؟

ئادەملەر توپىدا يالغۇز بىر شائىر،
ئۆزىنى يىتتىردى كۈتمىگەندە.

www.uyghurkitap.com



ھېلىمۇ ياخشى،
ئۇنىڭ مىللىتى يېتىمگەندە
ئوغرىمۇ ياخشى،
توغرىمۇ ساقچى؟
بىر جاننى ھەممىمىز ساقلىماقچى،
يانچۇقچى ئالسىمۇ پورتمالنى
شائىر ئۆز خەلقىنى ئاقلىماقچى،
مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پادىشاھى دەپ.

ئالەم يوق ئىدى، بارلىقى پاكىت،
ئادەم يوق ئىدى، بار بولدى يوقتىن.
بارلىقىمىزغا ئىزدەيمىز شاھىت،
مۆھۈر، قەغەز، ئاش - نان يا ئوقتىن.

مېنى مەن دەپ بىلگەنگە رەھمەت،
مەن ھەقىقەت بىراق ئىسپات يوق.
كىملىكىمنى تېپىپ بەرگەنگە رەھمەت،
ئۆزۈمنى ئىزلەپ قالسام ئۇشتۇمتۇت.
دەرەخ ئاستىدىن
مېنى تېپىۋالغان قىزلارغا
سۆيۈنچەم دەرەخ ئۈستىدىكى ئاي،
ئاستىمىز ھايۋان، ئۈستىمىز ئىنسان،
ئۈستىمىزدە بار تۈۋرۈكسىز ئاسمان،
ئويلاڭلار، ئىزدەڭلار، مەنمۇ تەك تاپاي!

ئۈچ كۈن بولدى ئىش - كۈشۈم ئۆلدى،
كۆڭۈل تېلېفونۇم جىرىڭلاپ تۇرار،
13******135
«تېپىۋالدىم» دەپ كىم تېلېفون ئۇرار؟

يېتكەن نەرسىلەر نەگە كەتتى؟
ئاسمانغا ياكى يەرگە كەتتى.
بىر يىگنە يېتمەس، يېتمەس ھېچ ئىنسان،
ئادەم كۆزىدە ئالەمگە باقسام.

2015-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى، ئۈرۈمچى.

مۇخبىر: بۇ شېئىرىڭىزنى ئەدەبىي ئەسەر دەپ چۈشىنىمىزمۇ ياكى رېئاللىقمۇ؟

ئادىل تۇنىياز: مېنىڭ ھاياتىم شېئىردىن توقۇلغان رېئاللىق، شېئىرىم رېئاللىقتىن قايتىپ چىقىۋاتقان ئەپسانە، ئاسمان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا، قەلب رېئاللىقى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ياڭراۋاتقان ئاۋاز، بىز ئەكس سادا. مەن تىرىكچىلىك يوللىرىدا چېپىپ يۈرۈۋاتقاندەك، ئەمما قەلبىم ھەركۈنى داۋاملىشىۋاتقان شېئىرىيەت سەپىرىدە. شېئىر ئۈچۈن ئىشتىن، ئادەملەردىن يالغۇزمەن، ئۆيدە بالا - چاقىلىرىم بىلەن تۇرۇۋاتقاندىمۇ، كوچىدا كىشىلەر توپىدا يۈرۈۋاتقاندىمۇ شېئىر ئۈچۈن ھەرجايدا يالغۇزمەن، بۇ يۈيۈك يالغۇزلۇق تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق دېتاللىرى بىلەن شېئىرىمنى باغلاپ تۇرىدۇ.

مۇخبىر: ئۇنداقتا سىزنىڭ كىملىك يىتتىرىش ئىشىڭىزنى ھەم رېئاللىق ھەم تېخىمۇ زور مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان، مەۋجۇتلۇق ھەققىدىكى جۇغلانما تەپەككۇرنىڭ، شېئىرىي ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسى دېسەك بولىدىكەندە؟

ئادىل تۇنىياز: كىملىك مۇشۇ دەۋردىكى ھەر بىرىمىزگە قويۇلۇۋاتقان ئەڭ چوڭ سوئال، كىملىكنى يىتتىرگەن ئادەمنىڭ سالاھىيىتى بولمايدۇ، ئۆز سالاھىيىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىدە بۈيۈك روللارنى ئالغان قەدىمىي مىللەتلەر بۈگۈنكى كۈندىكى يەر شارى كەنتىنىڭ نوپۇس دەپتىرىدە يېڭى خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بۇنى ھەر بىر زىيالىي، ھەر بىر مەدەنىيەت ئىگىسى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشى كېرەك. بۇ بەلكىم سىزنىڭ، مېنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ تاللىشى بىلەن بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما تارىخنىڭ بۇرۇلۇش يىللىرىغا كەلگەندە باشقىلارغا قارىغاندا ئالدىنئالا پىلانلىغان مىللەتلەرنىڭ، ئىدىيەۋى تەييارلىقى بولغان شەخسنىڭ تەقدىرى ۋە ئوينىغان رولى ھامان ئۆزگىچە بولغان. مەن ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان كىشىلەر توپىدا شېئىر ئارقىلىق كىملىك ئىزدىگۈچى مەن!

مۇخبىر: پات يېقىندا ئوقۇرمەنلەرگە يەنە يېڭى سوۋغاتلارنى سۇنماقچى بولۇۋېتىپسىز. بۇ ھەقتە ئۇچۇر بېرىپ ئۆتەمسىز؟

ئادىل تۇنىياز: شائىر ئۈچۈن ئەڭ يېڭى ئۇچۇر بىر شېئىرنىڭ ئىلھامى. پات ئارىدا ئەگەر ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولسا يەنە بىر قانچە شېئىر كىتابلىرىم چىقىدۇ. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۆتمۈشكە تەۋە. يېڭىدىن شېئىر يازسام بولاتتى دەپ ئويلايمەن.

مۇخبىر: بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئېلىپ بېرىلدى. ئارقىڭىزدا تۇرۇپ سىزنى ھەر ۋاقىت قوللاپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىشقا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ۋە سىزنى تەربىيەلىگەن كىشىلەرگە چوڭقۇر رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. بولۇپمۇ سىزنىڭ بۈگۈنكىدەك پىشقان شائىر بولۇپ چىقىشىڭىزدا تەلىم - تەربىيەنى ئايىمىغان دادىڭىزغا ئالاھىدە تەشەككۈرىمىزنى يوللايمىز.

ئادىل تۇنىياز: سىلەرگىمۇ كۆپ رەھمەت.

(سۆھبەتلەشكۈچىلەر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتى ئاخبارات 2011 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى)



تۇرسۇن مەھمۇت

# دەرۋازا

(ھېكايە)

شامالـلىق ئەتـىياز كۈنـلىرىـنىڭ بىرىـدە قويايـمۇ ـ قويمـايمۇ، دېگـەندەك قىـسقا قويـۇۋالغان ساقـىلىغا ئـاق ئارىلىغان بىر كىشى ئۇھ تارتقىنىچە «شۇ قېتىم ھارۋا ئۆرۈلۈپ كەتمىگەن بولسا كېيىنكى ئىشلار يۈز بەرمـىگەن بولاتتـى»، دەپ ھەسرەت قىلغاندا مەن ئانچە ئېرەنسىپ كەتمىگەنىدىم، بۇ كىشىنىڭ تۇرقى زوْرۇر بولمىسىمۇ كۆزەينەك تاقىۋالدىغان ئادەملەرگە ئوخشاپمۇ كېتەتتى. ئۇنـىڭ ئاھاڭى مېنى بىـزار قىـلىپ قويـدى، ئـېشەك ھـارۋـىسى ئۆرۈلـۈپ كـەتكـەنـنى ئۇنتۇمـىغان بۇ ئادەمـگە قاراپ مېنىڭ دەرۋازا ھەقـقىدىـكى ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇمىغانلىقىمنـى بەك يامان، دەپ كـەتكىلـى بولمايدىغاندەك قـىلدۇ، ئـۇنىڭ يېقىمسىـز تۇرقـىنى خيـال قىلىۋېتىپ يەنە بىر نەچچە ئادەمنى ئەسلەپ قالدىم، ئۇلارنىڭ تۇرقى، ئاۋازى يـادىمغا يـەتتى. ئۆتـكەن كۈنلـەر بىلەن شۇ كۈنلەردىـكى ئىشلار ساينىـڭ تېشـىدەك كۆزگە تاشلىنـىدۇ، ساينىڭ ھەر بىر تېشىنىڭ ئۆزىنىڭ رەڭگى، شەكلى، ئۆتمۈشى بولىسمۇ تونۇپ بولماق مۇمكىن ئەمەس، ئۆتمۈشۈمنىڭ ھـەر رەڭ، ھەر شەكـلدىكى پـارچىلـىرى يېيىـلىپ ياتـقان سايـغا، دەريا بويىغا، قىقىرلىققا ئوخشايدىغان ئەسلـىملىرىـم پايانـىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن دەملىرىمدە دەرۋازا، ئىسمائىلباي، سەلىم




دوختۇرلارنى ئويلاپ قالىمەن، مامۇت تۆت كۆزنى، ئۇنـىڭ تەبـەسسۇمـىنى خيـال قىلـىپ قالـىمـەن، مامۇت تـۆت كۆز ھېچقانداق سوئالىمغا جاۋاب بەرمىگەن، ئۇ مـاڭىلا ئەمـەس، ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق سـوئالىغـا جاۋاب بەرمـىگەن بولۇشـى مۇمكىن. ياسىن بوغالتىر، قاسىم زاپخوز ئىككىسىنىڭمۇ نۇرغۇن گـەپلىرىـنى ئۇنتۇپ كەتتىم، مامۇت تۆت كـۆزنى ئەسـلەپ قالىدىغانلىقىمنى، كېيىنكى ئىككىسىنىڭ گەپلىرىنىڭ جىقلىرىنـى ئۇنتۇپ كـەتكەنلىـكىمـنى ئۇلارنـىڭ ھېچقـايىسى بـىلمەيـدۇ، ئۇشتۇمتۇت يادىمغا يەتكەن ئويۇمچە، سېھىرلىك تاڭ سەھـەر بىلەن ئـويچان ھەم ھـارغىن گـۇگـۇم دەمبەدەم ئـالمىشـىپ تـۇرىدىغان تـىلسـىملىـق دۇنـيادا روھ بـىلـەن روھ سىرلـىق تەرزدە ئۇچرىشىپ، باغرىلىشىپ يا بولمىسا بىرى يەنە بىرىنى نېرىغا ئىتتىرىپ يۈرۈشىدىغاندەك قىلىدۇ.

— مامۇتكا.

مەن چـاقىرغانـدا مامۇت تۆتـكۆز قولـتـۇقىغا ژۇرنـال قىستۇرۇپ كېتىپ باراتتى.

— مەن بىـلـمەيـمـەن، — دېـدى مامـۇت تـۆت كـۆز دەرھاللا، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرى ئارىسىغا قىـزىل رەڭلىـك يىغلامسىراش مەھكەم قىسىلىپ تۇراتتى.

— نېمىنى بىلمەيسىز.

— ھېچنېمىنى.

ئېچىغان سۈتنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغان بـىر تۇيغۇ بېشىمنى قايدۇردى.

مەن ئۇنـىڭدىن ئـىسمـائـىلبـاي، ئـۇنىڭ دەرۋازىـسـى،

www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ دەرۋازا ھەم شۇنىڭغا چىتىش ئىشلارنى سورىماقچى بولسام كېرەك، بىر ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە بىرسىدىن سوراش ئادەت.

كونا خىياللىرىم يەنە تەكرارلاندى... دەپ بولغان گەپنى يەنە دەيدىغان، ئۆتمۈشىنىڭ، بۈگۈنىنىڭ، ئەتىنىڭ بەزى خىياللىرى ئۇدا ئىسىگىدىن كېچىپ قالىدىغان چاغلار بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى ئىشلار ئۆزۈنىغىچە كىشىنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ، ئۇنتۇپ كېتىمەن، دەپمۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، بەزى ئىشلار ناھايىتى تېزلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، يادىمدا ساقلايمەن دەپمۇ ساقلىغىلى بولمايدۇ. ھەممەيلەن ئەسلىمە ئىچىدە ياشايمىز، ئەسلىمە ئۆتكەن ھاياتنىڭ خاتىرىسى. بۈگۈنىمىزمۇ ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئەتىمىزمۇ ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ كۈنىمىز، ئاي ـ يىللىرىمىز، باشقىلارنىڭ ئۆمرى، ئاي ـ يىللىرى ھەممىسى ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، مۇنداقچە دېگەندە ھايات ئاخىرى ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئاخىرقى مەنزىل ئەسلىمە. ئەسلىگۈدەك كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر بولمىسىمۇ بولمايدۇ. بەزىدە ئەسلىمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەر كىشىنىڭ ئېسىدىن كېچىپ بىزاۋىتە قىلىپ قويىدۇ. بەزىدە شېرىن ئەسلىمىلەر يادقا كەلمەي بىئارام بولۇپ قالىمىز.

مامۇت تۆت كۆزنىڭ چۆچۈشلىرى بىلەن سەل بوغۇق ئاۋازى شەكلى ھەم رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر يۈرەكنىڭ قارامشۇل تىنىقلىرىنى يوشۇرماقچىدەك قىلاتتى.

ھەيۋەتلىك دەرۋازىلارنىڭ يېڭىدىن ياسالغانلىقى، چېقىلغانلىقى، ئورنىغا يەنە يېڭىسى سېلىنغانلىقى دېگەندەك ئىشلارنىڭ كۆڭلۈمدىكى خاتىرىسى پات ـ پات يادىمغا يېتىپ قالىدۇ، ياخشىلىقىنى يا يامانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىشلار بولىدۇ، مەن ئالدىراپ بىر ئىشلارغا باھا بەرسەم بولمايدۇ.

ئاددىي ئىشلار ئارىسىغا ئۇلۇغۋار خىياللار چاپلىشىپ تۇرىدۇ، مەن دەرۋازا ھەققىدە ئويلىمىساممۇ بولاتتى.

بىر كۈنى كەچتە كۆزەينەك تاقىۋالغان سەلىم دوختۇر مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ پارىڭىنى قىلىۋېتىپ، ئىسمائىلبايىنىڭ بىر يىللاردا كاتتا قورۇ ـ جاي ياساتقانلىقى، بولۇپمۇ دەرۋازىسىنىڭ بەك ھەيۋەتلىك بولغانلىقىنى دېمىگەن بولسا مېنىڭ دەرۋازا توغرۇلۇق ئەسلىمىلىرىم يادىمغا يەتمىگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە مەن دەرۋازا توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتىم، پەقەت يادىمغا يەتمىگەنلا يېرى بار. دەرۋازا توغرۇلۇق ئەينى ۋاقىتتىكى ھەم كېيىنكى كۈنلەردىكى ئويلىغانلىرىم، ئىزتىراپلىرىم مەن ئۇنتۇيالمايدىغان خاتىرىلەردىن بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. دەرۋازا توغرۇلۇق ئەسلىمىلىرىمنى پات ـ پات يادىمغا ئالاتتىم، گاڭگىراپ قالاتتىم، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم، مامۇت تۆت كۆزدەك بىر نېمىنى ياخشىمۇ دېمەي، يامانمۇ دېمەي جىممىدە كۈن ئېلىشمۇ بەلەن گەپكەن. ئاۋۇ ئۇنداق، ماۋۇ مۇنداق دەپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. ئۆزۈڭ دېگەن گەپكە ئىشىنەلىسەڭ ھەم ئىگە بولالىساڭ بولىدۇ، جاھاندا چىگىش ئىشلار تولا، بەزى ئىشلارغا مېنىڭ ئەقلىم يەتمىسە كېرەك.

— دەرۋازا بەك ھەيۋەتلىك بوپ كېتىپتۇ، بىر قارىسا كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ، يەنە بىر قارىسا كۆڭۈل غەش بولۇپ قالىدۇ.

سەلىم دوختۇرنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇ يىللاردا سەلىم دوختۇر كۆزەينەك تاقىمايتتى.

— مەسىلەن قانچىلىك ھەيۋەتلىككەن، — دېدىم مەن قىزىقىپ، — مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىچىلىك بارمۇ؟

— شۇنىڭغا يېتىپ قوپا...بىر قارىسا ئۇنىڭدىنمۇ ھەيۋەتلىك، — دېدى سەلىم دوختۇر. ئاندىن يېنىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ كۈچەپ شوراپ قويۇپ غودۇڭشىدى:

— دەرۋازا پۈتكەندىن كېيىن ئىسمائىلباي چاتىرىقىنى كېرىپ ماڭىدىغان، خەقلەرگە سالاممۇ قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇمىش، ئۇنىڭ قورۇسىغا كەمبەغەل، يالاڭتۆشلەر كىرىشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، دەيدۇ. بۇنى نېمە دەيمىز؟ ملك قىلغان بىلەن بىكار، نېمە ئىشلارنى كۆرمىگەن بىز، ئىسمائىلبايمۇ كۆرەڭلىمىسە بولىدۇ.

سەلىم دوختۇرغا، ئاشۇ دەرۋازىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىنى تىلەۋاتامسىز، دېسە ھەرگىز بولمايدۇ.

— نېمە دېمەكچى بولىسىز؟

— ئەمدى دەيمەن، بۇ شۇنداقلا بىر گەپقۇ، ئىسمائىلبايىنى ساراڭ بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن. بىرنى ياسايدىكەن چاقىدىكەن، يەنە ياسايدىكەن، چاقىدىكەن، ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن دەرۋازىسىنى يەتتە ـ سەككىز قېتىم ئالماشتۇرۇپ بولدى.

— يەتتە ـ سەككىز قېتىم؟

— شۇنداق، يەتتە ـ سەككىز قېتىم دەرۋازا ئالماشتۇردى، خەجلىگەن پۇلىمۇ ئاز ئەمەس.

— ئىسمائىل باينىڭ نېمە قىلغىنىكەن بۇ؟

— نېمە قىلغىنىنى ئىسمائىلنىڭ ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، — دېدى سەلىم دوختۇر تاماكىسىنى كۈچەپ شوراپ.

— ئۆزى بىلمەي قىلمايدىغاندۇ.

سەلىم دوختۇرنىڭ ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى يا خۇش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم، بىر قارىسا ئۇ ئىسمائىلبايىنىڭ

قىلىقلىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

— ئىسمائىلباي نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلسە ئۇنداق قىلىپ يۈرمەستى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەجەب چۈشەندۈرۈپ بولالمىدىم، بەزى ئادەملەر مۇشۇنداق بىتايىن ئىشنى تولا قىلىدىكەن، بۇنى ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىردى دېسە بولىدۇ. مىسالغا دەي، دادىسىغا يىلدا بىر جىڭ گۆش ئېلىپ بەرمەيدىغان ئاسپ ئىتچى ئىتلىرىنىڭ ئالدىغا پۈتۈن - پۈتۈن قوي گۆشنى تاشلاپ بېرىدۇ، نەپسىنى يىغالمىغان ئىتلار گۆشنى جىق يەۋېلىپ ئىسسىق ئېلىپ كېتىپ نەچچىسى ئۆلدى، شۇ ئىتلىرىغا ھازا ئېچىپ يۈرىدۇ ئۇ پەسەندە. قىزىقمىكەن، جاھاننىڭ بەزى ئىشلىرى مۇشۇنداق.

نېمە دېيىشمنى بىلەلمىدىم، ئىتتىمۇ، ئادەمدىمۇ گۇناھ يوقتەك قىلاتتى. گۇناھ بار دېيىلسە ئىت ئىتتەك، ئادەم ئادەمدەك بولمىغان گۇناھ بار.

دۇنيادا ھەرخىل ھەۋەسلەر بولىدۇ.

دۇنيادا ھەرخىل ئادەملەر بولىدۇ.

دۇنيادا ھەر خىل ئىشلار بولىدۇ.

سەلىم دوختۇرنى، مېنى ھەيران قالدۇرغان، بىئارام قىلغان دەرۋازا ھەققىدىكى ئىشلارمۇ ھەرخىل ھەۋەسلەر، ھەر خىل ئادەملەر، ھەر خىل ئىشلار قاتارىدا بولسا كېرەك.

سەلىم دوختۇرنىڭ گېپى بىلەن يادىمغا يەتكەن ئىشلار ئەينى يىللىرى دىققىتىمنى تارتقان ئىشلاردىن ئىدى، ئەسلىغۇ نېمە بولسا مەيلىدى، بۇنى بىر كىمگە دەپ يۈرمىسەممۇ بولاتتى، ھېلىمۇ بىر كىمگە دەۋاتقىنىم يوق، يادىمدىن كەچكەنلىرىنى ئەسلەۋاتىمەن. تولا چېقىلىدىغان، يېڭىلىنىدىغان دەرۋازا ئىسمائىلباينىڭكىلا ئەمەس.

— بۇ ئىشلار بىلەن نېمە كارىمىز، خەقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ئۆزىگە، — دېدىم، دەۋازا توغرۇلۇق يادىمغا يەتكەن ئىشلارنى غۇۋا ئېسىمگە ئېلىۋېتىپ.

— ئۇغۇ شۇ، بىراق كىشىنىڭ كۆزىگە سىغمايدىكەن، — سەلىم دوختۇر شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ گېپىچە ئىسمائىلباي ھېلىمۇ دەرۋازا يەڭگۈشلەش بىلەن يۈرسە كېرەك. سەلىم دوختۇرنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن پۇرقۇراپ چىققان تاماكا ئىسلىرى باش ئۈستۈمدە لەيلەپ قالدى. تاماكا ئىسلىرىدەك ئەسلىمىلىرىم يېيىلىشقا باشلىدى.

ھەيۋەتلىك دەرۋازىلار... ھەيۋەتلىك غوجايىنلار... جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدۇ، مۇشۇ ئاجايىپلىق جاھانغا ئاجايىپ رەڭ ھەم مەنە بېرىدۇ.

سەلىم دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى ماموت تۆت كۆز ئاڭلىغان بولسا قانداق ئويلىدىكىن، ئۇ دوڭغايغىنىچە كېتىۋاتقاندا چاقىردىم:

— ماموتكا.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى كۆتۈردى، تاقىر بېشىغا كىيىۋالغان جىگەررەڭ شەپكىسى كۆزۈمگە پەقەت سىغمىدى.

— مەن ئۇقمايمەن، — دېدى ئۇ بىرنېمىگە ئالدىرىغاندەك ئەلپازدا.

— نېمىنى ئۇقمايسىز.

— ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن.

ماموت تۆت كۆزنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزىنىڭ رەڭگىنى ئەسلىيەلمىدىم. ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن گاراڭ بولۇپ ئۆيۈمگە قايتتىم.

دېمەكچى بولغانلىرىم ھېكايە ئەمەس، ئەمما بۇنى ھېكايە دېسىمۇ بولىدۇ. بەزى راست ئىشلار ھېكايىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ، بەزى ھېكايىلەرمۇ ئادەمگە راستتەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ. دەرۋازا، توغرا، دەرۋازا ھەققىدە گەپ قىلىمىز. گەپ ئاددىي، ئەمما دەمالىققا قولاققا ياقمايدۇ. بىزنىڭ دەرۋازا... تەلەيسىز چىقىپ قالغان، بۇنى مۇشۇنداقراق بىرنېمە دەپ تۇرسىمۇ بولىدۇ، قىلغىلى ئىش يوق كۈنلەردە پات - پات بىزنىڭ دەرۋازىنى ئويلاپ قالىمەن. ئەلۋەتتە شەخسىي قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئەمەس. دەرۋازا تەلەيسىز چىقىپ قالدى دېگەنمۇ بىر گەپ. بەزى ئادەملەر بار، خەقنىڭ قىلغان ئىشىنى، دېگەن گېپىنى ياراتمايدىغان. شۇ قائىدە بويىچە مەنمۇ بەزىدە بەزى ئىشلارنى، بەزى گەپلەرنى ياراتمايمەن، كۆپىنچە ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەن ئۆزۈمنىڭ گېپىنى.

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن دەرۋازا توغرۇلۇق خىياللارنى قىلىۋاتقىنىمدا تېلېفونۇمغا ئۇچۇر كەلدى. 30 - يانۋار گېتلېرنىڭ گېرمانىيەگە باش مىنىستىر بولغان كۈنىكەن. ھەر بىر كۈن ئاجايىپ مەنىلەر بىلەن تولغان بولىدۇ، بىز ئۈچۈن ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان بەزى كۈنلەردە بەزى ئىشلار يۈز بېرىپ جاھان ئۆرە - تۆپە بولۇپ كېتىدۇ. دۇنيانىڭ خۇشاللىقىمۇ، خاپىلىقىمۇ ھەممە ئادەمگە ئورتاق ئەمەسقۇ. بىرىنىڭ يىغىسى بىرىگە بايرام. چىڭگىزخاننىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ھېچكىمگە ئايدىڭ ئەمەس، ئۇنى بەزىلەر تۆرك نەسلىدىن دەيدۇ، بەزىلەر يەنە بىر نېمە دېيىشىدۇ. چىڭگىزخان دۇنياغا تۆرەلگەن كۈنى ھېچكىم ئۇنىڭ بىر كۈنلەردە جاھاننى مالىمان قىلىدىغانلىقىنى پەھم قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتتىلا، تۇمەن دېگەنلەرمۇ شۇنداققۇ. تەقدىر - قىسمەتكە ئىشەنمىگەنلەرگە ھەيران قالىمەن. شۇنداق قىلىپ گەپنى گەپكە ئۇلىساق مۇشۇ دەرۋازا، بىزنىڭ دەرۋازا دەپ تۇراي، بەختسىز چىقىپ قالدى، باشقا جايلاردىكى دەرۋازىلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ دەرۋازا شۇنداق چىقىپ قالدى. چېقىلىپ تۇردى، ئۆرۈلۈپ تۇردى، ياسىلىپ تۇردى، يېڭىلىنىپ تۇردى.

— بىچارە، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغىلى شۇنداق قىلدۇ، — دەيتتى قاسىم زاپخوز ھەر قېتىم دەرۋازا چېقىلىپ يېڭى دەرۋازا ياسىلىشقا باشلىغاندا، — قىزىق خەقتە بۇ.

— جاينى تېپىپ دېيەلمىدىڭلا قاسىماخۇن، — دەيتتى نىياز سادىق سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — يانچۇق...يانچۇقنىڭ ئىشى مۇھىم.

— نېمە؟

— ساق نەرسىنى چېقىپ يەنە شۇنىڭدەك بىر نېمىنى سېلىشتىن مۇددىئا يانچۇقنى توملاش ئۈچۈن، ئاددىي ئويلاپ قالماڭلا بۇ ئىشلارنى...

بىر قارىماققا ھېچكىم ئويلىمىغان بىر نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىدىغاندەك تەسىر بېرىدىغان نىياز سادىقنىڭ كۆزلىرى ھەسرەتلىك پارقىرايتتى.

— ئىشىڭنى قىلىشە، نېمە قىلسا قىلمامدۇ، خەجلىسە سېنىڭ پۇلۇڭنى خەجلىمىگەندىكىن، مائاشىڭنى تۇتۇۋالدىمۇ يا، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا ھەرقايسىڭنىڭ قورسىقى ئاغرىمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى مۇخپۇل توختى سېمىز قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ.

— ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى بولسىمۇ بۇزۇپ - چاچسا بولمايدۇ - دە، ھۆكۈمەت ئىسراپچىلىققا قاراشى تۇرۇڭلار دەۋاتسا، — دېدى قاسىم زاپخوز.

— سەن ئۇقمايسەن، — دېدى مۇخپۇل توختى ئەسنەپ قويۇپ.

قاسىم زاپخوز مۇخپۇل توختىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ نىياز سادىققا ئېگىشتى.

قاسىم زاپخوز بىلەن نىياز سادىقنىڭ ئاۋازى پەسلەپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن پىچىرلىشىپ بارا - بارا ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇلار مەن ياكى ماڭا ئوخشايدىغان ئادەملەر بىلىپ بولالمايدىغان ناھايىتى نۇرغۇن سىر ئەسرارلارنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى. مۇخپۇل توختى بوينىنى سىڭايان قىلىپ ئولتۇرغان يەردىلا مۈگدەپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ دەرۋازىنى تەلەيسىز ياكى تەتۈر پېشانە دېگىنىنى ئاڭلىمىغانىدىم، ئەمما ئۇلار شۇنداق دېمىسىمۇ شۇنداق دېيىشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ. ئىشى ئوڭغا تارتمىغان، تەلىيى ئوڭ كەلمىگەنلەرنى شور پېشانە، تەتۈر پېشانە دەيمىز، ئۆمرى كوتا چىقىپ قالغانلارمۇ شۇنداقىراق بىر نېمە دېيىلىدۇ، ئەمما جاھان دېگەندە دەرۋازىنىڭ، ئىشخانىنىڭ، يولنىڭ، كۆۋرۈكنىڭ تەتۈر پېشانە چىقىپ قالىدىغانلىرىمۇ بولىدىكەن. تولا ئۇرۇپ - سوقۇلغان، ئۆرۈلگەن، يىقىلغان نەرسىنى تەتۈر پېشانە دېسە بولامدۇ - بولمامدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. ئۆرۈلۈپ تۇرغان، چېقىلىپ تۇرغان، ئۆرۈۋېتىشكە، چېقىۋېتىشكە تۇرلۇك باھانىلەر چىقىپ تۇرغان. بۇرۇن بىزنىڭ دەرۋازا شۇنداق قىسمەتلەرگە تولا يولۇققان، ھازىرمۇ پات - پات ئۆرۈلۈپ، چېقىلىپ، يەنە يېڭىدىن ياسىلىپ تۇرامدۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمەن. كونىسىنى چېقىۋېتىش، ئۆرۈۋېتىشنى توغرا دەيدىغانلار بار، بۇ گەپكە كىم قارشى؟ ھېچكىم، ھېچكىم قارشى ئەمەس. كونىسىنى ئۆرۈۋەتمىسە يېڭىسى بولمايدۇ. بىراق... بىراق دەيدىغان گەپ بار. بىراقنىڭ كەينىدە بىرمۇنچە گەپ بار، نېمە گەپ؟ سەلىم دوختۇرنىڭ كاللىسىدىكى خىيال بىلەن دېگەندە زامانغا ماسلاشقان، ياراشقان، قىممىتى بار، چېقىۋېتىشكە، ئۆرۈۋېتىشكە بولمايدىغانلىرىنى ئۆرۈۋېتىش، چېقىۋېتىشنىڭ قاملاشمايدىغانلىقىدا. بەزى نەرسىلەرنى ئۆرۈۋەتكەن بىلەن، چېقىۋەتكەن بىلەن ئەسلىدىكىدەكمۇ بىر نېمە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق دېسەم كاللىسى كونا، قالاق دەيسىلەر، مەيلى، پېنسىيەگە چىقتىم، كاللامنىڭ قالاقلىقىنى بىلمەن. ئەمما ساق تۇرغان نەرسىنى چېقىۋېتىشنىڭ ئۆزى قانداق ئىش، بۇنىڭ بەلكىم مەن بىلمەيدىغان سىر - ئەسرارلىرى باردۇ، قاسىم زاپخوز بىلەن نىياز سادىقنىڭ سىرلىق، بارا - بارا پەسلەپ ئاڭلىغىلى بولمايدىغان گەپلىرى ئارىسىدا مۇشۇ ئىشلارنىڭ سىرى ئاشكارا بولىدىغاندۇ.

دەرۋازىنىڭ گېپىنى قىلىۋېرەيلى، دەرۋازا توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى دېيىش مۇمكىن، دەرۋازا مۇھىم نەرسە، قورۇ - جايلارنىڭ دەرۋازىسى بولۇشى كېرەك. شۇنداق، ھەممە قورۇ - جايلارنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، ھەممە قورۇ - ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ. يەنىچۇ، ئېغىل - قوتانلارنىڭ، سودا - سارايلارنىڭ يەنە بىر قانداق يەرلەرنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ. دەرۋازىسى بولۇشى كېرەكمۇ، دەرۋازىسى بولمىسا قانداق بولىدۇ. دەرۋازا دېگەننىڭ ئوغرى يالغاندىن ساقلاشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن خىسلەتلىرى بار، قورۇ ئىگىسىنىڭ شان - شەرىپىنى، ھۆرمەت - ئىززىتىنى، پۇل - بايلىقىنىڭ ئاز - كۆپلىكىنى، مۇشۇ مەھەللىدىكى، مۇشۇ يۇرتتىكى، مۇشۇ كوچا - كويدىكى نوپۇزىنى دەرۋازا ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. ئىشقىلىپ دەرۋازا دېگەن مۇشۇنداق بىر ئىشلارنىڭ بەلگىسى، نوپۇز - ھوقۇقنىڭ بەلگىسى. شۇنداق تۇرسا دەرۋازا دېگەنگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈر. گەپ نەگە كەتتى. گەپنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلەيلى. دەرۋازىنىڭ گېپىنى قىلغاندىكىن دەرۋازىۋەنىڭمۇ گېپىنى قىلىشقاچ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك بولىدۇ، مەن ھەرخىل دەرۋازىۋەنلەرنى كۆرگەن، بەزىلىرى خان شەمشىرىنى قولىغا ئالغاندەك سۇرلۇك، بەزىلىرى ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قالىدىغاندەك ھاڭۋاقتى چىراي،

بەزىلىرى بىر قانداق... بىزنىڭ دەرۋازىۋەننىڭ ئىسمى سادىر، ئىسمى سادىر بولغىنى بىلەن سادىر پالۋاندەك قەھرىلىك ئادەم ئەمەس، خەقلەر بەك ياۋاش ئادەمنى توپىدەك ياۋاش دېيىشىدۇ، سادىركاممۇ خۇددى شۇنداق، ئۇنىمۇ توپىدەك ياۋاش ئادەم دېسە بولىدۇ.

— سىز دەرۋازىۋەنلىك قىلغىلى نەچچە يىل بولدى.

بىر چاغدا مەن ئۇنىڭدىن شۇنداق سورىغانىدىم.

— تازا ئېسىمدە يوق، ئون يىلدىن ئاشتىمىكى... يىگىرمە يىل بولدىمىكى يا.

ئاڭلىشىمچە سادىركام بۇرۇن تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ ماگىزىنىنى ئاچاركەندۇق. بىر يىللىرى ھېسابىدىن چاتاق چىقىپ بىر پاتمان قەرزگە كىرىپ قېلىپ ئىشتىن ھەيدەلگەنىكەن. خەقلەر سادىرنى بوزەك قىلغان ئادەم بار، ھېساب دېگەن كاشال نەرسە، بىر كىمنى ئوڭدا قوياي دېسە بىردەملىك ئىش، دەپ يۈرەتتى. ئەمما بۇنىڭ كەينىدە قانداق سىرلارنىڭ بارلىقىنى كىم بىلىدۇ. سادىركامنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئەسلىمىلىرى بار، ئەسلىمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىرتاق ھەم بەدتەم بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— باشقا ئىش قىلىشنى ئويلاشتىڭىزمۇ؟

— ياق، مۇشۇمۇ بىر ئوبدان ئىش شۈكرى قىلمىغان بىلەن بولمايدۇ.

ئادەم خىيالىنىڭ قۇلى. سادىركامدەك ئويلايدىغان ئادەملەر ساماندەك. بۇنداق ئادەملەر بەختلىك ياشىسا كېرەك. مېنىڭ ئۇنداق بولغۇم يوق ئىدى. سادىركامنىڭ ئەسلىمىلىرى ناھايىتى جىق ھەم ناھايىتى ئاچچىق بولسا كېرەك. قەرزگە كىرىپ قالغانلارنىڭ ئەسلىمىسى بۇرۇندىن مۇشۇنداق ئاچچىق بولىدۇ. يەنە كېلىپ كىشىنىڭ يادىدىن چىقمايدىغانلىرى ئاچچىق ئەسلىمىلەر.

سادىركام بىلەن شۇ پاراڭلارنى قىلىشقىلى 15 يىل بوپقاپتۇ، ۋاقىت تۇماندەك توزۇپ قولىمىزدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

گەپنى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇنقى بىر سەھەردىن باشلايلى، ياق، 15 يىل، بىراقلا 20 يىل بۇرۇنقى بىر چىڭقىچۈشتىن باشلايلى. ئۇ كۈنى ھاۋا ياخشى ئىدى. سادىر دەرۋازىۋەنمۇ ئۇ چاغلاردا ياش ئىدى، ئاقساپ ماڭمايتتى. ئۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىدا چىمەن دوپپا ئەمەس، كۆك خادانى شەپكە بار ئىدى، تۈگمىسىنى گېلىغىچە مەھكەم ئېتىۋالىدىغان ھەربىيچە چاپان بار ئىدى. بۇ كىيىملەرنى ئۇنىڭغا ئىدارە بەرگەنمۇ يا ئۆزى ئېلىپ كىيگەنمۇ، مەن بىلمەيمەن، ئۇ ئۆزىمۇ بۇ چاغقا ئۇنتۇپ كەتكەندۇ، بۇ ئۇنىڭ ماگىزىنچىلىقتىن ئاجراپ يېڭى دەرۋازىۋەن بولغان كۈنلىرى ئىدى. شۇنداق، چىرايلىق بىر كۈندە، ئاسمان سۈزۈك، ھاۋا ئىللىق، ئازراق غۇر - غۇر شامال ئۇرۇۋاتقان بىر كۈندە بىر جىپ ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ سىگنال بەردى. بۇ دەل بۇرۇنقى دائىم قارا كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان ئورۇق باشلىق پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەن كۈنلەر ئىدى. سادىر يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاۋۋال ماشىنىغا قارىدى، ئاندىن تەمترەپ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئاچقۇچلارنى ئالدى، ئاچقۇچنى سالاي دەپ قارىسا دەرۋازا قۇلۇپلانمىغانىكەن، ئۇ ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قويغاندەك قىزىرىپ - تاتىرىپ دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. بۇ پولات چىۋىقلاردىن ياسالغان شادىلىق تۆمۈر دەرۋازا ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە نەيزە بىسى شەكلىدىكى تۆمۈر شادىلار بار ئىدى.

دەرۋازا ئېچىلىش بىلەن ماشىنا، بايا دېگەن جىپ ماشىنا تېز قوزغىلىپ قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىدارىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا مىش - مىش گەپلەر، كۇس - كۇس پاراڭلار ئاۋۇپ كەتتى، پاراڭلار ئارىسىدا گاھ ئىسسىق، گاھ سوغۇق ھاياجانلار پارقىراپ قالاتتى. دېيىلىشىچە يېڭى كەلگەن باشلىقنىڭ ئىسمى ھەسەنجان ئىكەن، يۇقىرى مەلۇماتلىقمىش، ئاچچىقى يامان، ئەمما تۈز كۆڭۈل ئادەمكەن، بارنى بار، يوقنى يوق دەيدىغان خۇيى بارمىش. ئەمدى ئىلگىرىكى باشلىقنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرىدىغان، پوقنى ئىككى قىلالمايدىغان ھالىغا غادىيىۋالغانلار، باشلىقنىڭ سايىسىدا راھەت كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغان جان باقتىلارنىڭ كۈنى تەس بولارمىش. بۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ئېسىل ئادەم دەيدۇ. پرىنسىپتا چىڭ تۇرسا ياخشى، ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ، ناھەقچىلىق بولمايدۇ، مۇشۇنداق بولۇشىمۇ كېرەك. بۇ ئادەم بۇرۇنراق كەلسە بوپتىكەن، ئىدارە تۈزىلىدىغان بولدى.

شۇ كۈنى ئىككى كەپتەرۋازنىڭ بىر كەپتەرنى تالىشىپ قىلىچتەك يوغان پىچاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ شەھەرگە يېقىن مەھەللىنى مالىمان قىلغانلىقى توغرىسىدا گەپ تارقالغان ئىدى. كەپتەر بىر ئىكەن، ئىگىسى ئىككى چىقىپ قاپتۇ، زادى قايسىسىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولماپتۇ، ھېچكىم گۇۋاھلىق بەرگىلى ئۇنىماپتۇ، كەپتەرنى بىرسىگە بۆيرۈپ بېرىش ئاسان، ئەمما ئىگە بولالمىغىنى يوغان پىچاقنى شىلتىپ سالسا قانداق بولىدۇ. بالانىڭ چوڭى تېرىلىدۇ. ھازىر ھەممەيلەن خاپىلىقتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى. قۇلاق تىنچ بولسا، جىممىدە ياشىساڭ، ئارتۇق جېدەلنىڭ نېمە كېرىكى.

بۇرۇنلاردا بۇنداق ئىشلار توغرىسىدىكى پاراڭلار بەك ئۇزاق داۋام قىلاتتى، ئەمما يېڭى باشلىق كەلگەچكە ھەممەيلەننىڭ دىققىتى بۇرۇلۇپ كەپتەرۋازلارنىڭ غەلۋىسى ھەققىدىكى سۆزلەرگە ئورۇن قالمىدى، ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا

www.uyghurkitap.com



نېمە بولۇشقانلىرىغىمۇ ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

ئۇنسىز شاۋ ـ شۇۋلار ھەممە يەرنى قاپلىدى. سىرلىق سۈكۈناتقا غەرق بولغان بىئاراملىق دەۋرەپ يۈرەتتى.

ھەسەنجان باشلىق بۇ قورۇنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنىپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن دەل چۈشتە دەرۋازا ئالدىدا توختاپ دەرۋازىنىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىقتى:

ــ بۇ دەرۋازا بولماپتۇ، ــ دېدى ئۇ ئاچچىق بىلەن، ئۇنىڭ نېمشقا ئاچچىقلاپ قالغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەزىدە بەزى ئادەملەرنىڭ نېمشقا ئاچچىقلاپ قالغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ باشلىقلارنىڭكىنى شۇنداق، چۈنكى ئۇلار ئاچچىقلايدىغان، بېشى قاتىدىغان ئىشلار تولا. ئۇلار ئاچچىقلىمىسا، سۈر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسەتمىسە بولمايدۇ.

ــ بۇ دەرۋازا بەك كونىراپ كېتىپتۇ، بۇنداق بولسا ئىدارىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ. نەقىشچى ئۇستاملارنى تېپىپ كېلىپ، تازا چىرايلىق، گۈلدار دەرۋازا قويۇش كېرەك.

ئەتىسى، ياق، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر مۇنچە ئادەملەر كەلدى. دەرۋازىنى ئۆلچىدى، قەغەزلەرگە بىر لەرنى سىزدى، يەرلەرنى قەدەملەپ كۆردى، قوللىرىنى لتىپ قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ پۈتكەندىن كېيىنكى نگە باھا بېرىشتى. ئىشقىلىپ جىق ئىشلار بولدى، رنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى، فايسى ئىشنى قانداق قىلماقچى بولغانلىقىنى تولۇقى بىلەن بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىدى. ئىشقىلىپ ھەممەيلەن كۆزىگە سىڭىپ كەتكەن، ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان شادلىق تۆمۈر دەرۋازا ئېلىۋېتىلىپ يېڭىدىن دەرۋازا قويۇلىدىغان بولدى، قىزىققانلار پەقەت مۇشۇلارنى بىلىشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ قۇم، شېغىل، سېمونت، گەج، چاقچۇق دېگەندەك نېمىلەر كېلىشكە باشلىدى. مەن، مېنىڭ ئىشداشلىرىم، نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا زەن سېلىپ ماڭغاچ، تۇرغاچ قاراپ قويۇشاتتۇق. بۇرۇنقى دەرۋازا ئېلىۋېتىلدى، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تام چېقىۋېتىلدى. بولقا، لوم تۆمۈر، پىشاك دېگەندەك نېمىلەر بىلەن ئۇرۇپ ـ ئۇچۇرۇپ، تارتىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى تۈپتۈز قىلىۋېتىشتى. نۇرغۇن تاماشىبىنلار قاراپ تۇرۇشتى، دەرۋازىنى نېمشقا ئۆرۈۋەتكەنلىكى، يېڭىسىنى نېمشقا سالىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەممەيلەننىڭ ئويلىغىنى باردەك قىلاتتى. مامۇت تۆت كۆز قولتۇقىغا گېزىتلەرنى قىستۇرغىنىچە يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دەرۋازا چېقىلغاندىن پۈتكىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ يەردىن كۈندە نەچچە رەت ئۆتسىمۇ بىر ئېغىز تىنمىدى.

شۇنداق قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن، بەلكىم ئۇنچىلىكمۇ ۋاقىت كەتمىگەندۇ، ھەيۋەتلىك دەرۋازا قەد كۆتۈردى، بۇ دەرۋازا سەلىم دوختۇر سۆزلەپ يۈرىدىغان ئىسمائىل باينىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ ھەيۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ دەرۋازىدىكى ئاجايىپ مۇرەككەپ ھەم سېھىرلىك گۈل نەقىشلەر كۆزلەرنى چاقاتتى، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى.

ــ دەرۋازا دېگەن مۇنداق بولمامدۇ ، ــ دېدى ياسىن بوغالتىر يوغان گەۋدىسى سەل ئېگىلگەن ھالدا، ــ بۇرۇنقى دەرۋازا زادى قاملاشماي قالغان...ئوغۇل بالىدەك باشلىقكەن بۇ.

كۆرگەنچە ئادەمنىڭ ھەممىسى ماختىدى، باش بارمىقىنى چىقىرىشتى. بۇنى ياسىغان ئۇستىلارنى ماختىدى، ئۇلارنىڭ ھۈنىرىگە، ئەقلىگە ھەيران قېلىشتى. ناۋادا مۇشۇ دەرۋازا ياسالمىغان بولسا بۇنداق كاتتا ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ كۆمۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ ھەسەنجان باشلىققا تەسەننا ئېيتىشتى.

ــ بۇمۇ يامان ئادەمكەن، بىر ئوبدان تۇرغان دەرۋازىنى ئۆرۈۋېتىپ، يېڭىنى سالىمەن دەپ خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدى، ــ دېدى نىياز سادىق ماڭا ئاستا پىچىرلاپ. مەن غىققىدە بولۇپ قالدىم. مۇشۇ خىلدىكى گەپلەرگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن قورقاتتىم.

ھەممەيلەن بىر نېمە دەپ بېقىشتى، بىر نېمە دەپ باققانلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم، ئالدى ـ كەينىمنى دەڭسەپ بىر نېمە دەپ باققان ئىدىم، ئەمما ھازىر يادىمدا قالماپتۇ، شۇ چاغدا نېمە دېگىنىم راستلا يادىمدا يوق، بۇنداق دېسە ئىشەنمەيدىغانلار بار.

ئېيتىشلىرىچە، بۇ دەرۋازا مۇشۇ سۆلتى، چىداملىقلىقى، ئېسىللىكى بىلەن كەم دېگەندە 50 يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاققا ئىشلىتىشكە يارايدىكەن. دېمەك بۇنىڭدىن كېيىن بايا دېگەندەك كەم دېگەندىمۇ يەنە 50 يىلغىچە قايتا دەرۋازا ياساپ، ئورنىتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن، ئىش دېگەن مۇشۇنداق بولمامدۇ، دەرۋازا دېگەننى مۇشۇنداق بىر قېتىم راۋۇرۇس ياساپ قويسا، بۇنىڭدىن كېيىن دەرۋازا ياسايمەن دېگەننىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسە ياسىسا ئىشلار ئالغا ماڭمامدۇ... مۇشۇنداق ئويلاشلار بولدى، مۇشۇنداق گەپلەر بولدى. ئاز ئەمەس، جىق دېيىلدى.

دەرۋازا پۈتكەندىن كېيىن دەرۋازىغا قوشۇپ ھەسەنجان باشلىقنىڭ خۇي ـ پېئىلى، مىجەز ـ كەيپىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر بولۇپ تۇردى، سورۇن ـ ئولتۇرۇشلار بولدى، ھاراق ـ شاراپلار ئىچىلدى. تانسىلار ئوينالدى، دۇتار ـ تەمبۇرلار چېلىندى. ئىشقىلىپ شۇنداق بىر ئىشلار بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋەردى. كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتىدۇ، بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق ئۆتكەن، دۇتار ـ تەمبۇر چالسا ـ چالمىسا، باشلىق ئاچچىقلىسا ـ ئاچچىقلىمىسا، كۈلسە ـ كۈلمىسە بىر كۈن تاڭ ئاتىدۇ، كەچ بولىدۇ، يېڭى كۈن كېلىدۇ، مەن شۇ چاغلاردا مۇشۇلارنى ئويلىغان، يەنە جىق

نەرسىلەرنى ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن، باشقىلارمۇ بىر نېمىلەرنى ئويلىغان بولىغىدى. مەن ھەسەنجان باشلىق توغرۇلۇق غۇدۇڭشىغاندا ماموت تۆت كۆز يېنىمدا بار ئىدى. تولا كىتاب ئوقۇيدىغان ماموت تۆت كۆزنىڭ تاقىر بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىلگىنىڭ ياخشى، — دېگەن گېپى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ پاينەكباش بۇ گەپنى ماڭا دېگەندەك قىلاتتى. يېڭى يۆتكەن دەرۋازا توغرۇلۇق، يېڭى كەلگەن باشلىق توغرۇلۇق ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلگىم بار ئىدى.

— ماموتكا، — مەن ئۇنى ئاستا چاقىردىم.

— خوش، — دېدى ئۇ كۇلۇمسىرەپ.

— سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ دەرھاللا.

ھاڭۋېقىپ ئۇنىڭ كۆزەينەك ئىچىدىكى كۆزىگە قاراپ قويىدۇم.

— نېمىنى بىلمەيسىز؟— ھەيران بولۇپ سورىدىم.

— دېدىمغۇ، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

ئۇ ئېڭىشكىنىچە كېتىپ قالدى، قولتۇقىدا ژۇرنالمۇ، گېزىتمۇ، شۇنداقراق بىر نېمە بار ئىدى.

دەرۋازا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋەردى، ۋاقىت ئۆتۈۋەردى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرۋازىنىڭ تەرىپىنى قىلىدىغانلار، ئۇنى تاماشا قىلىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى. كۆندە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئەمدى قىزىقى تۈگىگەندەك قىلاتتى، ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك سۈر ـ سالاپىتىنى ساقلاپ تۇراتتى، ئەتراپتىكى جىمى دەرۋازىلاردىن ھەيۋەتلىك، چىرايلىق ھەم جەلپكار ئىدى.

كەپتەر تالىشىپ بىر ـ بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشكەن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئەمما يېقىندا ئىككى ياش بالا بىر قىزنى تالىشىپ بىر ـ بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشۈپتۇ، دېگەن گەپلەر پەيدا بولۇپ جىق ئادەملەرنى ۋەھىمىگە سالدى، دېيىلىشىچە قىز بەك چىرايلىقمىش، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىرسى بىلەن ئەھدە قىلىشقانىكەن، كېيىن تۇرۇپلا يەنە باشقا بىر يىگىتكە كۆڭۈل بېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ تىغ كۆتۈرۈشلەر بوپتۇ، تىغ كۆتۈردى، دېگەننى نېمە دەيمىز... قان تۆكۈلۈشكە تاس قاپتۇ، بەلكىم تۆكۈلۈپمۇ بولغاندۇ، ئىنساننىڭ ساراڭلىقمۇ، ئازابىمۇ قان تۆككىنىدە ياكى قان تۆكۈشكە مەجبۇر بوپ قالغىنىدا، دەپ ئويلايدىغان چاغلىرىم ئىدى.

— گۇناھنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قىزدا، — دېدى بىرەيلەن قوللىرىنى جوڭۇپ، — زادى قىزلاردا ئىنساب قالمىدى.

— مۇھەببەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇ كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنىڭغا تەگسە بولىدۇ.

— ئەمىسە ئىلگىرى قىلىشقان ئەھدۇ ـ پەيمانلىرىچۇ؟

— بەزى نەرسىلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئارىسىدا مۇشۇنداق تالاشلارنىڭ بولغىنىنى ئاڭلىغانلار بار، قىز تالاشقان ئىش نېمە بولسا بولسۇن، مېنىڭ يادىمنى بەكرەك ئالمان قىلغىنى يەنىلا دەرۋازىنىڭ ئىشى. دەرۋازىنىڭ ئىشىنى ئويلاپ يۈرۈپ كەپتەر تالىشىپ پىچاق كۆتۈرۈشكەنلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم، قىز تالاشقانلارنىمۇ ئۆزاققا قالماي ئۇنتۇپ كېتىمەن. قىزلارنى كەپتەرگە ئوخشىتىدىغانلار بار، قىز بولسۇن، كەپتەر بولسۇن پات ـ پات تالىشىپ ئۇرۇشىدىغانلار چىقىپ تۇرىدۇ.

سەلىم دوختۇر بۇ دەرۋازىنى كۆرمىگەن بولسا كېرەك، كۆرگەن بولسا بۇ توغرۇلۇقمۇ بىر نېمە دەيتتى. ئۇ ھازىرقى دوختۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىكى، ئادەتتىكى كېسەللەرنىمۇ ياخشى داۋالىمايدىغانلىقى، مېھمان قىلمىسا، پارا بەرمىسە كىشىنىڭ جېنىغا ئويۇننىڭ ئورنىدا مۇئامىلە قىلىدىغان دوختۇرلارنىڭ بارلىقى توغرۇلۇق قاقشايتتى. ئاندىن ئىسمائىلبايىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىغا نارازىلىقىنى دەيتتى:

— ئىسمائىل بەك كۆرەڭلەپ كەتتى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە نەچچە ماشىنا ئالماشتۇرۇپ بولدى، دەرۋازىسىنىمۇ يېڭىلىغۇدەك، مۇشۇمۇ قىلىقمۇ.

— نېمىشقا يېڭىلىغۇدەك.

— بىلمىدىم، نېمىشقىلىقىنى بىلسە بىر ئويدىن تۇرغان دەرۋازىنى ئالماشتۇرۇپ يۈرمەيدۇ جۇمۇ، بۇ ئىسمائىلغا بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كېلىدۇ، بىر تۇرۇپ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— ئاچچىقىڭىز نېمىدىن؟

— مېنىڭ پۇلۇم بار، دېگەننى ئەل ـ جامائەتكە بىلدۈرۈپ بولالماي، شۇ پۇللىرىنى بۇزۇپ ـ چاچقىنىغا دەيمەن، پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن داۋالىنالماي قىينىلىۋاتقانلار تالاي، مۇشۇنداق تۇرسا بۇ ئىسمائىلبايىنىڭ قىلغىنىغا ئاچچىقىم كېلىدۇ ـ دە.

— ئىچ ئاغرىتىشىڭىز نېمىدىن؟

— خۇدا شۇنچە بايلىقنى بەرسە ساراڭغا ئوخشاش دەرۋازا يەڭگۈشلەش بىلەن ئۆمرى ئۆتسە ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ ئەمىسە.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، تۆت يىل يا بەش يىل ئۆتكەندۇ، شۇنچىلىك ئۆتتى، ھەسەنجان باشلىق يۆتكىلىپ كەتتى. يۆتكىلىپ كېلىدىغان، يۆتكىلىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بىركىملەر ئۇنى ئۇسۇپ كەتتى، دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ دەرىجىسى بىلەن باردى دېيىشىدۇ،

www.uyghurkitap.com



يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئەملى كىچىكلەپ كەتتى، دېيىشتى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، بارنى بار، يوقنى يوق دەيدىغان كىشىكەن، دەپ تەرىپ ئالغان ھەسەنجان باشلىق يۆتكىلىپ كەتتى، ئۇ كەلگەندىن كەتكىچە بۇ قورۇدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى، تاملار ئاقارتىلدى، ئۇستەل - ئورۇندۇقلار يەڭگۈشلەندى، چاچلار ئاقاردى، قورۇقلار كۆپەيدى. يەنىچۇ، دېسە تاغاردا بىر گەپ، ھەممىنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ، دەپ بولغىلى بولغاندىمۇ دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ مۇشۇنداق ئىشلار، بىرسى كېلىدۇ، بىرسى كېتىدۇ، بىرسى كېتىدۇ، يەنە بىرسى كېلىدۇ، ھەسەنجان باشلىقمۇ كەلگەن، كېتىدۇ، يەنە كەلگىنىمۇ بىر كۈنى كېتىدۇ، شۇنداق بولىدۇ، ئەمدى بۇ يەرگە يەنە بىرەيلەن باشلىق بولۇپ كېلىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ھەسەنجان باشلىق سادىر دەرۋازىۋەندەك بىتەلەي شورلۇق ئەمەس، چوقۇم ياخشى يەرگە كەتتى، ياخشى يەردە خىزمەت قىلغىلى كەتتى. ئۆسۈپ، يۇقىرىلاپ كەتتى، بۇنى نېمە دەيمىز، پېشانىسى ئوڭكەن، تەلەيلىككەن دەيمىز، سادىر دەرۋازىۋەندەك ئىشى تەتۈر كېلىدىغان بىتەلەيلەردىن ئەمەسكەن. جاھان قىزىق، بىر قارىسا سادىر دەرۋازىۋەن بىلەن ھەسەنجان باشلىقنىڭ پەرقى يوق، ھەر ئىككىسى ئادەم، ئەمما ئۇلارنى ھەرگىز تەڭ دېگىلى بولمايدۇ، ھەسەنجان باشلىق ئالقاندا چاقناپ تۇرغان گۆھەر، سادىر دەرۋازىۋەن توپا ئارىسىدا تۇرغان ئەسكى چالما. بۇنداق دېسە گۇناھ بولىدۇ، بىراق ئىش يۈزىدە خۇددى مۇشۇنداق.

ھەسەنجان باشلىق كېتىۋىدى قورۇنىڭ ئىچىنى يەنە ئۈنسىز شاۋ - شۇۋ قاپلىدى، ھەممەيلەن ئۈنى - بۈنى دەپ باقتۇق، ھەممەيلەن دېسەك بولمىغۇدەك، ماموت تۆت كۆز ھېچنېمە دېمىدى، ئۇنىڭ ھېچنېمە دېمىگىنى بىردە بەك توغرىدەك، بۇنداق ئىشلارغا ئۈنى - بۈنى دەپ يۈرۈشنىڭ تايىنسىز ئىكەنلىكىنى شۇ كىشى بىلىدىغاندەك ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپمۇ قالدىم، بىردە ئۇنىڭ ھېچنېمە دېمىگىنى بىنورماللىقتەك بىلىنىپمۇ قالدى، بولۇۋاتقىنى ئادەتتىكىچە ئىش ئەمەس، ئۇنىڭغا نېمىلا بولمىسۇن بىر نېمە دەپ بېقىشى كېرەكتۇ، كۆڭلۈمدە ماموت تۆت كۆزگە نىسبەتەن قارا ھەم سوۋۇق بىر تۇيغۇ پەيدا بوپقالدى.

ھەسەنجان كەلگەندىن كەتكىچە بولغان ئىشلار توغرۇلۇق ماموت تۆت كۆز ھېچنېمە دېمىگەن بىلەن خېلى ئىشلار بولدى، بايا دېدىمغۇ، چاچلار ئاقاردى، قورۇقلار كۆپەيدى دەپ، ئۇنىڭدىن باشقىچۇ، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ خېلى كۆپ ئىشلار بولدى، بۇ جەرياندا مەن ئوغلۇمنىڭ خەتنىسىنى قىلدىم، قولۇم - قوشنىلارمۇ يېشى يېتىپ قالغان ئوغۇللىرىنىڭ خەتنىسىنى قىلدى، يۇرتقا ئاش بەردۇق، نۇرغۇن توي - تاماشالارغا قاتناشتۇق. ئاخىرى قانداق بولدى، ھېچنېمە بولمىدى، كۈن يەنە كۈن پېتى قالدى. بەزى كۈنلەردىن ھېچبىر ئىزنا قالمىدى، ئىزنا قالمىدى دېگىنىم ئەسلىگۈدەك ھېچنېمە قالمىدى، دېگىنىم. سەلىم دوختۇر بىر كۈن كەچ بوپ كەتسە ئۆلۈمگە بىر كۈن يېقىنلايمىز، دېگەندە مەن ھەيران قالغاندىم، بۇ سەلىم دوختۇر دېمىسىمۇ شۇنداق بولىدىغان ئىش، ئەمما مەن ئىلگىرى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ سۆزلىرى يادىمدىن چىقمىغانىدى، كېيىن ئۇ گەپلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم، ھازىر ئويلىسام ئۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىكەنمەن.

ھەسەنجان باشلىق كەتكەندە ئۆزى ياساتقان گۈلدار نەقىشلىك دەرۋازىغا قاراپمۇ قويمىدى. ھېچ بولمىسا مەن ئۇنىڭ دەرۋازىغا قارىغىنىنى كۆرمىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر دەرۋازىنى ياساتقىنىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ھەسەنجان باشلىق كېتىۋىدى كىشىلەر يېڭى باشلىق كەلگۈدەك دېيىشىپ يۈرۈشتى. كىشىلەر شۇنداق دېسۇن - دېمىسۇن يېڭى باشلىق كېلىدۇ، بۇ قائىدە.

دېگەندەك ھەپتە ئۆتمەي يېڭى باشلىق كەلدى. كۈن چىرايلىق چىققان بىر كۈنى ئەتىگەندە ناتونۇش بىر ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ماشىنىنىڭ ئاق سىرلىرى پاكىز ھەم چىرايلىق كۆرۈنەتتى. سادىر دەرۋازىۋەن پالاقلاپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى، ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك ئوچۇق دەرۋازىغا ئاچقۇچ تەڭلەپ يۈرىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدى. بۇرۇنقى ھەربىيچە شەپكىسىنىڭ ئورنىغا كەپكە كىيىۋالغانىدى.

ماشىنىنىڭ ئالدىدا، شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ باش لىڭشىتقاندەك، كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى، ئەمما ئۇ تازا ئىلغا قىلالمىدى، ئاڭقىرالمىدى. كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتتىمكى، ئادەتتە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. سادىر دەرۋازىۋەننىڭ ئىچكى ھاياجىنى ئۇنىڭ قىزىرىپ تۇرغان بۇرنىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، سىنى باشقۇرىدىغان، تەقدىرىڭگە ئۇنداق ياكى مۇنداق رەڭ بېرىدىغان بىر ئادەم ئالماشقانىكەن، ھاياجانلانماق بولۇپ تۇرىدۇ، ھاياجانلانغىنى سادىر دەرۋازىۋەنلا ئەمەس ئىدى، مېنىڭ ھاياجىنىم سوغۇق ھەم رەڭسىز ئىدى، سۇ رەڭگىدە.

شۇ كۈنلەردە دەرياغا كەلكۈن كەلدى. كەلكۈن ئۇزاق داۋاملاشتى، ھەممەيلەن شاخ - شۇمبا، تاش - توپا دېگەندەك نەرسىلەرنى سۆرەشتۈرۈپ كەلكۈن توسۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق، كۈننىڭ ئوتتەك ئىسسىقىدا دەريا بويىدىكى قاقاس تاشلىق يەرلەردە قىمىرلاپ يۈرگەن ئادەملەر كۆزگە تاشلىناتتى. شۇ كۈنلەردە ھەممەيلەننى دەريا بويىدىكى بىر كەڭ تۈزلەڭگە يىغىلىشقا بۇيرۇشتى، كەلكۈن تۈرۈلۈپ

كېلىۋاتاتتى. قايسى بىر چوڭ يەردىن كەلگەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ خېلى يوغان يەردىن كەلكۈن توسۇش ئىشلىرىغا باش بولغىلى كەلگەن باشلىق بىزگە يىغىن ئاچتى، كەلكۈن توسۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، مۇھىملىقى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىدى. ئىسسىقتا بېشىم قىيىپ كەتتى، ئۇنىڭمۇ بېشى قىيىپ كەتكەندۇ. شۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا دەرسلىكتە بار تېپىچان ئېلىيوفنىڭ بىر ساتىراسى يادىمغا يەتكەندى، يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يادىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھېچكىم چىش يىرىپ بىر نېمە دېمىدى، باشلىقنىڭ ئۇزاقتىن ئۇزاق سۆزلىگەن گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ چاۋاك چالغاندىن كېيىن يەنە كەلكۈن توسۇشقا ماڭدۇق.

كەلكۈنمۇ توختىدى، ئىدارىغا قايتىپ كەلدۇق. شۇ زادى قانداق كۈنلەر، ئەسلىگۈدەك كۈنلەرمۇ، ئەسلىگۈدەك ئىشلار بولغان كۈنلەرمۇ. شۇ كۈنلەردىكى كۆيدۈرگۈچى قۇياش، دەريا بويىدىكى قاقاس دالا، قىمىرلاپ يۈرگەن ئادەملەر ھېلىمۇ ئېسىمدە.

يېڭى كەلگەن باشلىق ھەققىدە كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭلار كۆپەيدى، خەقلەر ئېغىزلىرى بىلەن، كۆزلىرى بىلەن، يۈز تېرىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن يېڭى باشلىق توغرىسىدا سۆزلىشەتتى، يېڭى باشلىقنىڭ ئىسمى كامىل ئىكەن، ئۆزى كەڭ قورساق ئادەمكەن، ھە دېسە پرىنسىپقا ئېسىلىۋالمايدىكەن، خۇشخۇي، چىقىشقاق ئادەممىش، توخۇ گۆشى قوردىقىغا، تونۇر كاۋىپىغا ئامراقكەن. تۇزۇم - قائىدە دېگەنلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىكەن. بۇمۇ بولغىنى، مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، ھە دېسە پرىنسىپقا ئېسىلىۋېلىپ نېمە قىلىدۇ، پرىنسىپ دېگەن نېمە؟ جەزمەن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك چەك قائىدە، ئەمما جاھان كۈندە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتسا، ئادەمنىڭ مىجەزى كۈندە ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتسا قائىدە دېگەنگە رىئايە قىلىپ بولغىلى بولامدۇ، پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ بولغىلى بولامدۇ. قائىدىگىمۇ ئەمەل قىلغاچ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنىمۇ قىلغاچ ئىشلەش كېرەك، مانا مۇشۇنداق بولسا ياخشى بولىدۇ.

يېڭى كەلگەن باشلىق خېلى كۈنلەرگىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىدى، قورۇنىڭ ئىچىدە تۇماندەك بىر ھاياجان يەرلەرنى سىيپاپ، دېرىزىلەرنىڭ، ئىشىكلەرنىڭ قىسىلىشلىرىدىن كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى.

— ئەمدى باشلىققا چىقىنىپتىمىز، — دېدى ياسىن بوغالتىر، — ھە دېسە پرىنسىپقا ئېسىلىۋېلىپ ئۇلغۇماچنى ئۇرۇۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ. بىزمۇ ئادەم، تۇزۇمگە بويسۇنىمىز، دەپ جۇلقىمىز چىقىپ كەتتى.

ياسىن بوغالتىرنىڭ گېپىگە مەنمۇ، سادىر دەرۋازىۋەنمۇ گەپ قوشمىدۇق. ئۆزۈمدىن خۇش بولۇپ قالدىم، بىر نېمە دېگەن بولسام ئاغزىمدىن قالايمىقان گەپ چىقىپ كېتىپ قالغان بولسا قانداق بولار ئىدى، تاماقنى ئاز يېيىش، گەپنى ئاز قىلىش پەزىلەتلەرنىڭ ئېسىلى، دېگەننى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويمىغىنىم ياخشى.

— بۇ دەرۋازا بولماپتۇ، — دېدى يېڭى باشلىق كەلكۈن ئاخىرلىشىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دەرۋازىغا تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ، — ئەپتىدىن زامانىنىڭ كەينىدە قالغىنى چىقىپلا تۇرىدۇ. ھازىر قايسى دەۋر، ئۆتمۈشتىكى نەرسىلەرنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرسەك بولمايدۇ - دە.

باشلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. كۈلۈمسىرىشى شۇنداق چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ نېمىشقا كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. باشلىقلارنىڭ نېمىشقا كۈلگىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ، باشلىق دېگەننىڭ خۇش بولىدىغان ئىشلىرى جىق، كۈلگىسى كەلسە كۈلۈۋېرىدۇ، ئۇلار كۈلمىسە قانداق بولىدۇ.

بىر نەچچە ئادەم پەيدا بولدى، قوللىرىدا يۆگىمە مېتىر، بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ دېگەندەك نېمىلەر، يەنە ھېسابلىغۇچ بار ئىدى، قېلىن بىر دەپتەرگە بىر نېمىلەرنى يېزىشتى، دەرۋازىغا قوللىرىنى جوڭۇپ سۆزلەشتى، غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ قانداقتۇر بىر نەرسىنى دورىغاندەك قىلدى، ئىشقىلىپ شۇنداق بولدى، جىق بىر ئىشلار بولدى.

ئەتىسى چۇش بىلەن بۇرۇنقى دەرۋازا چېقىلىشقا باشلىدى. تاماشا كۆرگىلى نۇرغۇن ئادەم كەلدى. ھەممەيلەن بۇ دەرۋازىنىڭ نېمىشقا چېقىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، يېڭىسىنى نېمىشقا سالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. خەقلەر بۇنداق ئىشلارنى بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بىلەتتى، چاقسا چاقىمامدۇ، يېڭىدىن سالسا سالمامدۇ، بۇ بىز بىلىدىغان، بىز چۈشىنىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. بىز ياسىمىساق بولاتتى، دېگەنگە ياسىمايدىغان ئىش يوق، ياسىسا بولاتتى دېگەنگە ياسايدىغان ئىشمۇ يوق. خەقلەر شۇنداق ئويلىسىمۇ تاماشا كۆرۈشكە كېلىشكەنىدى. تاماشا دېگەن باشقا گەپ. تاماشانىڭ ئۈستىگە تۇغۇلۇپ، تاماشانىڭ ئارىسىدا چوڭ بولۇپ، تاماشاغا قانماي، تويماي جاھاندىن كېتىپ قالىدىغان بوۋايلارنىڭ نەۋرىلىرى، دادىلارنىڭ باللىرى تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— بۇ دەرۋازا ئىدارىمىزنىڭ ئوبرازىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنداق ئىپتىدائىي نەرسىلەر بىلەن قانداقمۇ بىر ئىشنى تاك ئاتقۇزغىلى بولسۇن، شۇڭا بۇنى باشقىدىن ياسايلى. ئېسىل بولسۇن، بۈگۈنكى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ جۇلاسى نامايان بولسۇن.

ھەممەيلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتىشتى، چاۋاك چالغانلارمۇ بولدى.

— دەرۋازا دېگەن مۇنداق بولمامدۇ، — دېدى ياسىن بوغالتىر سېمىز بەستىنى ئېگىشتۈرۈپ، — ئوغۇل بالىدەك باشلىقكەن بۇ.

— قايسى دەرۋازىنى دەيسەن؟

— يېڭى دەرۋازىنى دەيمەن.

— يېڭى دەرۋازىنى تېخى ياسىمىدى، ئەمدى كونىسى چېقىلىۋاتىدىغۇ؟

— ئىشقىلىپ چېقىلدى، يېڭىسى سېلىنىدۇ، دېمەك يېڭىسى قالتىس بولىدۇ.

ياسىن بوغالتىر ئىسسىقتا تەرلەپ كەتسە كېرەك، كۆڭلىكىنىڭ مۈرىسى بىلەن دۇمبىسى چاپلىشىپ تۇراتتى. ماموت تۆت كۆز بىرەرسىنىڭ سوئال سوراپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ناھايىتى تېز يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى.

دەرۋازىنىڭ كونىسى چېقىلىپ يېڭىسى سېلىنىدىغان بولدى.

شۇنداق بولدى، دەرۋازا نۇرغۇن تاماشىچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا چېقىۋېتىلىپ تۈزلەندى، ئارىدىن ئىككى ھەپتە بەلكىم ئۈنچىلىكمۇ ۋاقىت ئۆتمىگەندۇ، يېڭىدىن دەرۋازا پەيدا بولدى، بۇ دەرۋازا بۇرۇنقى دەرۋازىلارغا ئوخشىمايتتى، ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارسىمان تۈۋرۈكلىرى يېشىل چاقچۇق بىلەن بېزەلگەن، مۇنارلىرىنىڭ بىرسىنىڭ ئۈستىدە كرىستۇرۇلمە چەمبەر ئىچىگە گىلۇبۇس ئورنىتىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە بىر قۇشنىڭ پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان ھەيكىلى قويۇلغانىدى. سادىركام ئۇنى بۇرۇنقى يېكەنىلىك كۆلدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بېلىقئالغۇچقا ئوخشايدىكەن، دەپ ئويلىدى.

كۆڭۈللەردە كونا بىر نەرسە يوقىلىپ يېڭى نەرسىلەر پەيدا بولغاندەك ئىدى، مۇشۇنداق يېڭىلىقلار بولسا ياخشى بولىدىكەن، دەپ ئويلىغانلار، سەلىم دوختۇردەك ئويلىغانلار نۇرغۇن ئىدى، ئەمما مەيلى سەلىم دوختۇردەك ئويلىغانلار يا ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ تەتۈرىچە ئويلايدىغانلار بولسۇن...نېمە ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن، يېڭى دەرۋازا ياسالدى، ئىش مانا مۇشۇنداق، ئۇنىڭ يا بۇنىڭ قانداق ئويلىشى بىلەن كىمنىڭ كارى.

شۇنداق قىلىپ يېڭى دەرۋازا پەيدا بولدى، قەد كۆتۈردى، قۇياش نۇرىدا جىلۋە قىلدى، كىشىلەر خېلى كۈنلەرگىچە ھۇزۇر ئېلىپ يۈرۈشتى. قۇشنىڭ، چەمبەر ئىچىدىكى گىلۇبۇسنىڭ نېمىگە سىمۋول قىلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتى، مۇھاكىمە قىلىشتى.

— دەرۋازا دېگەن مۇنداق بولىمامدۇ ، — دېدى ياسىن بوغالتىر يوغان گەۋدىسى سەل ئېگىلگەن ھالدا، — بۇرۇنقى دەرۋازا زادى قاملاشماي قالغان... ئوغۇل بالىدەك باشلىقكەن بۇ.

بىر نەچچەيلەننىڭ ياسىن بوغالتىرغا بىر نېمە دېگۈسى بارەدەك قىلاتتى، ئەمما ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى، دېسىمۇ، دېمىسىمۇ ئوخشاش، دېگەنىنىڭمۇ، دېمىگەنىنىڭمۇ پايدىسى يوق، زىيىنىمۇ يوق، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى بولغانلار مۇشۇنداق ئويلايدىغاندەك قىلاتتى، ياسىن بوغالتىردىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالغانلار بارەدەك قىلاتتى.

ئەمما ياسىن بوغالتىرغا بىر نېمە دېيىشنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ يوق، دەپ ئويلايدىغان بىر نەچچەيلەندىن باشقا قارا كىلىيونكا سومكا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلار، كەپكە كىيۋالغانلار، دوپپا كىيۋالغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دېيىشەتتى:

— بۇ قۇش بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ قۇشتەك ئۇچۇپ تەرەققىي قىلىمىز دېگەنگە بەلگە قىلىنغان، — دېدى بىرەيلەن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغاندەك قاراپ قويۇشتى، ئەمما ئارىدىن بىرى تەتۈر ياكى تەتۈرگە يېقىنراق گەپتىن بىرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— بۇمۇ بىر گەپ، بىر زامانلاردا سەكرەيمىز، ئۇچىمىز، دەيدىغان گەپلەر تولا بولاتتى، بۇمۇ شۇنىڭ سىڭرى بىر گەپمۇ نېمە.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئۇ زامانغا بۇ زامان ئوخشامتى.

گەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاخىرىدا چىرايى تاتارغانلار، قىزارغانلار بولدى.

— چەمبەر ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ئۆزى نېمە ئەمدى.

— گىلۇبۇس.

— بۇ نېمىسى ئەمدى.

— بۇ يەر - تېخنىكىنىڭ سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن.

— ياق، بۇ دېگەن يەر شارىنىڭ مودېلى.

— مېنىڭچە، خەقلەرگە يەر شارى مۇشۇنداق يۇمىلاق بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرمەكچى.

— بۇنى بىلدۈرۈپ نېمە قىلىدۇ، بۇ ئالىلقاچان ھەممە ئادەم بىلىپ بولغان گەپ.

— سەن بىلگىنىڭ بىلەن باشقىلار بىلمەيدۇ - دە.

— ئۇنى دېسىڭغۇ ھازىر خەقنىڭ يەر شارىنىڭ يۇمىلاق يا تۆت چاسا بولۇشى بىلەن نېمە ئىشى، خەق قورسىقى تويۇپ، تىنچ كۈن كۆرسە بولدى.

— ما گەپ پەقەت قاملاشمىدى، ھازىر ئىلىم دەۋرى، ئۆزى ياشاۋاتقان يەرنىڭ يۇمىلاق يا تۆت چاسا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يۈرۈشى كېرەك.

— خەق...

بۇ دەرۋازىنى سەلىم دوختۇر كۆرمىدى، كۆرگەن بولسا نېمە دەر ئىدىكى، بىلمەيمەن. ئۇ پات - پات ئىسمائىلبايىنىڭ

گېپىنى قىلىپ ھەسرەت چېكەتتى:

— ئىسمائىلبايدا مىليون - مىليون پۇل بار، ئەمما ئۇ بىچارە تاپقىنىنى دەرۋازا ياساش بىلەن ماشىنا يەڭگۈشلەشكە سەرپ قىلىپ تۈگەتتى. بۈرۈنقى جاھاننىڭ بايلىرى مەسچىت، مەكتەپ سالاتتى، ھازىرقىلار نېمانداق قىلىدىغاندۇ.

— ھازىرقى بايلاردىنمۇ مەكتەپ، مەسچىت سالغانلار، يول، كۆۋرۈك ياسىغانلار تالاي، سىز كۆرمەپسىز.

— ئۇغۇ شۇنداقتۇ، بىراق ئىسمائىلباينىڭ قىلىقىنى دەيمەنغۇ...

سەلىم دوختۇرنىڭ ئىچ پۇشۇقى يەتكۈچە باردەك قىلاتتى، كىم بىرلىرى ئۇنى كاللىسى قېتىپ كەتكەن چۆيۈن، زاماننىڭ كەينىدە قالغان ئەخمەق، دەپ تىللىغاندەك ئىدى، ئەمما كۆڭلىدە تىللىغاندىكىن بۇنى سەلىم دوختۇرمۇ، باشقىلارمۇ ئاڭلىمىدى، پەقەت ئاق كەپكە كىيىۋالغان بىرسى غۇدۇراپ قويىدى:

— تاپقان پۇلنى شۇنداق خەجلىمىسە قانداق قىلىدۇ، جاھان بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ.

سەلىم دوختۇر ئۇنىڭغا قارشى بىر نېمە دېگەندۇ ياكى ئۆزىنىڭ گېپىنى يەنە تەكرارلىغاندۇ، سەلىم دوختۇر نېمە دېسە دېسۇن ئىسمائىلباينىڭ دەرۋازىسى توغرۇلۇق ھەم بىزنىڭ ئىدارىنىڭ يېڭىدىن پۈتكەن دەرۋازىسى توغرۇلۇق نۇرغۇن تالاشلار بولدى، ئەمما بەك ئۇزاق داۋام قىلمىدى. خەقلەر يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى. جاھان ئۆزگىرىپ تۇردى، مائاش ئۆستى، يەيدىغان نەرسە قىممەتلەشتى، ئەخلەت يېمەكلىك دەيدىغان گەپ پەيدا بولدى. يەنە ئەيدىز دېگەن ساقايماس كېسەللىكنىڭ، خېروئىن دېگەن زەھەرنىڭ ۋەھىملىرى پەيدا بولدى. ئىشقىلىپ مۇشۇنداق بىر ئىشلار بولۇپ تۇردى. بىر يىللىرى خەتنىسىنى قىلغان ئوغلۇمنىڭ بويى ئۆسۈپ مۇرەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك نېمە دېسەم رايىشلىق بىلەن ماقۇل دېمەيدىغان بولدى، ھە دېگەندە گېپىمدىن قۇسۇر چىقىرىدىغان، ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىدىغان بولۇۋالدى، ئۇنىڭ بىلەن دېمەتلىك باللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداقراق ئۆسۈپ چوڭ بولدى، مېنىڭ ئۆيۈمدىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى مۇشۇ، تالادا جىق ئىشلار بولۇپ كەتكەندۇ، ئەمما مېنىڭ يادىمدا قالغانلىرى بەك ئاز. شۇ كۈنلەردە سەلىم دوختۇرنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇنۇ گېپى يادىمدا بار:

— ئىسمائىل ئىشتىنىغا پاتماي قالدى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە بىر نەچچە خوتۇن يەڭگۈشلەپ بولدى.

سەلىم دوختۇر ئىسمائىل باينىڭ ماشىنا يەڭگۈشلىگىنىدىن، خوتۇن يەڭگۈشلىگىنىدىن، دەرۋازا يەڭگۈشلىگىنىدىن نارازى ئىدى، يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭمۇ ئىسمائىلبايدىن نارازى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ۋاقىت مەسخىرىلىك تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئۆتۈۋەردى، ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان قۇش بىلەن يەرشارىنىڭ يۇمۇلاق ئىكەنلىكىنى بىر كىملەرگە دەپ بەرمەكچى بولغان دەرۋازىمۇ كىشىلەرگە قىزىق تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. جىق ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى. شۇ ئارىدا بىر تۆمۈرچى بىلەن بىر ياغاچچىنىڭ جېدىلى بولدى، ياغاچچى دەيدىكەن مېنىڭ ھۈنىرىم ھەممىدىن مۇھىم، جاھاننىڭ ئىلگىرى بېسىشىدا مېنىڭ تۆھپەم زور، دەپ؛ تۆمۈرچى دەيدىكەن: ھەممە ھۈنەرنىڭ بېشى مەن، ھەممە ئىشلار مەن ياسىغان سايمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ، دەپ. ئۇ ئىككىسى قوشنا خەقلەركەنمىش، جېدەل ھەتتا كەكە - پالتا كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. مۇشتىنىڭ دەۋرى كەتتىمۇ نېمە، خەقلەر ئۇرۇشۇپ قالسىلا قولىغا بىر نېمە ئېلىپ چىقىدىغان بولۇپ قېلىشىپتۇ. ئاخىرى قانداق بولدى، دېگەننى مەن بەك سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدىم. دېيىلىشىچە، تۆمۈرچى بىلەن ياغاچچى باللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ تۆمۈرچىنىڭ جەددى - پۇشتى ياغاچچىلىقنى ئۆگەنمەسلىككە، ياغاچچىنىڭ ئەۋلادى تۆمۈرچىنىڭ ئىزىدىن ئاتلىماسلىققا قەسەم قىلىشقانمىش.

كەپتەر تالىشىپ تىغ كۆتۈرۈشكەنلەر، قىز تالىشىپ تىغ كۆتۈرۈشكەنلەر ئۇنتۇلماي تۇرۇپ ئەمدى ياغاچچى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ مۇنۇ جېدىلى پەيدا بولدى. كۈن كۈنگە ئوخشىمايدۇ، بىز ئويلىغان - ئويلىمىغان ئىشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئىشقا چېتىشلىق ياغاچچىنى ماموت تۆت كۆزنىڭ تۇغقىنى دېيىشىۋاتاتتى، جېدەلگە قىزىقىپ قالدىم، جېدەلنىڭ ئۆزى قىزىق جېدەل ئىدى.

— ماموتكا، — مەن ئۇنى چاقىردىم، قولتۇقىدا يۇمۇلاق قاتلانغان بىر ژۇرنال بار ئىدى.

— مەن بىلمەيمەن، — دېدى ماموت تۆت كۆز بېشىنى يەردىن ئالماي.

— نېمىنى بىلمەيسىز؟

— ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

بىر مۇنچە ئادەملەر ماموت تۆتكۆزنى جاھاندا ئەڭ خاتىرجەم ياشايدىغان ئادەم، دەپ يۈرۈشەتتى، مەن بۇ گەپكە پەقەت ئىشەنمىدىم.

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كامىل باشلىق يۆتكىلىپ كەتتى. ئۈچ يىل ئۆتكەندۇ، بەلكىم تۆت يىل بولۇشىمۇ مۇمكىن، ۋاقىتنى بەك ئېنىقكە ھېسابلاپ كەتمەيمەن، ئىشقىلىپ شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتتى. كامىل باشلىق ئۇشتۇمتۇت يۆتكىلىپ كەتتى. نەگە كەتتى، بۇنى بىلىپ بولغىلى بولمىدى، خەقلەرنىڭ ئاغزىدا مىش - مىش گەپلەر جىق. بىرلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئىدارىنىڭ نۇرغۇن پۇلنى يۇتۇۋاپتىكەن، شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كاساپەتكە كەتكەنمىش، يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇ يۇتۇۋالغان بىلەن ھەممىنى بىر ئۆزى يۇتۇۋالماپتىكەن، ئىنساب بىلەن يۇتۇپتىكەن، باشقىلارغىمۇ بېرىپ، تەگ يەيلى دېيىشىپ يۇتۇپتىكەن. شۇڭا ئۇنىڭدىن چاتاقمۇ چىقمايدىكەن.

كامىل باشلىق كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي مىش ـ مىش گەپلەر، كۇسۇر ـ كۇسۇر گەپلەر ئاۋۇپ كەتتى. ھەممە يەردە گەپ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا گەپ ئىدى. گەپنىڭ تولىلىقىدا كىم نېمە دېدى، كىمنىڭ قايسى گېپى راست، قايسىسى يالغانلىقىنى ئاڭقارغىلى بولمايدىغان بىر نېمىگە ئايلىنىپ كەتتى. بىراق گەپنىڭ ئاخىرىدا دېيىلگىنى بويىچە كامىل باشلىق كەتكەنىكەن ئەمدى يېڭىدىن باشلىق كېلىدىكەن، بۇ ھەم شۇنداق بولمىسا بولمايدىغان ئىشكەن.

شۇنداق قىلىپ يېڭىدىن باشلىق كېلىدىغان بوپتۇ. بۇ قېتىم كەلگىنى ياش، كېلىشكەن ئادەممىش، ئەمما تولىمۇ سىرلىقمىش.

— ئەمدى باشلىقتەك باشلىققا ئىگە بوپتۇق، — دېدى ياسىن بوغالتىر ئېگىز گەۋدىسىنى ئېگىپ، — باشلىق دېگەن مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ.

— قايسى باشلىقنى دەيسەن؟

— يېڭى كېلىدىغان باشلىقچۇ.

— يېڭى باشلىق تېخى كەلمىدى، كىمنىڭ كېلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، ياخشى بولىدۇ، يېڭى كەلگەنىكەن، دېمەك ياخشى بولىدۇ ـ دە.

بىر كۈنى قوزا چۈش بولغان مەھەلدە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر ماشىنا توختىدى، ماشىنىنىڭ ئەينەكلىرى قاپقارا ئىدى. قارا بولغاچقا ئىچىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى، سادىركاممۇ كۆرەلمىدى. خېلى بويۇنداپ باقتى، كۆرەلمىدى، بەكرەك قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇنداق قىلىپ يېڭى باشلىق كەلدى. ئىدارىدە ھېس قىلغىلى بولىدىغان، ئەمما نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە ھەممەيلەننىڭ ئەتراپىدا ئاستا، سىرلىق تەرزدە ئايلىنىپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

باشلىق ماشىنا بىلەن ئىدارىغا كىرىپ چىقىپ يۈردى. ماشىنىدىن چۈشمەيتتى، ماشىنا بىلەن كىرەتتى، ماشىنا بىلەن چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئون كۈن يا ئون بەش كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى باشلىق ئىشخانىسىدىن پىيادە چىقىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا پىيادە كەلدى. سادىركام چۆچۈپ قالدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇردى، دەرۋازىنى ئاچاي دېسە تېخى، ئاچماي قاراپ تۇراي دېسە تېخى... نېمە قىلارىنى راستلا بىلەلمىدى.

— بۇ دەرۋازا بولماپتۇ، — دېدى باشلىق ئىپادىسىز بىر نەزەردە. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى، مۇشۇنداق بولىدۇ، باشلىق دېگەننىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ خۇش بولغىنىنى يا ئاچچىقلىغىنىنى بىلگىلى بولسا قانداق بولىدۇ، ئۇلار دېگەن سىرلىق كېلىدۇ، ئىشنى قانداق قىلىشنى بىلىدۇ، شۇڭا باشلىق بولىدۇ.

يېڭى باشلىق توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەر بولدى، ئەمما گەپ جىق بولغان بىلەن ئۇ توغرۇلۇق جىق بىر نېمىلەرنىمۇ ئۇققىلى بولمىدى. ھەتتا تولۇق ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغانلارمۇ يوق ئىدى. بىرلىرى قەيسەركەن دېسە بىرلىرى ئەسقەركەن دېيىشەتتى.

— دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە قۇشقاچ دېگەندەك نېمىلەرنىڭ ھەيكىلىنى قوندۇرۇپ قويۇشنىڭ نېمىگە لازىمى بار، بۇنى باشقا ياسايمىز.

ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى، ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ياسىن بوغالتىرنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دەرۋازا دېگەن مۇنداق بولمامدۇ.

— قايسى دەرۋازىنى دەيسەن.

— يېڭىدىن دەرۋازا ياسايدىغان بولدۇق، شۇنى دەيمەن.

قاسىم زاپخوزنىڭ تۇرقى غەلىتە ئىدى، نىياز سادىقنىڭ كۆزلىرى توختىماي سۆزلەيتتى، بۇ ئىككىيلەن ھېساب ـ كىتابقا تەئەللۇق ناھايىتى نۇرغۇن سىرلىق ئىشلارنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۈستىگە ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قۇشنىڭ يەنە گىلوبۇسنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن دەرۋازا ئۆرۈۋېتىلدى. بۇنى ئۆرۈۋېتىش بەك تېز بولدى، بۇرۇنلاردا بولىقا، لوم تۆمۈر دېگەندەك نېمىلەر بىلەن چاقىدىغان، ھازىر غايەت يوغان ماشىنىلارنى ھەيدەپ كېلىپ شۇنداقلا ئۇرسا بىردەمدە يىقىلىپ ئۆرۈلۈپ تەييار بولىدىكەن. كونا دەرۋازا قانداق تېز ئۆرۈلگەن بولسا يېڭى دەرۋازا شۇنداق تېز پۈتتى. پۈتكەنىدىمۇ بەك تېز پۈتتى. ھېچكىم بۇنداق تېز پۈتەر دېمىگەنىدى. يېڭى دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارى تاشسىمان بىر خىل نەرسىلەر بىلەن بېزەلدى. كۆلرەڭلىك بۇ تاختايلار راست تاشتەك تەسىر بېرەتتى. دەرۋازا مۇنارىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسىمۇ قويۇلمىدى. بۇ دەرۋازىغا بىر قارىسا ناھايىتى ھەيۋەتلىكتەك، يەنە بىر قارىسا بەك ئاددىيدەك تەسىر بېرەتتى، زادى قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

سەلىم دوختۇرنىڭ بۇ دەرۋازىنى كۆرسە نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ئەس خىيالى ئارام ـ قارام يوق ماشىنىنىڭ نوچىسىنى ئېلىش، خوتۇن ئالماشتۇرۇش، دەرۋازىسىنى چىقىپ ياساش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىسمائىلبايدا قالغاندەك قىلاتتى.

— ئىسمائىل ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلسە بولاتتى، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسىز.

— قىلىۋاتقان ئىشلىرى شۇ تۇرسا ئەنسىرىمەي بولامدۇ.

— نېمە ئىش قىپتۇ.

— ئىشقىلىپ ئادەمنى ئەنسىرىتىدىغان ئىشلار.

مەن ھەم مېنىڭ يېنىمدىكى ئادەم سەلىم دوختۇرنى ئىسمائىلباي بىلەن تۇغقان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدۇق، تۇغقان بولمىسىمۇ يېقىن ئادىمى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بەزى ئادەملەر تۇغقاندىن چارە يېقىنلىشىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ.

— دەرۋازا دېگەن مۇنداق بولامدۇ، — دېدى ياسىن بوغالتىر يوغان گەۋدىسى سەل ئېگىلگەن ھالدا، — بۇرۇنقى دەرۋازا زادى قاملاشماي قالغان...ئوغۇل بالىدەك باشلىقكەن بۇ.

ياسىن بوغالتىرنىڭ گېپىگە كىملەرنىڭ دىققەت قىلغىنىنى بىلمىدىم، مەنمۇ بىر نېمە دېيىشىم كېرەكتەك قىلاتتى، ئەمما ھېچنېمە دېمىدىم، ھېچنېمە دېمىگىنىمدىن خۇش بوپقالدىم، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا دەيدۇ، دىققەتتە بولماق كېرەك.

يېڭى باشلىق كەلدى، يېڭى دەرۋازىمۇ پۈتتى، ھەممە ياقتا كۇسۇر - كۇسۇر گەپ ئىدى، يېڭى باشلىقنى پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەمكەن، چۈشەنگىلى بولمىغىنى نېمىسى، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى، چۈشەنگىلى بولمىغانىكەن، ھە دېسە باشلىقنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇلۇۋالىدىغانلارمۇ ئۇنىڭ نېمىگە ئامراقلىقى، نېمىگە ئۆچلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدۇ. باشلىقنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەيدىغانلار بازار تاپالماي ئىشلار ئادىل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، باشلىق دېگەن مۇشۇنداق چۈشەنمەك تەس، بىلمەك تەس بولسا ياخشى ئەمەسمۇ. مۇشۇنداق بولغاندا باشلىقنىڭ باشلىقتەك سۈرى بولىدۇ... مۇشۇنداق گەپلەر قورۇدىكى قاراياغاچلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا، سۇ تۇرۇبىلىرىنىڭ جۈمەكلىرى ئەتراپىدا، ئىشخانىدىكى پۇراقسىز گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا سوغۇققىنە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

شۇنداق بولدى. چۈشەنگىلى بولمايدىغان، نېمە خىيالى، نېمە ئارزۇسى بارلىقىنى، نېمىگە ئاچچىقلاپ نېمىگە خۇش بولغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان باشلىقمۇ بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى، شۇ مەزگىللەردە ھېلىقى دەرۋازىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەد كۆتۈرۈپ تۇردى. ھېچكىم بۇ باشلىقنىڭ نېمىگە ئاچچىقلاپ نېمىگە خۇش بولغىنىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى، نى - نى ئەقىللىكلەرمۇ ھېچ ئامال قىلالمىدى. بەزى ئىشلارغا ئامال قىلغىلى بولمايدىكەن.

سەلىم دوختۇر بىلەن ماموت تۆتكۆز تونۇشمىسا كېرەك.

ۋاقىت ئۆتتى، ۋاقىت ئۆز يولى بىلەن ئۆتتى، ۋاقىت قەدىمدىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، يەنە مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش بۇ باشلىقمۇ كەتتى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەسقەر ياكى قەيسەر ئىكەنلىكىنى ھازىر ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھەممىسى كېتىدىكەن، كېلىدىكەن، يەنە كېتىدىكەن. شۇنداق بولىدىغۇ، بىر ئادەم بىر يەردە بىر ئۆمۈر تۇرۇپ قالىدىغان ئىش نەدە بار. ئۇ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭ باشلاندى، ئۇنى يەپتۇ، ئىچىپتۇ، دېگەندەك پاراڭلارنىڭ بولغىنىنى ئاڭلىمىدىم، ئەمما بىرسى سىرلىق قىلىپ:

— قارىسا مۆرىمەس مۆك كۆرۈنگىنى بىلەن قىلىقى سەت بىر نېمىكەن ئۇنىڭ، ئىدارىدىكى تىرناقتا توختايدىغان چوكانلارنى بىر باشتىن ئىندەككە كەلتۈرۈپ چىقىپتىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى. مەن تاڭ قالدىم، بۇنداق ئىش بولسا... بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ... بۇ ئىدارىدا قىز - چوكانلار تولا، تىرناقتا توختايدىغانلىرى قايسىلار... بۇنى مەن بىلمەيمەن، ئەگە شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا...

— راۋۇرۇس باشلىقكەن جۇمۇ بۇ، — دېدى ياسىن بوغالتىر ئېڭىشكىنىچە ھەسرەپ، ئۇنىڭ كاناي ياللۇغى قوزغىلىپ قالغاندەك قىلاتتى، — باشلىق دېگەن مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ.

— كىمنى دەيسىز؟

— يېڭى كېلىدىغان باشلىقچۇ.

— ئۇنى نەدە كۆردىڭىز؟

— ئۇنى نەدە يۈرۈپ كۆرىمەن، ئۇ تېخى كەلمىگەن تۇرسا، ئەمما زە ھامان كېلىدۇ - دە.

بىز ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ قېپقالدۇق، كېتىدىغان باشلىق كەتتى، خەقلەرنىڭ ئېغىزىدىكى گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايتتى. ئۇ ھەقتىكى كەتكەنىنىڭ كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ يېڭى كېلىدىغىنىنىڭ كەلمەي تۇرۇپ پارىڭى چىقىشقا باشلىدى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن خەۋەرلەردىن بىلىندىكى يېڭى كەلگەن باشلىق ئوبدان ئادەممىش، قائىدە پرىنسىپىمۇ، ئادەمگەرچىلىكنىمۇ چەتكە قاقمايدىكەن. ھەر ئىككىسىنى مۇۋاپىق يۈرگۈزۈپ ماڭىدىكەن. ۋاقتى كەلگەندە قائىدىنى، پرىنسىپنى، ۋاقتى كەلگەندە ئادەمگەرچىلىكنى ئاساس قىلىدىكەن، مۇشۇنداق بولغىنى خوپ، ھە دېسە پرىنسىپقىلا ئېسىۋالسىمۇ، ياكى ئادەمگەرچىلىكنى ئالدىغا قويۇۋالسىمۇ بولمايدۇ، قايسىسى مۇھىم بولسا شۇنى قىلىشى كېرەك. مەسىلىنى قايسى يول بىلەن ھەل قىلسا شۇ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئاقلانىلىك. بىردە ئادەمگەرچىلىككە، بىردە

www.uyghurkitap.com



پرىنسىپقىلا ئېسىلىشالسىمۇ بولمايدۇ.

كونا باشلىق كېتىپ يېڭى باشلىق كېلىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، يەنە نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ يىللاردا شەھەردە داڭق قازانغان بىر ئاشخانا ئۇشتۇمتۇتلا تاقىلىپ كەتتى، سەۋەبى بۇ ئاشخانا تازىلىقى ناچار خۇرۇچلار بىلەن تاماق چىقىرىدىكەن، ئىلگىرى بۇ ئاشخانىدا تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆچىرەت ساقلايدىغان ئىش ئىدى، خېرىدارنىڭ تولىلىقىدىن ئارامخۇدا تاماق يېگىلى بولمايتتى، كىم بىرلىرى بۇ گەپلەرنى تارقاتقاندىن كېيىن ئاشخانا چۆلدەرەپ قالدى. ئاشخانىنىڭ ياش تۇرۇپ ئۇزۇن ساقال قويۇۋالغان غوجايىنى ھەسرەت بىلەن:

— مەن ھالال ئىش قىلىپ كەلگەن، خەقلەر ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى، ھەممىنى خۇداغا قويدۇم، — دېدى.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن دەمدە ئىككىلەن ئاستا كېتىۋېتىپ غۇدۇراپ قويۇشتۇق.

— مەنمۇ ئۇ ئاشخانىدا نۇرغۇن قېتىم تاماق يېگەن، خۇدا ساقلىغان بولغىيتتى ـ ھە.

خۇدا ساقلار، دېگەن گەپنى تېخى يۈز بەرمىگەن، بولمىغان، بولغۇسى پالاكەتلەر ئۈچۈن دەيتتۇق، ئەمدى بولۇپ بولغان ئىشلار ئۈچۈن خۇدانىڭ ساقلىشىنى تىلەۋاتىمىز.

— بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

مەن يولنىڭ ياقىسىدىكى گۈللۈككە تۈكۈردۈم، گېلىمنى بەك قىرىۋەتكەن بولسام كېرەك، كانىيىم ئاغرىدى، يېنىمدىن ئۆتۈۋاتقان ئىككى ئايال ئاتايىن ماڭا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

شۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئادەم ئىككى تام بولۇپ مۇنازىرە قىلىشتى، بىرلىرى ئاشخانا غوجايىنىنى ئاقلاپ ئۇ كىشىنىڭ تەقۋا ئادەملىكى، ئۇنداق پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن خەقلەرنىڭ ئەقلىنى بۇلىغايدىغان ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ يەك تۇرەتتى، يەنە بىرلىرى بۇلارغا قارشى پىكىردە ئىدى. ئاخىرىدا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك مۇشتلاشقانلار چىقتى، دېيىشىدۇ، تىغ كۆتۈرۈش بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلمىدىم.

مۇشۇنىڭدەك ئىشلار نۇرغۇن بولدى، مەنمۇ پېنسىيەگە چىقىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتۈم، كۆڭلۈم قارا بولۇپ قالدى، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى دوقمۇشلىرىغا يىلىسېرى يېقىنلاۋاتقاندەك قىلاتتىم.

يەنە يېڭى باشلىق كەلدى. ھەيۋەتلىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى، ئۇنىسىز شاۋ ـ شۇۋ باشلىنىپ كەتتى. كونا ـ يېڭى ئىشلارنىڭ ئەسلىمىلىرى تولا يادىمغا يېتىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى، بايىقى گەپلەرنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم، ئەسلىيەلمەي ئاۋارە بوپ كېتەتتىم، ئەمما نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار بايا بولغاندەك خاتىرەمدە سۈزۈكلىشىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە يېڭى باشلىق دەرۋازا ئالدىغا كەلدى، ئۇزۇن قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بۇ دەرۋازا بولماپتۇ، بۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر مەنىنى ئۇققىلى بولمايدىكەن، يېڭىدىن ياساش كېرەككەن... ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىرىككەن ھالدا ئوبرازىمىزنى نامايان قىلىدىغان بولسۇن... — دېدى.

شۇ كۈنلەردە ياسىن بوغالتىر ئېغىر ئاغرىق بىلەن دوختۇرخانىدا ئىدى.

ماموت تۆت كۆز دۈمچىيىپ قالغانىدى، ئۇنى ئاستا چاقىردىم:

— ماموتكا.

— مەندىن سورىما.

— نېمە؟

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ تېگىدىكى قارا تۈتۈنلەر مېنى دىمىقتۇرىۋەتتى.

يەنە بۇرۇنقىدەك كونا دەرۋازىنى چېقىۋېتىپ يېڭىدىن دەۋازا ياسالدى، دەرۋازىنىڭ نەقىشلىرىدە قەدىمكى گۈل نەقىشلەرنىڭ جۇلاسى بىلەن يېڭى زامانچە ئۇسلۇب بار ئىدى. دەرۋازا توغرىسىدا قاسىم زاپخوزنىڭ، نىياز سادىقنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى بىلمىدىم، مېنىڭ بىلمىگىنىم ئۇلارنىڭ ھېچنېمە دېمىگەنلىكىدىن ئەمەس، نېمە دېگەنلىكىگە قىزىقمىغانلىقىمدىن بولغانىدى. بىر گەپ، بىر ئىش تەكرارلىنىۋەرسە مەززىسى قالمايدىكەن.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى. سادىركاممۇ قېرىپ كەتتى، سەلىم دوختۇرمۇ ئىسمائىلبايىنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقماس بولۇپ قالدى. سادىركام پېنسىيەگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتقان كۈنلەردە بىر قارا ماشىنا دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇل مېڭىپ كەتتى، ئىدارىدە يەنە شاۋ ـ شۇۋ باشلىنىپ كەتتى. ئون كۈنلەر ئۆتۈپ، بەلكىم يىگىرمە كۈن ئۆتكەندۇ، باشلىق دەرۋازا ئالدىدا توختاپ ئۇزاق سەپسېلىپ تۇرۇپ كەتتى:

— بۇ دەرۋازا بولماپتۇ، بۇنىڭدىن يا زامانىۋىلىقنىڭ، يا ئەنئەنىۋىلىكنىڭ قايسىسىنى ئاساس قىلغىنىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، قايتا ياسىمىساق بولمايدىكەن...

قارا كىلىيونكا سومكىسىغا رەسمىيەت قەغەزلىرىنى سېلىۋالغان سادىركام مۈكچەيگىنىچە سىرتقا ماڭدى. ئۇ قېرىپ كەتكەنىدى...

2014 ـ يىلى 5 ـ ئاي




## پېرسوناژسىز ھېكايە

بۇ بىر پېرسوناژسىز ھېكايە. بۇ ھېكايىدە تېخى بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىگەن. سەن بۇ ھېكايىدىن ساداقەت ھەققىدە ھېچنېمە تاپالمايسەن. چۈنكى ساداقەت دوستلۇقتىنمۇ كېيىنكى ئىش بولۇپ، بۇ ھېكايىدىكى دوستلۇقنىڭ شەكىللىنىشىگە تېخى بالدۇر. مۇبادا سەن مۇشۇ ھېكايە بولدىمۇ دەپ ئويلىغان بولساڭ، ئۇنداقتا ئويلىرىڭنى يەنىلا شۇ پېتىچە ياقلاۋەر. سېنىڭ شۇنداق ئويلىشىڭنى ھېچكىم چەتكە قاقمايدۇ. ئەمما بۇ يەردە تېخى دوستلۇق شەكىللەنمەي تۇرۇپ، ساداقەت ياكى ساداقەتسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ھېكايىدە شۇنىڭ ئۈچۈن پېرسوناژ يوقكى، مۇشۇ ھېكايىنىڭ سيۇژىتىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئالامەتلەر تېخى كۆرۈلگىنى يوق. بەلكىم ئۇزاق بىر مەزگىلدىن كېيىن سەن بۇ يەردە مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىنغان رەھىمسىز كۈرەشنىڭ قۇربانلىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولارسەن. بەلكىم شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ھېكايە ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ھەقىقىي پېرسوناژنى – تۇۋلىسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار ھەقىقىي بىر ئادەمنى كۆرگەندەك بولارسەن. ئەمما ھازىرچە بۇ ھېكايە يەنىلا ئىگىسىز ئۆيدەك تاشلاندۇق پېرسوناژسىز ھالدا تۇرماقتا.

مېنىڭ بۇ ھېكايىنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ قويغۇم كەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنى زورۇقۇپ راۋاجلاندۇرۇشۇممۇ مۇمكىن ئەمەس. گويا قۇرۇق شەھەردەك تۇرغان بۇ ھېكايە ئۈچۈن پېرسوناژ ئىزدەپ يىراق – يىراقلارغا سەپەر قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلغىنىم يوق. بۇ ھېكايە تېخى مەيدانغا كەلمىگەن پېرسوناژنى كۈتۈش مۇساپەمنىڭ ھەقىقىي جەريانى بولۇپ قالىدۇ. كىمدۇر بىرى تەنھا پېتىچە ئولتۇرۇپ زوق – ئىشتىياقى بىلەن ۋەقە توقۇماقتا. مەن ئۇنىڭدىن ۋەقە ئارىيەت ئېلىش ئارقىلىق بۇ ھېكايىنى ھەقىقىي پېرسوناژغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارىمايمەن. توقۇپ چىقىلغان ئۇ ۋەقەلەر بۇ پېرسوناژسىز ھېكايە ئۈچۈن نە ھەقىقەت، نە سەپسەتە، نە چىنلىق، نە ساختىلىق، نە مۇھەببەت، نە نەپرەتتىن ئىبارەت بولالىغان بولسا ئىدى كاشكى. مەن بۇ ھېكايىنى كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلاپ قويىدىغان تاشلاندۇق ئۆيدەك بىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرلۇك مەنىسىزلىككە تاشلاپ قويمايمەن. بۇ ھېكايە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پېرسوناژسىز پۈتچە يەنە بىر مەزگىل مانا مۇشۇنداق ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بەلكىم كىمدۇر مېنىڭدىن سەن گەپ يورغىلىتىۋاتىسەن، ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ مۇشۇنداق ئىش بولسۇن. ھېكايە بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدا مۇئەييەن ۋەقەلىكنىڭ بولۇشى ئەقەللىي ئىشقۇ دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەيمەنكى، بۇ بىر پېرسوناژسىز ھېكايە. بۇ ھېكايىگە زورلاپ كەلتۈرۈلگەن پېرسوناژنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. مەن بۇ ھېكايىنى بىزۆرۈر پېرسوناژلار بىلەن زىننەتلەپ ئولتۇرمايمەن. مەن ھېكايىنى تەبىئىي بىر مەۋجۇتلۇققا ئىگە قىلىشنى ئويلايمەن. بۇ ھېكايە بەلكىم ساڭا ھېچنېمىنى سۆزلەپ بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ ساڭا ھېچنېمىنى ھېس قىلدۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئەنە شۇ پەقەت ھېس قىلغىلىلا بولىدىغان، ئەمما سۆزلەي دېسە ھېچنەرسە يوق ھېكايە ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشۋاتقانلىقىمنى ئېنىق بىلىمەن.

بۇ ھېكايە بەلكىم مېنى قۇرۇق قول يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىدىن ئىزتىراپ چېكىپمۇ كەتمەيمەن. چۈنكى مېنىڭ ئۇ ھېكايىدىن كۈتىدىغان ئارتۇقچە ئۈمىدلىرىممۇ يوق. مۇبادا مەن يول يۈرگەن بولسام، مۇساپىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم بىرەر نەرسىگە ئېرىشكەن بولۇشۇم ناتايىن. شۇنداق ئەھۋالدا مەن باسقان مۇساپەمنى يولنىڭ ئىلكىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، زايە بولغان ھاياتىمنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلالمايمەن. مانا بۇ پېرسوناژسىز ھېكايىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىمنىڭ بولماسلىقىمدىكى سەۋەبمۇ شۇنچىلىكلا. مەن بۇ ھېكايىنى ئەركىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر بوشلۇققا ئىگە قىلسامكەن، دەپ ئويلايمەن. تېخىچىلا پېرسوناژسىز ھالدا تۇرغان بۇ ھېكايىنىڭ سەرگۈزەشتىسى بار بولىدىغان بولسا شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەنە شۇ سەرگۈزەشتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن پېرسوناژسىزمۇ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. ئەمما شۇ چاغدىمۇ مەن بۇ ھېكايىدىن بىرەر مەقسەتنى كۈتۈپ قوپۇشنى ئۈمىد قىلىشىم ناتايىن. شۇنى بىلىمەنكى، ھەر قانداق بىر سەرگۈزەشتىنىڭ بىرەر مەۋقەنى كۈتۈپ قوپۇش مەسئۇلىيىتىنىڭ بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

بۇ ھېكايە ھېچكىمنىڭ كۆزىدىن بىرەر تامچە ياشمۇ ئېلىپ باقمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھېچ كىشىدىن كۆز ياش قەرزىمۇ يوق. بۇ ھېكايە قانداقتۇر كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان بارسا كەلمەس يولمۇ ئەمەس ياكى ئۇ پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان سىرلىق چۈش قەسرى، ۋە ياكى تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان سىرلىق ئەپسانىمۇ ئەمەس. بۇ ھېكايە ھېچكىمگە پېرسوناژ دەۋاسى قىلمايدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق پېرسوناژسىز ھالدىمۇ ئۆزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن.

مەن بۇ ھېكايىنى تېخى يازدىم دەپ ئويلىمايمەن. ئۇ بەلكىم مەن يېزىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم مەن ئەنە شۇ تەييار ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندىمەن، خالاس. ئەمما سۆزلىگەنلىرىمدە بىرەر ۋەقە ياكى بىرەر پېرسوناژنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالمىغانلىقىمنى بىلىمەن. مەن ئۆزۈمنى نېمىدۇر ھېكايە قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىمايمەن. ئۆزۈمنى پەقەت تەبىئىي بىر رىتىمدا تىنىۋاتقان دەپلا ھېس قىلىمەن. تىنىقلىرىمدا پېرسوناژ بولغان بولسا ئۇ قانداقتۇر باشقا بىرى بولماستىن، بەلكى راۋان پۈتىم تىنىۋاتقان ئۆزۈمدىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

بۇ ھېكايە تېخى مۇشۇنداقلا تاماملىنىشى كېرەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەقەسىز، پېرسوناژسىز قىسمىتىمنى يەنە بىردەم ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە توغرا كېلىشى مۇمكىن. مۇبادا شۇ تۇيۇقسىز گەپنى ئۇزارتىۋەتكەن بولسام مۇشۇ قۇرلارغا تىكىلىپ تۇرغان ئەي زېرەك كىتابخان، ھېچ ئىككىلەنمەستىن بەتنى ياپقايسەن. پەقەت شۇنداق قىلغان ۋاقتىڭلاردا ھېكايە بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدىكى نازۇك رىشتە ئۈزۈلگەن بولىدۇ.

بۇ ھېكايىنى ئەمدى مۇشۇ يەردە ئۈزۈپ قويماقچىمەن. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆز پېرسوناژىنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

## ئوي (1)

دەريادىن كېچىشىڭدىن مەقسەت دەريانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ دەريا ئالدىدىكى ئاماللىسىزلىقىڭدىن بولغان. ئات مىنگەن بولساڭ سېنىڭ ئاتتىن ئۈستۈنلۈكىڭنى بىلدۈرۈشى ناتايىن. بەلكىم سېنىڭ ئاتقا ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالغاندۇ. كىمگىدۇر كۈچلۈك ئۆچلۈكۈڭنىڭ كەلگەنلىكى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئەنە شۇنداق ئۆچ ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرۈشى ناتايىن. بەلكىم بۇ ئۆچلۈكۈڭ سېنىڭ ئۇنىڭغا ئىلگىرى تولىمۇ ھېرىس بولغانلىقىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەڭ تېز سۈرئەتنىڭمۇ ئاستىلايدىغان، ھەتتا توختايدىغان ۋاقتى بولىدۇ. سەن بۈگۈن ئۇچراتقان لاتاپەتلىك گۈل ئەتە خازان بولغان ھالدا كۆزلىرىڭگە چېقىلىشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، سېنىڭ باشقىلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان بىر تارام ساخاۋەت يولۇڭ بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈڭ ئۈچۈن بەرباتگاھتىن قۇتۇلۇپ چىقىشتىكى چىقىش يولۇڭ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

نۇرغۇن ئىشلارنى ئالدىنئالا بەلگىلىۋالغىلى بولمايدۇ. قەغەز ياساش ئۇستىسى ياساۋاتقان قەغەزنىڭ بىر كۈنلەردە

ئۆزى ئۇچۇن ھۆكۈمنامە يېزىشقا ئىشلىتىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلمەيدۇ. سەن ئۇتتۇرغان بىر تۇرلۇك تەۋەككۇلچىلىكتىن باشقىلارنى نەپ ئالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. چايانىي زەھرىنىڭ كۈچلۈكلىكى سەۋەبلىك يامان كۆرۈۋاتقان ۋاقتىڭدا ئۇنىڭ ئۆز پۇشتىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ زەھرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئويلىنىپ كۆرمىگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقارنى كۆرگىنىڭدە ئۇنىڭ قانداق تۇخۇمدىن يېرىپ چىققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايسەن. مۇبادا ئۇنىڭ ئۆز ئۇۋىسىدا تۇخۇمدىن چىققان دەمدىكى ھالىتىنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، پەرۋازىدىكى ھاياتي كۈچتىن بالقىغان تەڭداشسىز مۆجىزىنىڭ قۇدرىتىدىن تاڭ قالغان بولاتتىڭ.

بىراۋ ساڭا يۈزتۇرا تۇرۇپ «سەندىن كۈتىدىغان ھېچقانداق ئۈمىدلىرىم يوق» دېسە ھەرگىزمۇ مەيۈسلەنمە. چۈنكى سېنىڭ كىم بولۇشىڭنى بەلگىلەيدىغىنى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئادەملەر ئەمەس. مۇبادا كۆكلەيمەن دېسەڭ ئۆزۈڭنى چاكىنا كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆز قەلبىڭگە تەسەللى ئىزدەيدىغان بىمەنىلىكتىن يىراق تۇرغىن.

ئويلىنىش يامان ئىش ئەمەس، ئەكسىچە ياخشى ئىش. ئەمما باش ـ ئاخىرى يوق، كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان، ئەقلى بولمىغان خام خىياللار قايىنمىغا غەرق بولۇپ ياشاش كىشىنى چۆچىتىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

كۈلۈۋاتقان بولساڭ، كېيىن يىغلاپ قالساڭ قانداق قىلىشىڭ كېرەكلىكى ھەققىدە ئىزتىراپ چېكىپ يۈرمىگىن. مۇبادا ياش تۆكۈۋاتقان بولساڭ، مەڭگۈ كۈلەلمەسلىكىڭدىن ۋاھىم يېمىگىن. يىقىلغىنىڭنى دەستەك قىلىۋالمىساڭ، كېيىن غالىبلىق ئالدىدىمۇ گاڭگىراپ قالمايسەن. تۈنىنى تاڭنىڭ چۈمبىلى دەپ ئويلىمىغىن. تاڭمۇ تۈنىنىڭ كىيىمى بولالمايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ چوقۇم بەلگىلىك بىر سەۋەبى بولىدۇ دەپ ئويلىنىپ قالما. جاھاندا سەۋەبسىز يۈز بېرىدىغان ئىشلارمۇ تالاي.

ئويلىنىشتىن ئالغان ھاياتلىرىڭنى ئۇنىڭدىن تارتقان زىيانلىرىڭغا سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرما. مۇبادا ئويلىنىشتىن تارتقان زىيانلىرىڭ بولمىغان بولسا، بەلكىم ئۇستۇن ئويلانغۇچى بولۇش ئۇچۇن ئالغان قەدەملىرىڭ زايە كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۆزۈڭنى ئويسىنتىشتىن ئالغان پايدىسى ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدىغان، ئۇنىڭدىن تارتقان زىيانلىرى سەۋەبلىك يالتىيىپ قالمايدىغان مەتانەتلىك ئويلانغۇچى قىلىپ پەرۋىشلەپ چىقالىساڭ، ئۆز سەھرىڭ ئاتا قىلغان ئەينەككە قارىغان ۋاقتىڭدا كۆرىدىغىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئارمانسىز تەبەسسۇمىڭدىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.

# تاشلاندۇق ئەسەر

قولۇمدىكىسى بىر پارچە چالا يېزىلغان تاشلاندۇق ئەسەر. ئۇنىڭ نە بېشىنى، نە ئاخىرىنى پەرق قىلغىلى بولمىسمۇ، ئەمما ئەنە شۇ ساقلىنىپ قالغان قۇرلاردا ئەكس ئەتكەن پاساھەت، چوڭقۇر ئىدىيەۋى پىكىر مېنى ئۆزىگە ئىختىيارسىزلا جەلپ قىلىۋالدى. ئويلانماقتا ئىدىم. بۇ بىر ئادەتتىكى ئەدىبنىڭ ئەسىرى ئەمەستەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ ئەسەردىن مەلۇم بولغان بەدىئىي ماھارەت ئوقۇغان كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا قايىل قىلاتتى. گەرچە ۋاقىت نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا قادىر بولمىسمۇ، ئەمما چالا يېزىلغان بۇ ئەسەرنى يوق قىلىۋېتەلمىگەن ئىدى.

ئويلانماقتا ئىدىم. بۇ بىر ئۆتكەن دەۋرنىڭ تىنىقى ئىدى. شۇلارنى ئويلاۋاتقان ۋاقتىمدا قانداقتۇر ئىسسىق بىر نەپەس يۈزلىرىمگە يېنىك ئۇرۇلغاندەك بولۇپ بىلىندى. ئۆزۈمنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتكەن بىر دەۋر بىلەن يانمۇ يان تۇرۇۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدىم. مەن بۇ ئەسەرنى تاشلاندۇق ئەسەر دەپ ئويلاۋاتقان ۋاقتىمدا، تاشلىنىپ قالغىنىنىڭ قانداقتۇر بۇ ئەسەر بولماستىن، بەلكى مۇشۇ ئەسەر ئارقىغا تاشلاپ كەلگەن بىر تالاي ۋاقىت ھەم ئەنە شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بىر تالاي ئۇنتۇلغان ۋەقەلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم.

ئاددىي سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن دانمۇ دانە پۈتۈپ قالدۇرۇلغىنى ئەدىبىڭ پۈتۈنلەي بەدىئىي ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئەمما تولۇق تاماملانمىغان، تولۇقى بىلەن ساقلىنىشقىمۇ قادىر بولالمىغان ئەسىرى ئىدى. دانە ـ دانە ھەرپلەرگە شۇنچە تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن يارقىن ئوي ـ پىكىرلەر كىشىدە ئىختىيارسىز ھالدا قايناق بىر تۇرلۇك ھاياجان قوزغايتتى. دەۋرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ يىراق بىر زامانلارنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەنە شۇ دەۋرلەردىن يېتىپ كەلگەن بۇ ئەسەر قانداقتۇر ئاددىي بىر ۋاراق قەغەز ياكى ئەنە شۇ قەغەزگە شۇنداقلا پۈتۈپ قويۇلغان ئاددىي يازمىلاردىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنى ئەنە شۇ ئەدىبنىڭ تىنىقلا بولماستىن، بەلكى يەنە شۇ دەۋرنىڭ تىنىقى دەپ تونۇدۇم. گەرچە بۇ تاشلاندۇق ئەسەر ئەتىۋارلاپ ساقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، بەتلىرى قىرچىلىپ، بەزى قۇرلىرى تۇتۇقلىشىپ كەتكەن، ھەتتا باش ـ ئاخىرى تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قولۇمغا يېتىپ كەلگەن ئەنە شۇ چالا قۇرلاردىن پارلىغان بەدىئىي بالاغەت مېنى سۆزسىز ھالدا قايىل قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى.

ھاياتلىق ئەنە شۇنداق بىپايان ئىدى. قىسمەتنى ئالدىن لايىھەلىگىلى بولمايتتى. ۋاقىت شۇنداق بىر چاپچىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرىدىغان ئېسىل ئارغىماق ئىدىكى، ئۇنى ئالتۇن نۇقتا بىلەن نۇقتىلاپمۇ تۇتۇپ قالغىلى بولمايتتى. ئەمما ۋاقىت ئىجتىھات ئالدىدا، ئەھمىيەتلىك ئاققۇزۇلغان قان ـ تەر ئالدىدا مۇلايىم ئاسلانغا ئايلىنىپ قالاتتى ـ دە، سىنىڭدىن بىر دەممۇ نېرى بولماستىن سۇۋىنىپ ئوينايتتى. باش ـ ئاخىرى تولۇق بولمىغان تاشلاندۇق بىر ئەسەرنى بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ مەنىۋى تىنىقى دەپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى يىراق بىر دەۋرنىڭ بىر پارچىسى، ئۆتكەن ئەنە شۇ دەۋرنىڭ سىن ئەينىكىنىڭ بىر پارچە مۇكەممەل سۇنىقى، شۇ دەۋر يۈرىكىنىڭ ھېلھەم ھايات پېتى دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرۇۋاتقان ئامەتلىك يۈرىكى دەپ ئېيتىشقا تامامەن بولاتتى.

بۇ ئويلىرىمنى قانداقتۇر خۇدىنى يوقاتقان ھاياجىنىڭ مەدھىيەسى ياكى قىلنى پىل قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان كۆپتۈرمىكەشنىڭ داۋرىڭى دەپ ھېسابلاشنى راۋا كۆرمىدىم. گاھىدا مۇكەممەل دەپ قارالغان نەرسىلەرمۇ ۋاقىتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىچارە قىياپىتىنى يوشۇرۇپ قالالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما چالا پېتى تاشلىنىپ قالغان بۇ ئەسەرنىڭ ھېچبىر يېرى ماڭا مۇكەممەل ئەمەستەك بىلىنمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇ تارىخ بىلەن قەدەمداش بولۇپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەندەك بىلىندى.

## ئوي (2)

سەن گۈل تېرىدىڭ، گۈزەللىككە ئېرىشتىڭ. ئۇ ئاداۋەت تېرىدى، دۈشمەنلىككە يول ئاچتى. سەن بىھۇدىلىك ئالدىدا سۈكۈت قىلدىڭ، ئۇ زۆرۈرىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن قاغىدەك قاقىلدىدى. سەن ئۆمرۈڭنى سەرپ ئېتىپ كۆۋرۈك ياسىدىڭ، ئۇ بولسا سەن ياسىغان كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋېلىپلا، ئۇنى بۇزۇپ تاشلىدى. سەن گۈزەل بىر كۈينى ئىجاد قىلدىڭ، ئۇ بۇ كۈينى تۇترۇقسىزلىقنى مەدھىيەلەيدىغان ئەرزىمەس بىر تېكىستكە مېلودىيە قىلىپ تاللىۋالدى. سەن ئۇنىڭغا ھەرپلەرنى بىرمۇ بىر ئۆگىتىپ ساۋاتىنى چىقاردىڭ، ئۇ مۇشۇ ھەرپلەردە ئەڭ چۈپرەندە سەپسەتىلەرنى پۈتۈپ چىقتى.

سەن شۇنچە گۈزەل بىر تال گۈلنى ئۆز پەرۋىشىڭگە ئېلىپ پورەكلەتتىڭ. ئۇ ئەنە شۇ گۈلنى ئۈزۈپ ئېلىپ، ئۇنى سېنىڭ ھەققىڭگە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ چېكىسىگە ئېھتىرام بىلەن قىسىپ قويدى. سەن ئۇنى ئىلكىدە يوق ئىمكانغا ئىگە قىلدىڭ، ئۇ سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىمكانىنى تارتىپ ئالدى. سەن زىيان ئالدىدا شۈمشىيىپ كەتمىدىڭ، ئۇ پايدا ئالدىدا يوقىتىپ قويدى. سەن ئۇنى دوستۇم دەپ تونۇدۇڭ، ئۇ سېنىڭ دوستۇڭنى دۈشمىنىڭگە ئايلاندۇردى.

سەن بىر ئالىپتە گۈل ئىدىڭ، شۇنچە نەپىس پورەكلەيتتىڭ. سەن بەرنالىق بىلەن پورەكلەشنى بىلەتتىڭ، ئەمما كىملەر ئۈچۈن ئېچىلىشىڭ كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايتتىڭ. سېنىڭ نەزىرىڭدە جاھاندىكى جىمىكى مەۋجۇدات گۈلگە لايىق ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى گۈل ياراشمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. بۇ سېنىڭ سەۋەنلىكىڭدىن ئەمەس ئىدى. مۇبادا ئۇلار سېنىڭ چېكىسىگە قىسىۋېلىش تۈپەيلىدىن ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇنى ئەلۋەتتە سېنىڭدىن كۆرسە بولمايتتى.

سەن ئەنە شۇنداق ئىدىڭ، شۇنچە تەبىئىي، شۇنچە بەرنا پورەكلەيتتىڭ. سەن ئەنە شۇنداق ئىدىڭ، تىنىقلىرىڭدا گۈزەللىكنى ياشىتاتتىڭ. سەن ئەنە شۇنداق ئىدىڭ، غەرەزسىز بېغىشلاشلىرىڭ بىلەن كىشىنى چوڭقۇر ئويلار قايىنىمىغا غەرق قىلاتتىڭ. بىراق بۇ غەرق قىلىش بەربات قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ قالاتتى.

ھاياتنىڭ قىزىقى شۇ يەردە ئىدىكى، سېنىڭ يوقاتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئېرىشكەنلىرىڭ بولۇپ چىقتى. بىراق ئۇنىڭ ئېرىشتىم دېگەنلىرى ئەسلىدە يوقاتقانلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. سەن قانداقلارچە مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدىڭ. بىراق ئۇ ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادى چۈشەنمىدى.

## نۇر ۋە خارابە

خارابە، يورۇيدۇ يوپيورۇق تۇنجى سەھەردە. شامالنىڭ بارماق ئىزى، قىڭغىر تامدىكى.

نۇر، ئۇ قايتا كېيگىلى بولمايدىغان بىر قېتىملىق كىيىم، ۋاقىت بوۋاينىڭ ئۈچىسىدىكى.

تىڭشا، مايماق ئېغىزدىن ياڭراۋاتقان روك ناخشىسىنى، نۇردىن ئاھاڭ تاپقان بىتەكرار كۈينى.

ساپال كوزا، توپىدىن ئۈنگەندەك، نۇردىن بىلىنگەن سايىسىغا سىڭمەكچىدەك. قىيسىق ئېغىزى، قانداقتۇر مەنىئى سۆزنى دەۋەتمەكچىدەك.

شامال باللار، خارابە كوچىلاردىن چىقماقتا يۈگۈرۈپ. ۋاقىت، ئۇلارنىڭ قولىدىن يېتىپ كەلگەن خەت.

## ئوي(3)

ۋىسالغا بولغان ئىنتىلىش ھە دېگەندىلا سەن ئۈچۈن مەنىۋى قۇۋۋەت بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بەزىدە ۋىسال تەشنالىقىدا سۇلغان روھىڭ، جۇدالىقنىڭ ئاچچىق جۇدۇنىنىڭ سىلكىشلىشى تۈپەيلىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇشىمۇ

مۇمكىن.

ئۇۋچى گەرچە بۈركۈتنى كۆندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۈركۈتتەك شىجائەتلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بەزىدە بۈركۈتنى كۆندۈرگەن ئۇۋچىنىڭ سانىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولىدىغان پەيتلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ.

سېنىڭ بىپايان ئادەم دېڭىزىدا تۇرۇپ تەنھالىق ئازابىغا پاتقان ۋاقتىڭ، بەلكىم ئۆزۈڭ ھەققىدىكى بىلىشتە ئاداشقان ۋاقتىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىر تال تىكەن بەلكىم تاپىنىڭغا قادالغان شۇملۇق نەشتىرى بولۇپ بىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما بىر تالاي تىكەنگە يولۇققىنىڭدا، سەن ئۇنى ئىقبال يولۇڭنى توربغان تەقپلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆرتىگۈچى ئوت - يالقۇن ئۈچۈن تۇتۇرۇق قىلىپ چىقالىشىڭمۇ مۇمكىن.

بەزىدە غەرەزلىك شاپائەتتىن غەرەزسىز جاپا ئىشەنچلىكرەك، ئەخمەق كۆيلىگۈچىدىن ئاقىل سۈكۈتلەنگۈچى ناۋالىراق، خۇسۇمەتلىك گۈلدەستىدىن ئازارسىز داڭگال خوپراق.

## سەھەرنى سۆزلەش

ئۇ مېنىڭ تۇغۇم تىلىمدىكى مەنىلەر بۇلىقى. ئۇ مېنى تۇۋلاپ ئويغىتىۋاتقان ئېنىق ھەم بوم ئاۋاز. ئۇ مېنى ئۆزۈمگە خەت قىلىپ يازدۇرغان بىرىنچى مۇئەللىم. مېنىڭ نەزىرىمدە سەھەر پەقەت سەير قىلىپ بەھرلىنىدىغان پاراغەتلىك ئەسنالا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە سۆزلەش ئارقىلىق ئويغۇنلىشىدىغان، ئويغۇنلىقىدا قىنىغا چۈشىدىغان ئەزان ئاۋازىدەك، ناخشىدەك، مۇناجاتتەك، سۈپسۈزۈك كۈي قۇتىسىدەك ئۈستۈن سادالاردىن چوققىلانغان غەيبۇرانىلىك.

مەن سەھەرنى سۆزلەپ ئۆتىمەن. يوللىرىمدا ئۇچراتقان گۈل - چېچەكلەرگە سەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى يوشۇرۇپ قويىمەن. مەن بىر قىزغانچۇق ئاشىق. مەن بىر دالا گۈزەللىكىنىڭ تەۋەككۈلچى جاھانكەزدىسى. مەن سەھەرنى ئۆز قاناتلىرى بىلەن قوشۇپ سۆيىمەن. گەرچە ئۇنىڭ قاناتلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە جۇدالىقتىن دېرەك بەرسىمۇ، مەن يەنىلا ئەنە شۇ جۇدالىقنى سەھەر بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى باشقا بىر مەنادىكى رىشتە دەپ جەزىم قىلىمەن. بىلىمەن، سەھەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەھرىگە قاراپ ئېچكىرىلەپ كېتىپ بارغانلىقىمنى. بىلىمەن، سۆزلەشنىڭ يەنە بىر چېكىدە كۈتۈپ تۇرغىنىنىڭ جۇدالىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى. بىلىمەن، سۆزلەش ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىمنى، سۈكۈنات ئارقىلىق ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى.

مەن قانداقتۇر نوقۇل ھالدىكى سۆزلەپ ھۇزۇرلانغۇچى ئەمەس. مەن قانداقتۇر سۆز جاۋاھىراتلىرىنىڭ قۇپقۇرۇق يالتىراق قۇتىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچى ئەمەس. مەن قانداقتۇر نېمىندۇر تامام قىلىشقا سۆزلەشنى ۋاستە قىلغۇچى ئەمەس. بىلىمەن، سۆزلىرىم مەشرىقگاھىدىن ئاستا - ئاستا يورۇۋاتقان نۇرلارنىڭ، سۈزۈك چۈمبىلىدىن قەدەممۇ - قەدەم يېشىنىپ چىقىۋاتقان سەھەرنىڭ تىۋىشى ئىكەنلىكىنى. بىلىمەن، ئاۋازىمنىڭ بارماق ئىزىدا ئۆز لەۋزىمنىڭ بالقىپ تۇرغانلىقىنى. بىلىمەن، سۆيۈنۈش ئېلىپ كەلگەن ھاياجان لەرزىنىڭ، ئۆكۈنۈش قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت ھاڭنى تىندۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىمنى.

سۆزلىمەكتىمەن، سۆزلىرىمدە ئاھاڭدار، ئارمانلىرىمدەك جەزبىدار سەھەرنى. ئۇ مېنىڭ تۇغۇم تىلىمدىكى مەنىلەر بۇلىقى. ئۇ مېنى ئۆزۈمگە خەت قىلىپ يازدۇرغان بىرىنچى مۇئەللىم. ئۇ مېنى سەھەرنى تىنىمسىز سۆزلىگۈچىنى يۇقىرى ئۈن بىلەن تۇۋلاپ ئويغىتىۋاتقان ئېنىق جاراڭلىق ئاۋاز.

## ئۇرۇقتىن ئۇرۇقتا

ئۇرۇق ئۇرۇقتىن كەلگەن، ئۇ يەنە ئۇرۇقتا قايتىدۇ. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماھىيتىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۆز ھاياتىنىڭ تەبىئىي ئېقىمىدا شۇنچە مۇستەھكەم بىر رىشتە ئارقىلىق ئۇرۇق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماھىيىتىدە تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

— مەن سېنى كۆمۈپ تاشلايمەن، — دەيدۇ زېمىن ئۇرۇققا.

— بۇ سېنىڭ ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن بەخش ئەتكەن مۇھەببىتىڭ — دەيدۇ، ئۇرۇق زېمىنىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— مەن سېنى باغرىمغا غەرق قىلىۋېتىمەن، — دەيدۇ سۇ ئۇرۇققا.

— بۇ سېنىڭ تومۇرۇڭغا قان بەرگىنىڭ، — دەيدۇ ئۇرۇق مىننەتدارلىق بىلەن.

— مەن سېنى ھارارىتىم بىلەن ئۆرتەپ قۇرۇتۇۋېتىمەن، — دەيدۇ، قۇياش ئۇرۇققا.

— بۇ سېنىڭ ماڭا مۇكەممەللىك بەخش ئەتكىنىڭ، — دەيدۇ، ئۇرۇق قايىللىق بىلەن.

— مەن سېنىڭ ئۇستىخانلىرىڭنى چەيلەپ يىقىتىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن، — دەيدۇ ئورغاق ئۇرۇققا.

— بۇ سېنىڭ مېنى ئۆز ھېمايەڭگە ئالغىنىڭ، ماڭا مول ھوسۇللۇق ئىنئامىڭنى ھەدىيە قىلغىنىڭ، — دەيدۇ ئۇرۇق ئورغاققا.

www.uyghurkitap.com



ئۇرۇق ئۆزىنىڭ ئالدىنقى ئۇرۇقىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بەلكىم ئۇ كېيىنكى ئۇرۇقىنىڭ ئۇلى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ئەنە شۇنداق جاھىللىق بىلەن داۋام ئېتىلگەن تەكرارلىق ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. ئەنە شۇنداق جاھىللىق بىلەن داۋام ئېتىلگەن تەكرارلىق ئۇرۇقىنىڭ باش - ئاخىرىنى بىر - بىرىگە مۇستەھكەم بىر رىشتە قىلىپ باغلاپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇنداق جاھىللىق بىلەن داۋام ئېتىلگەن تەكرارلىق ئۇرۇقنى يېڭىلمەس، ئۈستۈن، كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

ھاياتلىقمۇ شۇ. بەلكىم بەزى چوڭ - چوڭ ئىشلارنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئۇنچە چوڭ شەرتلەردىنمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. بەزىدە پەقەت داۋاملاشتۇرۇش، جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇش، بۇرۇنقى ئىزچىللىقنى كېيىنكى تەقەززالىققا ئۇلىغۇشلۇق يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىشى مۇمكىن.

## رويال، چېكىقچۇش، سولغان ئەتىرگۈل

بارماقلاردا يېنىك سەلكىن، چېكىقچۇش بىھوش. دېرىزە سىرتىدا تىمتاس كوچا، كەتكەن كارۋاندىن ئىز، كېلەر كارۋاندىن بېشارەت يوق. چوڭقۇر قۇدۇقتەك، تەگسىز غاردەك، چەكسىز ئورماندەك ئېغىر كۈي. چېكىقى چۇشنىڭ بىپايان چوڭقۇرلىقىدا بىر ئوچۇم ئۇرۇق، بىر كۆز جاراھەت، تىرەن بىر تۇرلۇك ئوي - پىكىر پىشىپ يېتىلىۋاتقاندەك. ساداقتىن ئۈزۈلگەن ئوق، چۇشكۈنىدىن قوزغالغان كارۋان، تاغلاردىن جۇدا بولغان سۇ، تۇپراقتىن باش كۆتۈرگەن ئۇرۇق، قولدىن كەتكەن ئىمكان، كۆكتىن ئاققان يۇلتۇز، بېرىۋېتىلگەن سۆز... بۇلاردىن چېكىقى چۇشتىكى ئېغىر كۈينىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ.

بالكوندىكى ساپال تەشتەكتە ئەتىرگۈل چاڭقاشتا، سولغان، ماغدۇرسىزلانغان، چاڭقىغان. موھتاج ئەمەس ئۇ، ئىسسىق قانغا، تۇزلۇق كۆز ياشقا، يېتىمسىراشقا. چېكىقچۇشتىكى قۇرغاقچىلىق، باغرىدا ھەسرەت چىلىق - چىلىق. روياڵ ئۆز تىلىدا تەلقىن قىلىدۇ، ئۆزىنى ئۆرتەرۋاتقان ئوتنىڭ ئۆز ھارارىتىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

چېكىقچۇش بىر مۇراسىمدۇر، ھەسرەتنى تۆرگە تىكلىگەن. چېكىقچۇش بىر ئىختىرادۇر، بىر تامچە ياشتىن بىنا بولغان. چېكىقچۇش بىر نادامەتتۇر، جۇدالىقتا قاراپ كېتىۋاتقان كۈينىڭ قەدەملىرىنى توختىتىپ ئېلىشقا قادىر بولالمىغان. چېكىقچۇش بىر كۈچلۈك يالقۇندۇر، ئۆز - ئۆزىنىڭ ئامراق ئەتىرگۈلىنى سولدۇرغان. چېكىقچۇش بىر مۇقەررەرلىكتۇر، ھەسرەتكەت ناخشا بىلەن سەپەر قىلغان.

بارماقلار رويالنىڭ ئۈزۈن تىللىرى ئۈستىدە تىنىمسىز سويلىماقتا. كۈينىڭ شۇۋىسى بەكمۇ ئۇزۇن بىر يولنى ئىشارە قىلغان. روياڵ كۈيى چېكىقچۇشكە، چېكىقچۇش سولغان ئەتىرگۈلگە، سولغان ئەتىرگۈل قانداقتۇر باشقا مۇقەررەرلىككە تەزەللۇم قىلغاندەك بىر ھال. ئۇشبۇ ھەسرەت، ئۇشبۇ مۇڭلۇق ئىختىرا، ئۇشبۇ ئويلىنىشلار مۇشۇنداقلا تاشلىنىپ كەتمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ توزانلىق يوللىرىدىن كەلگەن باشقا بىر كارۋان مۇشۇ ئىزنالاردىن بىلىنگەن چوڭقۇر بىر ماھىيەتنى، تىرەن بىر ھېسنى، مۇقەررەر بىر يولنى ھامان بىر كۈن بايقىماي قالمايدۇ.

## ئاق قەغەزدىكى چېكىت

مەن ساڭا بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى كۆرسەتتىم. قولۇمدىكى ئۇ بىر ۋاراق قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر تال قاپقارا چېكىت بار ئىدى. سەن ئىختىيارسىز ھالدا قەغەز يۈزىدىكى ئەنە شۇ چېكىتكە تىكىلىپلا قالدىڭ.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن ساڭا قولۇمدىكى ئەنە شۇ قەغەزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— بۇ بىر تال قاپقارا چېكىت، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەشۇ پاكىز ئاق قەغەزنىڭ يۈزىدىكى كۆڭۈلسىز داغ، — دەپ جاۋاب بەردىڭ قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن.

جاۋابىڭدىن ھەيران قالدىم. قولۇمدىكىسى ئەمەلىيەتتە بىر پارچە ئاق قەغەز ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ بېتىگە بىر تال قارا چېكىت ئىز سېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما قەغەزنىڭ باشقا جايلىرى پاكپاكىز، ئاپپاق پېتىچە ئىدى. ئەپسۇسكى، سەن شۇنچە يوغان بىر ۋاراق قەغەزدىكى ئاقلىقتىن بەھىر ئالماستىن، بەلكى نەزىرىڭنى ئەنە شۇ كىچىككىنە بىر تال چېكىتكە تىكتىڭ.

بۇ يەردە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ماھىيەتلىك بىر قىسمەت بىلىنىپ تۇراتتى. بىراۋ تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر ئۆمۈر قان - تەر ئاققۇزۇپ، ئۆزىنى بىر ۋاراق ئاق قەغەزدەك ئاقلىققا ۋە ساپلىققا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ غۇبارسىزلىق ئۇچۇن باسقان مۇساپىلىرىدە ئەنە شۇ ئاپپاق بەت يۈزىگە تاسادىپەن بىر تال قارا چېكىت چۈشۈرۈپ قويىدى. گەرچە ئەنە شۇ بىر پارچە يوغانلا ئاق قەغەزگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر تال چېكىت كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا ياكى تارازا باسارلىق ۋەزنىدە بولمىسىمۇ، ئەمما سېنىڭ كۆزۈڭ شۇنچە يوغان قەغەزنى كۆرمەستىن، بەلكى ئەنە شۇ قەغەزنىڭ مىليوندىن بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان بىر تال چېكىتكە تىكىلدى.

كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇشەققىتى ئەنە شۇ يەردە ئىدى.

سەن بىر ئۈمۈر ئەجىر قىلىپ شۇنچە تەبىئىي جەزبە بىلەن پورەكلەپ ئېچىلاتتىڭ. سېنىڭ شاھانە كۆركىڭ ۋە خۇشپۇرىقىڭ بەھرىلەنگۈچىنى مەستانە ھەم بەختىيار قىلىشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سېنىڭ ئەۋزەللىكىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شېخىڭدىكى بىر تال تىكىنىڭدىن بىئارام بولاتتى. مۇشۇلارنى ئويلىغان ۋاقتىڭدا ھاياتلىقتا كىشىنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىنىڭ يالغۇز گۈزەل بىر كېلەچەك مەنزىلى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەقىقىي بىر مىننەتدارلىق قەلب ئىگەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايسەن.

## گۈل يولى

بۇ يول گۈل توشۇلدىغان يول، بۇ ئاشىقلىقنىڭ كارۋان يولى، بۇ بېسلىغان خۇش قەدەملەر گۈل بەرگىلىرىگە كۆمۈلگەن، شاماللىرىدىنمۇ ئەتىر پۇرايدىغان يول. بۇ يول سانسىزلىغان دىللار رىشتىسىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان. بۇ يول تاكى ئۇرۇقتىن گۈلگىچە، چۈشتىن ۋىسالغىچە، خۇش نىيەت ئارمانلاردىن ۋىسال شادلىقىغىچە، سۆزۈك ئويلاردىن قايىنام - تاشقىنلىق تويلارغىچە تۇتاشقان.

بۇ يول گۈل توشۇلدىغان يول، بۇ باغرى ئاسماندەك كەڭ، مەرھەمەتى ئىنسانىي كامالەتكە خاس، ئىزىدىن گۈل ئۈنىدىغان خۇش نىيەت ئىنسانلارنىڭ ئاچقان يولى. بۇ يول گۈللەرگە نۇر، ئىزلارغا پاياندار، تىنچلىقلارغا ئەنبەھ، ئارمانلارغا قانات ئاتا قىلىدىغان ساخاۋەتلىك يول.

بۇ يول گۈل توشۇلدىغان يول، گۈل يولى. ئەي زات، قەدەملىرىڭنى توختاتقىن. قولۇڭدىكى ئازغان چۈشۈقتىن توقۇلغان سېۋەتكە لىپمۇ لىق قىلىپ قاچىلىۋالغىنىڭ نېمە؟ بىلدىم، ئۇ خۇسۇمەتنىڭ ئۇرۇقى، ئازار قامچىسى، جۇدالىق ئارغامچىسى. بىلەمسەن، سېنىڭ ئۇ نەرسىلىرىڭ ھەرگىزمۇ گۈل يولدا توشۇلىدىغان نەرسىلەر ئەمەس. سەن بۇ يولدىن ئۆز ماھىيىتىڭنى يۆلەپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ھامىيغا نائىل بولالمايسەن. سەن بۇ يولدىن ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيسەن. چۈنكى بۇ گۈل يولى، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ تۆپىلىكلىرىدە پورەكلىگەن بىر - بىرىدىن بەرنا، بىر - بىرىدىن خۇشپۇراق گۈللەر توشۇلىدىغان يول. سەن بۇ يولدىن قايتقىن - دە، ئۆز يولۇڭنى تاپقىن. مۇبادا كۆڭلەرىڭنىڭ بىرىدە سەن ئۆزۈڭنى مۇشۇ يولدا مېڭىشقا مۇناسىپ كارۋان قىلىپ پەرۋىشلەپ چىققۇدەك بولساڭ، بۇ يول ئەلۋەتتە ئىللىق ۋە مەرھەمەتلىك قۇچىقىنى ساڭا قارىتىپ كەڭ ئاچىدۇ.

گۈل يولى سېنىڭ گۈلگە مۇناسىپ بولۇپ كېلىشىڭنى كۈتىدۇ.

## رەستىدىكى ھاپىز

سەن كوچىلەۋاتسەن ئەي ھاپىز، يۈكسەك چوققىلارنى، مەغرۇر پەرۋازلارنى، سۇنماس مەتانەتنى، مەردۇ - مەردانىلىكنى، ئۆچمەس شىرمەتلىكنى. رەستە شاۋقۇن - سۈرەن دەستىدىن گۈۋۈلدەيدۇ، ھەممە ئالدىرايدۇ، ھېچكىم ساڭا زەن سېلىپ باقمايدۇ.

سەن كوچىلەۋاتسەن ئەي ھاپىز، ھەيۋەت ئېقىنلارنى، ياڭراق چوققانلارنى، ئۇلۇغ گۈلخانلارنى. ۋاقىت ئۆز مەپىستىدىن چۈشۈشكە ئۇلگۇرمەيدۇ، سېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ، گۈللىرىڭنى قېنىپ بىر ھىدلىمايدۇ.

سەن كوچىلەۋاتسەن، ئىنساننىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلىرىنى، چىنلىقنىڭ سۈزۈك ئەينىكىدە چېقىلغان نۇرلارنى، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئالدىراپ كېتىپ بارغان ئۆتكۈنچىلەرنىڭ قەدەملىرىنى.

سەن ئۆز رەسمىنى سىزىۋاتقان رەسسام ئەمەس، سەن ئۆزىنى كوچىلەۋاتقان غەزەلخان ئەمەس، سەن ئۆز - ئۆزىنى دېرەكلەۋاتقان ئاداشقان كارۋان ئەمەس. سېنىڭ كوچىلىشىڭ ئەبەدىيلىك يولىدىكى بىر قىسقا توختاشتۇر، خالاس. سېنىڭ كوچىلىشىڭ غەمرەزدىن مۇستەسنا ئېچىلغان بىر تال خۇشپۇراق گۈلدۇركى، قانداقتۇر نەپ كويىدا ئۆزىنى توزانغا مىلىگەن چىرايلارنىڭ بېچارە جىلمىيىشى ئەمەس.

بەلكىم كىملەردۇر سېنى رەستە بويىدىكى سۆزلەيدىغان ھەيكەل دەپ ئويلاپ قالغاندۇر، كىملەردۇر ئېرەن قىلمىغاندۇر، كىملەردۇر چۈشىنىكسىز ھالدا قاراپ ئۆتكەندۇر، كىمدۇر سەندىن نېمىندۇر ئىزدەپ تاپالماي ئۈمىدسىزلەنگەندۇر، كىمدۇر سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە قىلسا بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ قالغاندۇر. ئەمما سەن بۇلاردىن پەرۋايىڭ پەلەك ھالدا كوچىلەۋاتىسەن. كوچىلىرىڭدە ئۆز قەدەملىرىڭنىڭ تەرىزىنى يارىتىۋاتىسەن. كوچىلىرىڭدىن ئۆزۈڭگە قالدۇرۇلغان بىر تارام يولنى نۇرلاندۇرۇۋاتىسەن. بەلكىم بىز تېخى ئۇيقۇمىزنى ئاچمىغاندۇرمىز. بىز ئويغانغان سەھەردە بەلكىم سەن بۇ يەردىن ئاللىقاچان ئۆزاپ كەتكەن بولارسەن. بىراق سەن بۇلاردىن پەرۋايىڭ پەلەك ھالدا توختىماستىن كوچىلەۋاتىسەن، رەستىنىڭ كىملىكىنى يارىتىۋاتىسەن، دەملەرنىڭ كەپسىز تىنىقلىرىنى ئاۋازىڭنىڭ قولى بىلەن تۇتۇپ قالماقچى بولۇۋاتىسەن.

سەن ئەنە شۇنداق يېگانە كوچىلىگۈچىسەن، ئەي ھاپىز. مەن سېنى ۋاقىتنىڭ يىلىكىمدىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## شەھەر چۆلى

بۇ بىر سۇسىز دەشت ئەمەس، بۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئالىلقاچان بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ بولغانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن گۈل. ئۇنىڭ بەرنالىقى ئۆزىنىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئۇ قانداقتۇر تۆگە مىنىپ تۆگە ئىزدەۋاتقان كارۋان ئەمەس. ئۇ تېخى ئۆز تۆگىسىنىڭ يېتىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمىدى. بۇ بىر يولسىز باياۋان ئەمەس، بەلكى كۆللى يوللارنىڭ جەمگاھى. ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى يول تاپالمايۋاتقانلىقىدا بولماستىن، بەلكى زىيادە كۆپ يوللار ئالدىدا قايمۇقۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن بولغان.

بۇ بىر ساداسىز، ئۇچۇرسىز دەرگاھ ئەمەس، بۇنىڭدىكى بىساناق چۇقان ـ سۈرەنلەر، بۇنىڭدىكى ئۇچۇرنىڭ پارتلىشى ئۇشبۇ دەرگاھنى تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ئىمكان ۋە مەھرۇملۇققا دۇچار قىلغان. ئۇ قانداقتۇر يوچۇنلۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىتەكرار ۋاقتىنىڭ سىن ئەينىكى ئالدىدىكى ئىزترابى بىلەن كۆزگە تاشلانغان، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى تېخىچە تۇيمىغان نۇسخىسىز گۈل.

بۇندىكى چۆلدە ئاداشقانلار ئازمۇ؟ بۇندىكى تەييار خەرىتە بىلەن ماڭغانلاردىن ئۆز مەنزىلىنى ئىزدەپ تاپالىغانلار قانچىلىك؟ بۇندىكى ئىنتىزارلىقتىن ئېپتىخارلىق سەزگەنلەر قانچىلىك؟ بۇندىكى ھېكمەت سۆھبەتخانىسى كىملەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىندى؟

شەھەر چۆلى قانداقتۇر بىر نوقۇل ھالدىكى چۆل ئەمەس. ئۇ بەلكىم ئاڭدىكى باياۋان بولۇشى، سېنىڭ پىكىر قىلىش مۇساپەڭدىكى بىردەملىك ئالۋۇندىن ئۆتۈۋاتقاندىكى جەريانىڭ ھەققىدىكى خىيالىڭ بولۇشى ياكى ئۇ پۇچەكلىكتىن قەلبى تېڭىرقاپ قالغان ئىنساننىڭ بىردەملىك خاتا تۇيغۇسى ۋە ياكى ئاغرىنىشى ئېلىپ كەلگەن خىيالىي تۇيغۇسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما مەن ھېچقاچان شەھەر چۆلى مەۋجۇت ئەمەس دېمىدىم.

## تاشنىڭ تىلىدا

ھېچنېمە دېمىگەن ئادەمنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى بەلكىم ھەممىدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. يولنىڭ چورتلا ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بەلكىم يولنىڭ مۇشۇ يەردە ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەس. سەن ھېس قىلغان گۈزەللىك بەلكىم نۇرنىڭ ئىجادىيىتى بولۇشى، نۇرنىڭ قايتىشى بىلەن بىرگە قايتىپ كېتىشى مۇمكىن.

ۋاقىت قانداقتۇر ئالدىرىماي شۇمۇپ ھۇزۇرلىنىدىغان كەمپۈت بولماستىن، بەلكى ھاياتلىق ئالىمىڭدىكى ئەزىم دەريا. ئۇنىڭ يېتىپ بارماقچى بولغىنى قانداقتۇر باشقا بىر مەنزىل بولماستىن، بەلكى سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ ئاداققى چېكى، خۇرسىنغان دەملىرىڭدىكى كۆڭۈل يېرىمچىلىقىڭنى تولدۇرىدىغان ئەڭ ياخشى نەرسە ئۆزۈڭنى مەۋجۇت ۋە مەمنۇن قىلالايدىغان ئۇنۇملۇك بىر مەشغۇلات، خالاس.

تىمتاسلىق سۆزلەۋاتقاندا سەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ قانداق مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەيسەن. چۈنكى تىمتاسلىقنىڭ سۆزلىشى ئۈچۈن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىشى ھاجەت ئەمەس. ۋاقتىنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن قەدەملەر ھاجەت بولمىغاندەك، گۈلنىڭ ئېچىلمىقى ئۈچۈن سۇنئىي بىر كۈچ ھاجەت بولمىغاندەك، بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئاللا قانداق شەكلەن ئىجازەت ھاجەت بولمىغاندەك.

تاشنىڭ تىلىدا مېھرىبان ئېيتىملار يوق، دەپ كېسىپ ئېيتالامسەن؟ مۇزنى توڭۇپ قالدىمىكىن، دەپ ۋاھىم يېپىشنىڭ ھاجەت بولمىغىنىدەك، گۈلخانىنى ئۆرتىنىپ كەتتىمىكىن دەپ سەكپارە بولۇشىڭمۇ ئوخشاشلا بىھاجەت. مۇبادا ئاسمان ئۆز ئېگىزلىكىنى ئۇستۇنلۇك دەپ بىلگەن بولسا، زېمىنمۇ ئۆزىنىڭ بىپايانلىقىدىن ئۇستۇنلۇكنى ھېس قىلغان بولىدۇ. مۇبادا سەن بىراۋدا كەمتۇكلۇك بار دەپ ئويلىغان بولساڭ، سەن كەمتۇكلۇك دەپ قارىغان ئۇ تەرەپ، بەلكىم ئۇ زاتنىڭ كەمتۇكلىكى بولماستىن، بەلكى ئارتۇقچىلىقى، ئەۋزەللىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەينەككە قارىغان ۋاقتىڭدا ئۇنىڭدىن ساڭا قاراپ تۇرغىنى ئۆزۈڭ بولماستىن، بەلكى سېنىڭ ئەكسىڭ بولغىنىدەك، دۇنيانى كۆزەتكەن كۆزۈڭگە كۆرۈنۈۋاتقىنىمۇ دۇنيانىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سېنىڭ تۇيغۇڭدىكى سېزىمدىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى كېسىپلا جەزىم قىلغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما توغرا ھېس قىلغىلى بولۇش ئۇ قەدەر قىيىن ئىشمۇ ئەمەس. بۇنىڭغا پەقەت مۇھەببەتلىك نەزەر بىلەن مۇھەببەتلىك يۈرەك كۇپايە قىلىدۇ، خالاس.

## سېسىق ئوت

شۇنداق بىر ئوتنىڭ بولىدىغانلىقى ئېسىمدە. شورلۇق، ئۇنۇمسىز يەرلەردىمۇ باژغانلاپ ئۆسۈۋېرىدىغان. گەرچە ئۇ شۇنچە چۈرۈك، كۆرۈملۈك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئوتخورلار يېمەيدۇ. بۇنداق بولۇشى بەلكىم ئۇنىڭ تەمىنىڭ زىيادە

تاڭسۇق بولغاندىن باشقا، سېسىق پۇراق چىقىرىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى كارسىز ئۈسۈملۈككە چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇ ئۆز يېشىللىقى بىلەن تەبىئەتكە ھۆسن قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ئۈنۈپ چىققان شورلۇق تۇپراقنى تەدرىجىي ئۈنۈمدار يەرلەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

ئادەم ئوت - چۆپ ئەمەس. ئەمما سېسىقلىق جەھەتتە سېسىق ئوت بەزى كىشىلەرنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمىسە كېرەك. شۇنداق كىشىلەر بار، ئۇلار بىلەن بىردەم دەرقەمدە بولغاندىكى دىلخەستىلىكنى خېلى ئۇزۇنغىچە تارتىپ قېلىشىڭ مۇمكىن. گۈلنى گۈلگە، قۇشنى قۇشقا، ئاسماننى نۇرغا يامانلاپ بېرىۋاتقىنى ساڭا خۇشاللىق بېرەلمەيدىغان «خۇشپۇراق ئىنسان.»

سېسىق ئوت ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىھۇدە تۆلەنگەن بەدەللەر ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز ھالدا ئىزتىراپ چەكتىم...

## بارسا كەلمەس يول

چۆچەكلەردە شۇنداق ھېكايەت قىلىنىدۇ: بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئۈچ قېرىنداش بولغانىكەن، ئۇلار بىرلىكتە سەپەرگە چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، نۇرغۇن يوللارنى بېسىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇلار ئۈچ ئاچال يولغا يېتىپ كېلىپتۇ. قارىسا ھەر بىر يولنىڭ ئېغىزىدا بىردىن تاختىغا خەت يېزىپ قويۇلغانىكەن. ئۇلار بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، بۇ يوللارنىڭ بىرىنىڭ بارسا كېلەر يول، يەنە بىرىنىڭ بارسا يا كېلەر يا كەلمەس يول، يەنە بىرىنىڭ بولسا بارسا كەلمەس يول ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن ئۆزلىرى خالىغان بىردىن يولنى تاللاپ مېڭىپتۇ...

چۆچەكلەردە شۇنداق ھېكايەت قىلىنىدۇ. ئەمما ھاياتتا ئىشلار ھە دېگەندىلا چۆچەكتە ئېيتىلغاندەك بولۇپ چىقمايدۇ. ھايات يوللىرىدا سەن قايسى يولنىڭ بارسا كېلەر يول، قايسى يولنىڭ بارسا يا كېلەر يا كەلمەس يول، قايسى يولنىڭ بارسا كەلمەس يول ئىكەنلىكىنى ئۇنداق ئاسان بىلىپ كېتەلمەيسەن.

شۇنداق يوللار بولىدۇ، بارسا كېلەر يول بولۇپ يۈز ئاچىدۇ، ساڭا قۇچىقىنى كېرىدۇ، مەنپەئەتلىرى بىلەن سېنى بەختىيار قىلىدۇ. بىراق سەن بىلمەيلا قالىسەن، بارسا كېلەر بۇ يول ئەمەلىيەتتە سېنى كەلمەسنىڭ كوئىپىغا بەند قىلىپ تاشلايدۇ. بىر دەملىك مەنپەئەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئىزتىراپ چېكىشىڭگە توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق يوللار بولىدۇ، بارسا يا كېلەر يا كەلمەس يول بولۇپ كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ. سېنى گاھ شادىمان، گاھ ھەسرەتكە ئاشىيان قىلىپ، ئۆزىنىڭ سېھىرگەرلەرچە كويلىرىغا سالىدۇ. بەلكىم سەن بۇ يوللاردا گاھىدا ئۇتۇپ، گاھىدا ئۇتتۇرۇپ قويۇشۇڭ، ئۆزۈڭنىڭ قىسمەتلىرىدىن ئۆزۈڭمۇ ھەيران بولۇشۇڭ مۇمكىن. بەلكىم سەن ئۇتتۇردۇم دېگەن ئىشلار كېيىنچە سېنىڭ ئۇتقانلىقىڭنى ئىسپاتلاپ چىقىشى، ئۇتتۇم دېگەن ئىشلار كېيىنچە ئۇتتۇرغانلىقىڭنى ساڭا بىلدۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ھاياتتا ئۇتۇش، ئۇتتۇرۇش، پايدا - زىيان، ئەۋزەللىك ۋە شورى قۇرىغۇرلۇق ئۇنداق روشەن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. مۇبادا سەن ئۇتتۇم دەپ ئويلىغان بولساڭ، خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويماستىن، ئۇتۇقلىرىڭنىڭ ئاساسىدا تۇرغىنىڭنىڭ قانداق بىر ماھىيەت ئىكەنلىكىگە نەزىرىڭنى ئاغدۇرۇپ كۆرگىن. مۇبادا سەن ئۇتتۇرغاندەك تۇيغۇدا بولغان بولساڭ، شۇندىمۇ مەيۇسلەنمەستىن ئۇتتۇرغانلىقىڭنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرگىن. ئۇتتۇرغاندەك بىلىنگەن ئىشتا ئاخىرقى ھېسابتا ئۇتۇپ چىققانلىقىنى بايقىغانلار ھاياتلىق سەپىرىدە ھامان ئۇچراپ تۇرىدۇ. ۋاقىتلىق نۇسرەت ۋە ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەت ھېچقايسىسى ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئۆزگىرىشى، بەلكىم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

شۇنداق يوللار بولىدۇ، بارسا كەلمەس يول بولۇپ كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ سىر ھەيۋىسى بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا شۈركەندۈرۈۋېتىدۇ. پەقەت قىسمىتى شورلۇق كىشىلەرلا مۇشۇنداق بىر يولغا قەدەم باسىدۇ دەپ ئويلارسەن بەلكىم. سېنىڭچە بولغاندا بۇنداق يولغا قەدەم قويغان ھەر قانداق كىشىنىڭ كېلەچىكىنىڭ بولۇشى، يەنە كېلىپ ئۈمىدلىك بىر ئەتىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولمايدۇ، بۇنداق يولغا پەقەت ھاياتتىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى بولمىغان ئادەملا قەدەم باسىدۇ دەپ شەكسىز ئىشىنىسەن. ئەمما ھاياتنىڭ كۆرمىگىلىغان تاسادىپىيلىقلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، بارسا كەلمەس يول ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. بىر دەملىك مەنپەئەت كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرگەن كىشىلەرنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلىشى بىلەن ئەبەدىيلىك نەپ ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن بىجانىدىل ۋاز كېچەلەيدىغان شىرمەت ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق كۆز قارىشى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. نەزەرىدىكى بارسا كەلمەس يولنىڭ ئاخىرقى ھېسابتىكى بارسا كېلەر يول ئىكەنلىكىنى تونۇيدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىكى بىر دەملىك زىياننى دەپ بارسا كەلمەس يولغا چىقىرىۋەتكەن يوللىرىڭ، كىم بىلىدۇ ئەمەلىيەتتە بېشىمۇ ئاخىرىمۇ بار بولغان، ھەقىقىي بارسا كېلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يول بولۇشى، بۇ يول بەلكىم ئەۋلاد بىلەن ئەجدادنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم تۇتاشتۇرالايدىغان ھاياتلىق لىنىيەسى بولۇپ چىقىشىمۇ تامامەن مۇمكىن.

ھاياتلىق يولىدا تىركىشىۋاتقان ئەي زېرەك ئىنسان، ئەنە شۇنداق بىر تالاي يوللارنىڭ ئالدىدا ھازىر تۇرغىنىڭدا، ئۆز يولۇڭنى ھەرگىزمۇ بىر دەملىك مەنپەئەتنىڭ جىلۋىسىگە ئېزىقىپ ئادىشىپ تاللىمىغايسەن.

## دىيالوگ

سۆھبەتخانىلىق داۋام قىلاتتى.

— دۇنيادا كىم ئەڭ ئاجىز؟

— ئاجىزلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈستىدىن كۈلگۈچى.

— دۇنيادا نېمە ئەڭ قەدىرلىك؟

— ئۆز قەدرىنى تونۇپ يەتكۈچى ئەڭ قەدىرلىك.

— دۇنيادا ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان نەرسە نېمە؟

— دۇنيادىكى ھېچبىر نەرسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى مەڭگۈ بوش قالىدۇ.

— دۇنيادا تېخىچە ئىشلىتىلىپ باقمىغان سۆز بارمۇ؟

— بار، ئۇ تېخى دۇنياغا كەلمىگەنلەرنى ساقلاۋاتقان دۇردانە سۆزلەر.

— دۇنيادا نېمە ئەڭ ئەرزىمەس؟

— مۇشۇنداق بىر ئوي ئەڭ ئەرزىمەس.

سۆھبەتخانىلىق داۋام قىلاتتى. بۇ بەلكىم باشتىكى سۆھبەتنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

## ئوي (4)

ئىنسان شۇنداقمۇ بولىدۇ. ئۆز بېشىغا كەلگەن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد ـ ئەلەملەر ئالدىدا مەزمۇت تۇرالىغان ئىنسان، بەزىدە ئاجىز گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ چەيلەنگىنىگە قەلبى ئۆرتىنىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايمۇ قالىدۇ.

ئىنسان شۇنداقمۇ بولىدۇ. بەزىدە باشقىلارنىڭ خاتالىقى ساڭا ئىبرەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئىبرەت ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئىنسان شۇنداقمۇ بولىدۇ. كىملەردۇر باشقىلارنىڭ پېيىنى قىرقىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقىتتا، يەنە كىملەردۇر نە نەپاسەتلىك گۈللەرنى پەرۋىشلەپ ئېچىلدۇرغان بولىدۇ.

ئىنسان شۇنداقمۇ بولىدۇ. بەزىدە قۇدرەتلىك كۈچ چەيلەپ ئۆتۈپ كەتكەن گۈللەرنى ئاجىز كۈچ ئۆز پەرۋىشى بىلەن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپمۇ قالىدۇ. بۇ يەردە بەلكىم قۇدرەتلىك كۈچ نېمىنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلمەي كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسان شۇنداقمۇ بولىدۇ. بۈركۈتنىڭ كۆزىگە بىپايان ئاسمان بولۇپ كۆرۈنگەن دۇنيا، پاقىنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە كۆلچەك بولۇپ كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش، بىراۋنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن باسقان ۋەزمىن بىر قەدىمى، ئاللا كىملەرنىڭدۇر كۆزىگە ئاددىي بىر قەدەم بولۇپ كۆرۈنۈشىمۇ مۇمكىن.

ئىنسان شۇنداقمۇ بولىدۇ. كىملەرنىڭدۇر قولىدىكى ئوت قويۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئوتقاش، ئەمەلىيەتتە يەنە كىملەرنىڭدۇر باشقىلارنى نۇرستانغا باشلاپ ماڭغاندا كۆتۈرگەن نۇرانە مەشئەل بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئىنسان شۇنداقمۇ بولىدۇ. سېنى ئوراپ تۇرغىنى نۇر بىلەن سايىدىن ئىبارەت بولۇپ، سېنىڭ نۇرغا ياكى سايىگە يۈزلىنىشىنىڭ قانداقتۇر ناھايىتى ئۇزۇن بىر مۇساپە بولماستىن، بەلكى بىرلا قەدەمدىن ئىبارەت بولىدۇ.

## مېھىر

بېغىشلاشتىن پىشقان مېۋە، خالىسلىقتىن كۈلگەن چېچەك، تىكەنسىز قۇچاقلاردا ياشارغان باھار. مېھىر ئاپتىپى، تومۇرۇڭدا كۆۋەجەر سەلدەك. تۇتقىلى بولمايدىغان چېقىندەك، باغلاپ ئالغىلى بولمايدىغان ئويناق ئېقىندەك، تۇيغۇڭدىكى باھار گۈلىدەك، قەلبىڭدە ئەۋج ئېلىۋاتقىنى مېھىر تاشقىنى.

مەڭزىڭگە تامغان بىر تامچە ياشتا، يازسەن ئۆز ئىسمىڭنى ئۇيغۇر يېزىقىدا. شادلىق يىلتىزىدا پىشقان ھەسرەت، كېتىدۇ گاھىدا شۇنداق مېۋىلەپ. شادلىق يىلتىزىدا پىشقان ھەسرەت، كېتىدۇ گاھىدا ئاشۇنداق دەۋرەپ. شادلىق يىلتىزىدا پىشقان ھەسرەت، كېتىدۇ گاھىدا كۆز ياشتا سۆزلەپ.

مېھىر بىر قۇشمۇ، ئەندىكىپ قەپەستىن يىراققا ئۇچقان. مېھىر ئۈزۈپ تاشلانغان مەشئۇم غۇنچىمۇ، پورەك ئېچىشقا بەرھەم بېرىلگەن. مېھىر بىر ناتونۇش زاتمۇ، قۇياشقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان. مېھىر بىر تىنەپ يۈرگەن يېتىم بالىمۇ، ئادەمزات قورشاۋىدا يېگانە تۇرغان. مېھىر بىر سۇسىز چۆلمۇ، تىنجىق ئاپتاپتىن يامغۇر سورىغان.

مېھىر بىر دەرەخمۇ، سايىسىنى ئاپتاپقا بەرگەن. مېھىر ئۆتكۈن كارۋانمۇ، بارماق بولغان نىشاندىن كەلگەن. مېھىر تېپىلماسنىڭ خورمىسىمۇ تەلمۈرۈپ - تەلمۈرۈپ ئۈزرىسى كەلگەن. مېھىر بارسا يا كېلەر يا كەلمەس يولمۇ، كىشىنى ئۆز موھتاجلىقىدا تەڭقىسلىققا سالغان.

مېھىر بىر بۇلاق، پىنھان چەشمىسىنى ھېچكىم كۆرمىگەن. سۈزۈك ئېقىندا سۈزلەيدۇ ئەمما، تەشنالىق قىينىغان شۇ چاڭقاق ئەسنا. مېھىر بىر ئاداقلىنىش، يۈرىكى پۈتۈنلۈك بىلەن ياراقلىنىش. ھەتتا سايەڭنىمۇ ئۇچلايدۇ مېھىر، غېرىب بوسۇغاڭدىمۇ ئۇخلايدۇ مېھىر، سېنىڭ موھتاجلىقىڭنى ئۇقمايدۇ مېھىر.

بېغىشلاشتىن پىشقان مېۋە، خالىسلىقتىن كۆلگەن چېچەك، تىكەنسىز قۇچاقلاردا ياشارغان باھار. مېھىر ئاپتىپى، تومۇرۇڭدا كۆۋەجەر سەلدەك. تۇتقىلى بولمايدىغان چېقىندەك، باغلاپ قويغىلى بولمايدىغان ئويناق ئېقىندەك، تۇيغۇڭدىكى باھار گۈلدەك، قەلبىڭدە مەۋج ئۇرۇۋاتقىنى مېھىر تاشقىنى.

## گۈلنىڭ ئاخىرى

بۇ يول مېنى تاكى گۈلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئېلىپ باردۇ دەپ ئىشەنچ قىلدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۇ نازاكەتلىك گۈل مېنىڭ نەزىرىمدە نوقۇللا كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتقان ئەنە شۇ گۈلنىڭ ئۆزىدىنلا ئىبارەت ئەمەس ئىدى. مەن بۇ گۈلنى تېخىچىلا ئۆزىنى ئاشكارا قىلمىغان ساناقسىز مەنىلەرگە ئىگە دەپ خىيال قىلاتتىم. كۆز ئالدىمدىكى بۇ تۇرقى بولسا ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ماڭا ئايان بولغان ئازلا مەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مېنىڭ مەقسىتىم قانداقتۇر گۈلنى ئۇنىڭ ئەكس مەنىسىدىن چىقىپ چۈشەندۈرۈش بولماستىن، بەلكى مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم مۇشۇ گۈل بىلەن يەنە ئاللىقانداق بىر تارام يولنىڭ بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتكەنلىك ھېكايىسى ئىدى.

بەلكىم سەن مېنى ئۇ بۇ يەردە نوقۇل بىر يول خۇسۇسىدا سۆزلىمەكچى دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. مۇشۇ سەۋەبتىن سەن بەلكىم غايىبانە بىر گۈلنىڭ ئىستىقبالىغا ئېلىپ بارىدىغان قانداقتۇر بىر تارام يول ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرۇڭدىكى ئاستا - ئاستا قاناتلاندۇرۇۋاتقانسەن. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم ھاياتنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان يولغا ئېلىپ بارغۇچى گۈل ھېكايىسى.

شۇنداق، بۇ بىر ئوتقاش كەبى گۈل، سېنى ئۆزۈڭ موھتاج بولۇۋاتقان يوللارغا ئۇلاشتۇرىدىغان. بۇ بىر نىيەت - ئىقبالىڭدىكى گۈل، ئىخلاسىڭنىڭ پەرۋىشىدىن بەربالىق تاپىدىغان. بۇ بىر ھەمدەمچى گۈل، قەلبىڭگە غوجا بولۇپ قالالايدىغان.

بۇ يولمۇ شۇ. ئۇ سېنى گۈلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئېلىپ باردۇ. بۇ يەردە بىر غايىچى قانال بار. بۇ قانال گۈلدىن يولغا، يولدىن گۈلگە قەدەر سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ھاياتلىق سەپىرىڭدە مانا بۇ گۈل ۋە مانا بۇ يول پەرۋازىڭ ئۈچۈن قانات، ئۆرلىشىڭ ئۈچۈن كۈچ، كۆيلىرىڭ ئۈچۈن ئاھاڭ بولۇپ كېتىدۇ. گۈل بىلەن يولنىڭ ھەمدەملىكى سېنىڭ ھەر بىر قەدىمىڭ ئۈچۈن ئىز بولۇپ قالىدۇ.

**«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر» ئالاھىدە سانى ئۈرۈمچى «بۇلاق» كىتابخانىسى ۋە نەشرىياتىمىز تور بېكىتى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ، پوچتىخانىدىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر «بۇلاق» كىتابخانىسى ياكى نەشرىياتىمىز تور بېكىتى ئارقىلىق مۇشتەرى بولالايدۇ.**

**ئۈرۈمچى «بۇلاق» كىتابخانىسى مەسئۇلى: ئىمىنتوختى قۇربانىياز**

**تېلېفون: 0991 - 8521633 يانفون: 13899801709**

**تور بېكەت ئادرېسى:** http://www.xjyaxliri.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





# تام ۋە تۇخۇم

خارۇكى مۇراكامى (ياپونىيە)

مەن ئېرۇسالېمغا پىروزا يازغۇچىسى سالاھىيىتى بىلەن كەلدىم. بۇ گەپنى باشقىچە دېسەك، مېنىڭ كەسپىم ناھايىتى قامللاشتۇرۇپ يالغان گەپ توقۇش.

ئەلۋەتتە، يالغان گەپ توقۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچى ئەمەس. ھەممەيلەنگە ئايان، سىياسىيونلارمۇ ھەمىشە يالغان گەپ قىلىدۇ؛ دىپلوماتلار بىلەن ھەربىيلەرمۇ يالغان گەپ قىلىدۇ. ئىمكەش ئاپتۇموبىل ساتىدىغانلارمۇ، قاسساپلار بىلەن قۇرۇلۇش ساھەسىدىكىلەرمۇ يالغان گەپ قىلىدۇ. لېكىن يازغۇچىلار ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، يازغۇچىلار يالغان گەپ قىلغانلىقتىن ئەدەپ - ئەخلاق، ھەققانىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە، يازغۇچىلار قانچە يالغانچى بولسا شۇنچە ئالقىشلىنىدۇ، شۇنچە يۇقىرى باھاغا ئېرىشىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يازغۇچى دانالىق بىلەن يالغان گەپ توقۇش ئارقىلىق ھەقىقەتكە ناھايىتى يېقىن بولغان ۋەقەلىك ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەقىقەتنى باشقا سورۇنلاردىن تارتىپ چىقىرىدۇ، ھەمدە ئۇنى باشقىچە چاقنىتىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، ھەقىقەتنى ئۆزگەرتمەي ئۆز پېتىچە تۇتقىلى، تەييار قېلىپىمىز بويىچە تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ھەقىقەتنى گوللاپ، ئويدۇرما ۋەقەلىككە قىزىقتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئويدۇرما ۋەقەلىكنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئۇنىڭ قۇيرىقىدىن تۇتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ھەقىقەتنى قەلبىمىزدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇستىلىق بىلەن ھېكايە توقۇشنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالىغا ئايلىنىدۇ.

تەرجىمە كۆزنىكى

بىراق، مەن بۈگۈن يالغان گەپ توقۇماقچى ئەمەسمەن. بەلكى، ئۆز قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە راست گەپ قىلىمەن. مېنىڭمۇ بىر يىل ئىچىدە يالغان گەپ قىلمايدىغان بىر نەچچە كۈنۈم بولىدۇ، بۈگۈن دەل ئاشۇنداق كۈنگە ئۇلاشقان بىر كۈنۈمدۇر.

راست گەپنى راست پېتىچە دېيىشىم كېرەك. ئىسرائىلىيەگە «ئېرۇسالېم مۇكاپاتى»نى ئالغىلى كېلىشتىن بۇرۇن بىرمۇنچە كىشىلەر مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ «ئەگەر ياخشىسى مۇكاپاتنى رەت قىل» دېيىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاگاھلاندۇرۇپ ئەگەر بۇ مۇكاپاتنى ئالغىلى كەلسەم كىتابلىرىمنى چەكلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ باھانىسى تەبىئىيكى بۇ قېتىمقى گازا رايونىدا يۈز بەرگەن قانلىق جەڭ ئىدى. قامالغان شەھەردە بۈگۈنگىچە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا تالاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى باللار، ياشانغانلار ۋە قورالسىز پۇقرالار ئىكەن.

مۇكاپات ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزۈمگە كۆپ سوئال قويدۇم: بۇنداق ۋاقىتتا ئىسرائىلىيەگە كېلىپ ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىش زادى مۇۋاپىقمۇ؟ بۇنداق قىلسام كىشىلەرگە تالاش - تارتىشنى قوللىغان بىتەرەپچىدەك، ئېزىش خاراكتېرىدىكى ھەربىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ۋە بۇ خىل ھەربىي كۈچنى ئىشقا سالغان بىر دۆلەتنى ھەم ئۇنىڭ يېتەكچى سىياسىتىنى قوللىغاندەك تەسىر بېرەمدىم - يوق؟ ئەلۋەتتە، بۇلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلمايمەن. مەن ھەرقانداق جەڭنى، ھەرقانداق دۆلەتنى قوللىمايمەن. يەنە بىر جەھەتتىن، كىتابلىرىمنىڭ چەكلىنىشىمۇ مېنى خۇشال قىلمايدۇ.

بىراق، قايتا - قايتا، ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىشنى قارار قىلدىم. سەۋەبى، نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا سەممىيلىك بىلەن «بارمىسىڭىز ياخشى بولاتتى» دەپ

نەسىھەت قىلدى. خۇددى باشقا نۇرغۇن يازغۇچىلارغا ئوخشاش مەنمۇ بەلكىم «مىجەزى غەلىتە» ئادەم بولۇشۇم مۇمكىن. كىشىلەر «ئۇ يەرگە بارماڭ»، «ئۇنداق ئىشنى قىلماڭ» دېگەنسېرى، بىراۋلار مېنى ئەسكەرتكەنسېرى مېنىڭ بېرىپ باققۇم، قىلىپ باققۇم كەلدى، بۇ ماھىيەتتىن يازغۇچىنىڭ تۇغما خاراكتېرى. يازغۇچىلار مۇنداق بىر تۈردىكى ئادەملەردۇر: تەتۈر قويۇننىڭ قانداق ھۇۋلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە، ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ باقمىسا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە تۇرۇۋېتىمەن. كەلمەسلىكنى ئەمەس، كېلىشنى تاللىدىم؛ ھېچنېمىنى كۆرمەسلىكنى ئەمەس، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى تاللىدىم؛ زۇۋان سۈرمەسلىكنى ئەمەس، ئاممىغا بىر مەيدان نۇتۇق سۆزلەشنى تاللىدىم.

كۆپچىلىككە بىر خەۋەرنى، بىر ئادەمنىڭ قەلب ساداسىنى يەتكۈزۈشمگە ئىجازەت قىلغايسىلەر. بۇ يېزىقچىلىق قىلغۇاتقىنىمدا ھەر ۋاقىت قەلبىمدە ياد ئېتىدىغان بىر ئېغىز سۆز. ئۇنى قەغەزگە يېزىپ تامغا چاپلاپ قويىمىدىم، بەلكى، كاللامنىڭ تېمىغا ئويۇپ قويدۇم:

ئەگەر بۇ يەردە ناھايىتى مەزمۇت بىر تام بولسا، ئاۋۇ يەردە تامغا ئۇرۇلۇپ چېقىلىپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن بىر تۇخۇم بولسا، مەن مەڭگۈ ئاشۇ تۇخۇم تەرەپتە تۇرىمەن.

توغرا، تامنىڭ قانچىلىك توغرا، تۇخۇمنىڭ قانچىلىك خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەڭگۈ تۇخۇم تەرەپتە تۇرىمەن. بۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى باشقىلار ئايرىسۇن؛ ۋاقىت، تارىخ ئايرىسۇن. ئەگەر بىر يازغۇچى تام تەرەپتە تۇرۇپ ئەسەر يېزىپ، قانداق سەۋەب كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ يەنە زادى قانچىلىك قىممىتى بولىماقچى؟

بۇ ئوخشىتىش زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مەلۇم بىر قىسىم ئەھۋالدا بۇ ناھايىتى ئاددىي. بومباردىمانچى ئايروپىلان، تانكا، راكېتا، ئاق فوسفور بومبىسى ۋە پىلىموت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇستەھكەم تامدۇر. ئۇلار يانچىغان، كۆيدۈرگەن، تەشكەن قورالسىز پۇقرالار بولسا تۇخۇم. مانا بۇ ئوخشىتىشنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ بىرسى.

پەقەت بۇلارلا ئەمەس، مەزمۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىرى بار. ئويلاپ بېقىڭ: بىز ھەممىمىز بىر تۇخۇم، تەڭداشسىز روھ ۋە بۇ روھنى ئوراپ تۇرغان ئاجىز شاكىلى بار تۇخۇم. مەنمۇ شۇنداق، سىلەرمۇ شۇنداق. ھەم ھەممىمىز ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدا بىر مەزمۇت تامغا دۇچ كېلىمىز. بۇ تامنىڭ ئىسمى بار، ئۇنىڭ ئىسمى «تۈزۈلمە». بۇ تۈزۈلمە ئەسلى بىزنى قوغدايدىغان نەرسە ئىدى. لېكىن بەزى چاغلاردا ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، بىزگە ئادەم ئۆلتۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ باغرى تاش، يۈرىكى ئۆلۈك، سوغۇق، سىستېمىلىق.

مېنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشىمدىكى سەۋەب، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا كىشىلىك روھنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى سۇ ئۈستىگە لەيلىتىپ چىقىرىش، نۇرغا چۈمۈلدۈرۈش ئۈچۈن؛ روھىمىزنى تۈزۈلمىنىڭ چەكلىمىسى، كەمسىتىشىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن. شۇڭا باشتىن ـ ئاخىر نۇر چۈشۈرۈش، ئاگاھلاندۇرۇش قوغغۇرىقىنى چېلىش ھېكايىنىڭ مەسئۇلىيىتى دېگەنگە قەتئىي ئىشىنىمەن. ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ھېكايىسىنى، مۇھەببەت ھېكايىسىنى يېزىپ كىشىلەرنى يىغلىتىش، قورقۇتۇش، كۈلدۈرۈش ئارقىلىق بىر روھنىڭ ئورنىغا ھېچقانداق نەرسىنى ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش، بۇ خىل سىناقنى بوشاشماستىن ئىزچىل ئېلىپ بېرىش، دەل يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى. بۇ مەقسەت ئۈچۈن بىز ساداقەتمەنلىك بىلەن كېچە ـ كۈندۈز يالغان گەپ توقۇيمىز.

ئاتام 90 ياشقا كىرىپ بۇلتۇر يازدا ۋاپات بولدى. ئوقۇتقۇچىلىقتىن پېنسىيەگە چىققان، راھىبمۇ بولغانىدى. ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ھەربىيلىككە ئېلىنىپ جۇڭگوغا بېرىپ جەڭگە قاتناشقانىدى. مەن كىچىك چاغلاردا ئاتام ھەر كۈنى سەھەردە ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن بۇتقا قاراپ ئۇزاقتىن ئۇزاق ئىبادەت قىلاتتى. بىر قېتىم مەن ئاتامدىن نېمىشقا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى سورىسام، جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى دېگەن. ئۇ دوست ـ دۈشمەن دېمەستىن، جەڭدە تالاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئىبادەت قىلاتتى. ئاتامنىڭ ئىبادەت قىلغاندىكى ھالىتىگە كەينىدىن قاراپ، ئۇنىڭ يىراقتىن كۆرۈنگەن سىماسىدا ئۆلۈمنىڭ سايىسى بارلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ خاتىرىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىتتى. مەن ئۇنىڭ زادى قانداق ئەسلىمە ئىكەنلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر بىلەلمىدىم. بىراق ئۇ سىمادىكى ئۆلۈمنىڭ ھىدى مېنىڭ خاتىرەمدە يەنىلا بار. ئۇ ماڭا ئاتامدىن قالغان كىچىككىنە بىر قىممەتلىك نەرسە.

مېنىڭ سىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغىنىم پەقەت بىرلا: دۆلەت تەۋەلىكىمىزدىن، ئىرقتىن، دىندىن ھالقىساقلا ھەممىمىز ئوخشاشلا ئادەم، تۈزۈلمە دېگەن بۇ يىمىرىلمەس تامغا دۇچ كەلگەن تۇخۇم. بىز ئۇ تامغا ئۈمىدسىز قارايمىز، تام ھەقىقەتەن ئېگىز، مۇستەھكەم ۋە رەھىمسىز. ئەگەر بىزنىڭ غەلىبىگە يەنە ئۈمىدىمىز بار بولسا ئۇ ھالدا ئۇ ئۈمىد پەقەت بىزنىڭ ھەربىر روھنىڭ تەڭداشسىزلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىزدىن، ئوخشاش روھلارنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشنىڭ ئىللىقلىق پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىزدىن كەلگەن.

(داۋامى 79 ـ بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# نېمە ئۈچۈن يېزىقچىلىق قىلىمەن



يۇ خۇا

20 يىل بۇرۇن بىر چىش دوختۇرى ئىدىم، جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى بىر كىچىك بازاردا قولۇمدىكى قىسقۇچ بىلەن ھەر كۈنى سەككىز سائەتلەپ چىش يۇلاتتىم.

كونا جۇڭگودا چىش دوختۇرلۇقى جاھانكەزدىلىكنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئادەتتىكى ساتىراش ۋە موزدۇزلار قاتارىدىن سانىلاتتى، ئۇلار رەستىلەردىكى كۈنلۈك ئاستىغا قىسقۇچ، بولقا قاتارلىق سايمانلارنى ھەمدە ئىلگىرى يۇلغان چىشلارنى يېيىپ قويۇش ئارقىلىق خېرىدار يىغاتتى. بۇنداق چىش دوختۇرلىرى ئادەتتە يالغۇز بولۇپ ياردەمچىسى يوق ئىدى. ئۇلار خۇددى موزدۇزلاردەك ئەپكەش كۆتۈرۈپ ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرەتتى.

مەن شۇلارنىڭ ۋارىسى. گەرچە دۆلەت تەۋەلىكىدىكى دوختۇرخانىدا ئىشلىسەممۇ، بىراق ئۇستازلىرىم رەستىدىكى كۈنلۈك ئاستىدىن دوختۇرخانا بىناسىغا كۆچكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن كەلمىگەنىدى. مەن ئىشلەيدىغان دوختۇرخانا چىش يۇلۇشنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، پەقەت 20 نەچچە ئادەم بار ئىدى. كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن كىشىلەر دوختۇرخانىمىزنى «چىش دۇكىنى» دەپ ئاتايتتى، ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇ يەرنى بىر دوختۇرخانا دەپ قارايتتى. چىش دوختۇرلۇقىدەك ئاللىقاچان زىيالىيلىق تۈسىگە ئىگە بولغان كەسىپ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزۈمنى تولاراق بىر مال ساتقۇچى دەپ ئويلايتتىم.

مەن دەل شۇ چاغدىن باشلاپ يېزىقچىلىق قىلغان. مەن «چىش دۇكىنى»دا بەش يىل ئىشلىدىم، كۈندە ئېچىلىپ تۇرغان تالاي ئېغىزلارنى كۆرەتتىم، چەكسىز مەنىسىزلىك ھېس قىلاتتىم. ئەينى چاغدا دائىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى بىر كىشىنىڭ كۈن بويى كوچىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھەۋەس قىلاتتىم. بىر قېتىم مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىرىدىن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈيدىغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ «بۇ دەل مېنىڭ خىزمىتىم» دېدى. بۇنداق خىزمەتنىڭ ماڭىمۇ ئىنتايىن ماس كېلىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشقا بەل باغلىدىم، شۇنداقلا بىر كۈنلەردە مەدەنىيەت ئىدارىسىغا ئورۇنلىشىشنى ئارزۇ قىلدىم. ئەينى چاغدا مەدەنىيەت ئىدارىسىغا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ئۈچلا يول بار ئىدى: بىرى كومپوزىتور بولۇش، ئىككىنچىسى رەسىم سىزىش، ئۈچىنچىسى يېزىقچىلىق قىلىش. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا كومپوزىتورلۇق بىلەن رەسىم سىزىش بەكلا تەس ئىش ئىدى، ئەمما يېزىقچىلىق ئۈچۈن خەت تونۇسىلا بولاتتى، مەن پەقەت يېزىشنىلا كېرەك ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە مەن ئاللىقاچان 15 يىللىق يېزىقچىلىق تارىخىغا ئىگە بولدۇم، ئاللىقاچان يېزىقچىلىقنىڭ كىشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى بىلدىم، ئۇ بىر قەيسەر كىشىنى مىشچان كىشىگە، كەسكىن كىشىنى ئارىسالدى كىشىگە، باتۇر كىشىنى قورقۇنچاق كىشىگە، ئاخىرىدا تىرىك كىشىنى بىر يازغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىكەن. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق يېزىقچىلىقنى كەمسىتمەكچى ئەمەسمەن، دەل ئەكسىچە ئەدەبىيات

تەرجىمە گۈزنىكى

ياكى يېزىقچىلىقنىڭ بىر كىشىگە بولغان تەسىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنزاھلىماقچىمەن. چۈنكى ئەدەبىياتنىڭ قۇدرىتى دەل ئىنسان قەلبىنى يۇمشىتىشتا ئەكس ئېتىدۇ. يېزىقچىلىق جەريانى بۇ قۇدرەتكە بىۋاستە تۈرتكە بولىدۇ، ئۇ يازغۇچىنى بارغانسېرى ئېھتىياتچان ۋە ھەسرەتلىك قىلىشۋەتكەندىن سىرت يەنە يازغۇچىنىڭ قەلبىنى نازۇك ۋە تەنھالىققا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى چوڭقۇرلاۋاتقان دۇنيا بىلەن ئەتراپىدىكى رېئاللىقنىڭ بىر قارىسا ئوخشايدىغانلىقىنى يەنە بىر قارىسا تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھەمدە پەقەتلا سىغىشمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان خاس مىزانغا ئىگە بولغانلىقىنى بايقايدۇ ياكى ئۇنى پۈتۈنلەي خاس چۈشەنچە ۋە ھۆكۈمگە ئىگە بولدى دېسەكمۇ بولىدۇ، ئۇ ئۆز روھىنىڭ ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنالايدىغان كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى پەۋقۇلئاددە رەھىمدار بولىدۇ، بۇ خىل رەھىمدارلىق دەل ئۇزۇن مۇددەتلىك يېزىقچىلىقتىن، بەدەن مۇسكۇللىرى بوشاشقاندىن كېيىنكى سەگەكلىك ۋە پاراسەتنىڭ يېتىلىشىدىن كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل رەھىمدارلىق ئاسانلا زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

ئۇلۇغ شائىر دانتىنىڭ كاتتا ئەسىرى «ئىلاھى كومېدىيە»دىكى ئاجايىپ تەسەۋۋۇر ۋە مېتافورا، گۈزەل ۋە پۇختا قۇرۇلما، ئەركىن قۇرلار مېنى جەلپ قىلىدۇ، مېنىڭ «ئىلاھى كومېدىيە»گە بولغان مۇھەببىتىم ھەقىقەتەن چوڭقۇر. دانتى مىسرالار ئارقىلىق تىلنىڭ سۈرئىتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ، نىشان بەتلەندى، ئوت ئېتىلىپ چىقتى.

يەنە بىر ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ئىسمى بورخېس، ئۇ ئارگېنتىنالىق بولسىمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە ھۆرمەت جەھەتتە دانتىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ بىر پارچە قىزىقارلىق ھېكايىسىدە ئىككى بورخېسنى يازىدۇ، بىرى 60 نەچچە ياشلار ئەتراپىدا، يەنە بىرى بولسا 80 ياشلىق بوۋاي ئىدى. ئۇ ئىككى بورخېسنى بىر قېتىملىق سەپەردىكى مېھمانخانىدا ئۇچراشتۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ قېرى بورخېسنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى ئاۋازىنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى، ياشراق بورخېس مۇنداق ئويلايدۇ: «دائىم ئۆزۈمنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىدا ئاڭلايدىغان ھېلىقىدەك ئاۋاز، نېمىدېگەن ئىنچىكە پەرق» بورخېس ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق بىزگە بىر خىللىق ئىچىدىكى يوشۇرۇن پەرقنى ئېچىپ بەردى. ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلالىغان، مەن ھازىر بۇ ھەقتە ئۇزۇن بىر پارچە تىزىملىك تۈرغۇزالايمەن ھەمدە بۇ تىزىملىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى جۇڭگونىڭ تاماق تىزىملىكىدىنمۇ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ھەممىگە ئايان بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلى بىز بىر دەۋر كىشىلىرى ئەدەبىيات يوق بىر مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدۇق، چوڭ بولۇپ ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغان ۋاقتىم دەل جۇڭگونىڭ ئەدەبىياتقا بولغان چەكلىمىسى بىكار قىلىنغان چاغ بولۇپ، ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ كىتابخانىدا ئۇزۇن ئۆچۈرەت بولۇپ كىتاب سېتىۋالغان كۆرۈنۈشىنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلەيمەن. بۇنداق كۆرۈنۈشنى كېيىن قايتا كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇ سانسىز كىشىلەرنىڭ تەشنالىقى، بىر دەۋرنىڭ كىتابقا بولغان تەشنالىقى ئىدى. شۇلار ئىچىدىكى دېڭىزغا قويۇلۇۋاتقان بىر تامچە بولۇش سۈپىتىم بىلەن پايانسىز ئەدەبىيات دۇنياسىغا يۈزلەنمەكتە ئىدىم. مەن چەت ئەل ئەدەبىياتى، جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا يۈزلىنىشىم كېرەك ئىدى، مەن ئوقۇش تەرتىپىنى يوقاتتىم، گويا دېڭىزدا نىشانىنى يوقاتقان كېمىدەك لەيلەپ قالدىم، كىتاب ئوقۇشۇم ھاياتتىكى تىركىشىشكە ئوخشاۋاتاتتى، مەن ئەڭ ئاخىرى چەت ئەل ئەدەبىياتىنى تاللىدىم. بۇ بىر يازغۇچىنىڭ تاللىشى ياكى يېزىقچىلىق قىلىشتىكى تاللاش بولۇپ، ھەرگىزمۇ تۇرمۇش پوزىتسىيەسى ئەمەس ئىدى. چۈنكى مەن پەقەت چەت ئەل ئەدەبىياتى ئارقىلىقلا يېزىقچىلىق ماھارەتلىرىنى ھەقىقي چۈشىنەلەيتتىم. كېيىن ئۆز يېزىقچىلىقىم ئارقىلىق ئەدەبىياتتا شۇنچە كۆپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بارلىقىنى، ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىكى ۋە خۇشاللىقىنى تونۇدۇم. گەرچە ئۇلار ئەكسىچە تۇرمۇش پوزىتسىيەم ۋە ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتسىمۇ ئۇ يەنىلا نېگىزلىك ۋە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك تەسىر ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەب، بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن باشتىن - ئاخىر جۇڭگوچە ئۇسۇلدا ئۆسۈپ يېتىلدىم ۋە تەپەككۇر قىلدىم، كېيىن بىر جۇڭگولۇق يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەدەبىياتقا رەڭ قوشۇش شەرىپىگە ئېرىشتىم. ئۆز تىلىمىزدىن باشقا ھېچقانداق تىل بىلمەيمەن، بىراق دۆلىتىمىزدىكى بىر تۈركۈم كاتتا تەرجىمانلارنىڭ ئېسىل تەرجىمىلىرى ئارقىلىق دۇنيادىكى سەلتەنەتلىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەدەبىياتنىڭ كۈچى دەل مۇشۇ يەردە؛ ئۇ دانتىنىڭ مىسرالىرى ۋە بورخېسنىڭ مېتافورالىرى ئىچىدە، بارلىق كاتتا يازغۇچىلارنىڭ بايانلىرى ئىچىدە، ئاشۇ دەقىقىدە پەيدا بولۇپ يەنە يوقايدىغان ئىماگلار ئىچىدە، ئاشۇ ئىنچىكە، ساپ ۋە چىن تەسۋىرلەردە... بۇلار ئاشۇ نازۇك ھەم رەھىمدار شۇنداقلا سەزگۈر قەلبلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان، ئۇلار دىللارنى لەرزىگە سېلىپ كىشىنى ھاياجاندىن ئۇيقۇسىز قويىدۇ، مۇساپە شۇنچە يىراق تۇرۇقلۇق بىزنى يەنىلا مەستانە قىلىدۇ. بىزنى ئاخىرغىچە ئۆز ئارا قىزغىن سۆيدۈرىدۇ. چۈنكى، دانتى بىزگە «ئىنسان بەختسىزلىككە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تۈۋرۈك» دېگەن. بۇ دۇنيادا يەنە قايسى شەيئى تۈۋرۈكتەك ئىشەنچلىك؟

(ئابدۇۋەلى ئابدۇسالام يارغول تەرجىمىسى)

# غەرب پەلسەپىسىدىكى ئۆزلۈك ئۇقۇمىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ھەققىدە



ئادىل ئابدۇقادىر

يېقىنقى يىللاردىن بېرى نەشر ئەپكارلىرىمىزدا «ئۆزلۈك» ئاتالغۇسى كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقلا «ئۆزلۈك» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرمۇ بىر قەدەر ئاۋۇپ، كىشىلەر «ئۆزلۈك» ھەققىدە دەسلەپكى ھېسسىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى. بۇ جەھەتتە يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان بىر قانچە يازغۇچى، تەتقىقاتچىمىزنىڭ چەت ئەل سەپەرلىرىدىن كېيىنكى سېلىشتۇرما تەسراتلىرى ئاساسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ يىپ ئۇچى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزلۈك تېما قىلىنغان بۇ ئەسەرلەر ئاساسلىقى چەت ئەل ھەم ئۆزىمىز ھەققىدىكى ھېسسىي سېلىشتۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىلمىيلىكتىن ئەدەبىيلىككە بىر قەدەر يېقىن يېزىلغان بولغاچقا، كىشىلىرىمىز ئۆزلۈك ھەققىدە بەزى ھېسسىي چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەردە ئۆزلۈك ئىلمىي شەرھىيلەنمىگەچكە، ئۆزلۈك ھەققىدە بىر پۈتۈن ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىدى. ئۆزلۈك مەنە قاتلىمى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان پەلسەپەۋى ۋە پسىخولوگىيەلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ دەسلەپ غەرب پەلسەپەسىدە بىر ئۇقۇم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم غەرب پەيلاسوپلىرى بۇ ھەقتە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىزدەنگەن. كىشىلەرنى پەلسەپەدىكى ئۆزلۈك ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ غەرب پەلسەپىسىدىكى تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە يۈزەكى بولسىمۇ ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەر قەلەمگە ئېلىندى.

بىز توختالماقچى بولغان «ئۆزلۈك» ئاتالغۇسى تىلىمىزدا خەنزۇ تىلىدىكى «自我» ئاتالغۇسىنىڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتقان ئاتالغۇ بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىكى «自我» ئاتالغۇسى ئىنگلىز تىلىدىكى «self» ياكى «ego» ئاتالغۇسىنىڭ تەرجىمىسىدۇر. 1984 - يىلى شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان «ئوكسفورد ھازىرقى زامان ئىنگلىزچە - خەنزۇچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى»دە «self» سۆزى «自我,本性,本质» (خاراكتېر، تەبىئىتى، ئۆز) دەپ تەرجىمە قىلىنغان، «ego» سۆزى بولسا «自我、个人的思想,感觉和行动能力» (ئۆز؛ شەخسنىڭ ئويلاش، ھېس قىلىش ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارى) دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، كۆپرەك پسىخولوگىيە ئىلمىدىكى «ئۆز» ئاتالغۇسىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ، دەپ ئىزاھلانغان. تىلىمىزدىكى ئۆزلۈك ئاتالغۇسى نەشر ئەپكارلىرىمىزدا تېخى رەسمىي بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئىزاھلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەچكە، ھازىرچە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مىللىي كىملىك ھەققىدىكى ئىزدىنىش پىكىر يۆنىلىشىگە ئاساسەن، ئاساسلىقى «بىز كىم؟» مەسىلىسىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

ئۆزلۈك بىر مۇرەككەپ تارىخىي مەنە قاتلىمىغا ئىگە ئۇقۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر پۈتۈن غەرب پەلسەپىسىدە كەڭ قوللىنىلغان ھەم تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولغان ئاتالغۇلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزلۈك رەسمىي بىر ئۇقۇم سۈپىتىدە دەسلەپ غەرب پەلسەپىسىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ غەرب پەلسەپىسىدە ئىشلىتىلىش تارىخى ئۇزاق بولۇپلا قالماستىن، غەرب تارىخىدىكى تونۇلغان پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈك تېمىسى ھەققىدە مەخسۇس ئىزدەنگەن ھەم ئۇنى توختىماي شەرھىيلىگەن. گرېتسىيە دەۋرىدىكى



سوقراتتىن تارتىپ تاكى ئامېرىكا پراگماتىزم پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى ۋە پسىخولوگ ۋىلىيام جامىسقىچە (WilliamJames)، (1842—1910) ئۆزلۈك ھەققىدە توختىماي ئىزدەنگەن. ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىش گەرچە قەدىمكى گرېتسىيە دەۋرىدىلا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈك ئاتالغۇسىنى پەلسەپىدە رەسمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە تۇنجى قوللانغان ئادەم رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ياشىغان ئېپىسكوپ ئاۋرېلوس ئاۋگۇستىنۇس (Aurelius Augustinus)، (مىلادى 354 ـ430) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «تۆۋبىنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى «ئۆزلۈك» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ بايان قىلغان.[1]

ئەمەلىيەتتىمۇ، پەلسەپە ئادەم ھەققىدە ئىزدىنىدىغان پەن بولغاچقا، ئادەم ھەققىدىكى ئىزدىنىش تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشتىن ئايرىلالمايتتى. شۇڭا، ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى تاكى پسىخولوگىيە مەخسۇس بىر ئىلىم سۈپىتىدە پەلسەپىدىن بۆلۈنۈپ چىققۇچە بولغان ئۇزۇن جەريانىدا، غەرب پەلسەپە تارىخىنىڭ يادروسى بولغان دېيىشكە بولىدۇ. پسىخولوگىيە ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئىلىم سۈپىتىدە پەلسەپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئايرىم پەن بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىش تەبىئىي ھالدا پەلسەپىدىن پسىخولوگىيە ئىلمىغا كۆچتى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈك پەلسەپەدىكى مۇجمەل، چۈشىنىكسىز ھالەتتىن بارغانسېرى ئوچۇق بىر تېمىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۆزلۈك ئۇقۇمىغا بولغان چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلۈك ئۇقۇمىنىڭ غەربتە مەيدانغا كېلىشى ۋە قوللىنىش تارىخى تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ئۇنى ئالدى بىلەن پەلسەپە نۇقتىسىدىن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

پەلسەپەۋى ئۆزلۈك ھەققىدىكى گەپنى غەرب پەلسەپىسىنىڭ ئاتىسى دەپ شۆھرەتلەنگەن، گرېتسىيەلىك پەيلاسوپ سوقراتنىڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى469ـ399) «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى گرېتسىيە دېلفى ئىبادەتخانىسىنىڭ لىمىغا ئويۇلغان سۆز بولۇپ، سوقرات مۇشۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرىنى شەرھلەشنىڭ يىپ ئۇچى قىلغان. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، سوقرات ئىلاھنىڭ ۋەھيىسىنى دەلىللەيمەن، دەپ ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدۇ، ئىلاھتىن ۋەھيي كېلىپ سوقراتنى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم دەپ ئاتايدۇ، ئۇ گاڭگىراپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىكىنى بىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە نامى چىققان كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنى ئەقىللىقمەن دەپ ئاتىۋېلىشقان كىشىلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىنىڭ دەل ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلمەسلىكتە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىلاھنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق دەپ ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق سوقراتنىڭ نامى بىلەن ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. سوقراتنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلالىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر ۋاقىت كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ياخشىلىققا مايىل قىلىشقا، ئۆزىنى تونۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.[2] شۇنداقلا ياخشىلىق ۋە ئۆزىنى تونۇشنىڭ بىلىم بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، سوقراتنىڭ نەزىرىدە ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ ئۆزى ھەققىدە ئىزدەنگەندىلا ئاندىن ياخشىلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاققا ئېرىشەلەيتتى، «ياخشىلىق»نى تونۇش بىلىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بارلىق جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى بىلمەسلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم «ئادەم ئۆزىنى تونۇغاندىلا كىشىلىك ھاياتنى بىلەلەيدۇ. ئەقىل - پاراسەت دەل ئۆزىنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىشتۇر. بىلىدىغانلىرى كۆپەيگەنسېرى، ئادەم بىلىدىغانلىرىنىڭ شۇنچە ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. سوقراتتىن گەرچە ئۆز ئوقۇغۇچىسى پلاتون ۋە ئارستوتىلدەك ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر قېپقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تونۇشىنىڭ مۇھىملىقىدىن ئىبارەت بىر تېمىغا ئوت يېقىپ، پەلسەپەدىكى ئىزدىنىشنىڭ يۆنىلىشىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئادەمگە قارىتىپ، ئۆزلۈك ھەققىدىكى پەلسەپەۋى ئىزدىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقانلىقىنى غەرب پەلسەپەسىدىكى ئەڭ زور تۆھپىسى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشىنى «بىلىم» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېتىكىلىق ئاساسلىرىنى مۇنازىرە شەكلىدە دەلىللەپ، ئۆزلۈكنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ئاساسلىرىنى ئورگانىك باغلىغان، شۇنداقلا ئۆزلۈكنى بىر پەلسەپەۋى مەنە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى پەلسەپەۋى ئاساسقا ئىگە قىلغانىدى.

سوقراتتىن كېيىن غەرب پەلسەپىسىدە ئۆزلۈك ھەققىدە توختالغان كىشىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سوقراتنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتقان ھەم ئۇنى يېڭى بىر پەلسەپەۋى مەنە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى، «ھازىرقى زامان غەرب پەلسەپەۋى تەپەككۇرىنىڭ ئاساسچىسى» دەپ ئاتالغان فرانسىيەلىك پەيلاسوپ دېكارتتۇر (René Descartes)، (1596 ـ 1650). ئۇنىڭ «مەن تەپەككۇر قىلغاچقا مەۋجۇتمەن»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دېگەن مەشھۇر سۆزى ئۇنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى پەلسەپەۋى قارىشىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. دېكارتنىڭ بۇ سۆزى ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بىلىمنىڭ ئاساسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئوبيېكتى بولغان ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزى گۇمانلانمايدىغان بىر نەرسىنى تېپىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ مۇشۇنداق گۇمانلىنىش ئۇسۇلى ئارقىلىق گۇمان سىغمايدىغان بىر نەرسە بايقىيالىسام، ئۇنى ئاساس سۈپىتىدە قاراپ ئۆز بىلىمىنى شۇنىڭ ئۈستىگە قۇرالايمەن، دەپ قارىغان. ئۇ ھەتتا ئۆزىدىنمۇ گۇمانلانغان، ئۇنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىشى قانداقتۇر جىسمانىي مەۋجۇتلۇق جەھەتتىكى گۇمانلىنىش ئەمەس، بەلكى تۇيغۇ ۋە ئەقلىدىن گۇمانلىنىش بولۇپ، ئۇ مەيلى سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئېرىشكەن قاراشلار بولسۇن ياكى ئەقىل ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىلەر بولسۇن بۇلار بىلىم ئاساسى بولالمايدىكەن، دەپ قارىغان. ئاخىرى ھەممە نەرسىدىن گۇمانلانغاندىن كېيىن، گۇماننى ئۆزىگە يەنى ئۆز تەپەككۇرىغا قاراتقان. شۇنداقلا ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق مەيلى قانداق سەۋەب بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىدىن گۇمان قىلسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەم گۇمانلىنىدىغان سەۋەبلەر قانچە كۆپ بولسا، ئۆزىنى مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەندۈرىدىغان دەلىللەرنىڭمۇ شۇنچە كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، ئاخىرى «مەن گۇمانلىنىمەن، تەپەككۇر قىلىمەن، شۇڭا مەن مەۋجۇت» دەپ جاكارلاشقا مەجبۇر بولغان.[3] دېكارت ھەممە ئاساسلاردىن گۇمانلانغىلى بولىدىغانلىقى، پەقەت ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىدىن قەتئىي گۇمان قىلسا بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، بىلىمنىڭ تەپەككۇردىن باشقا ئاساسى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. «مەن تەپەككۇر قىلغاچقىلا مەۋجۇتمەن» دېگەن بۇ ھۆكۈم قىممەت جەھەتتىن «مەن تەپەككۇر قىلغۇچىمەن» دېگەنگە باراۋەر بولىدۇ. دېكارتنىڭ قارىشىدا «‹مەن› بىر ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ، بۇ ئەمەلىي گەۋدىنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى پەقەت تەپەككۇر ئىدى، ئۇ خالىغان ئورۇندا مەۋجۇت بولمايتتى، شۇنداقلا ھېچنېمىگە تايانمايتتى؛ شۇڭلاشقا ‹مەن› پەقەت مەن بولۇشتا تايانغان روھ بولۇپ، ئۇ تەنگە ئوخشىمايتتى، ئۇنى بىلىش تەنگە قارىغاندا ئاسان ئىدى».[4] شۇڭا دېكارت مۇنداق دەيدۇ «مەن زادى نېمە؟ مەن بىر تەپەككۇر قىلىۋاتقان مەخلۇق، تەپەككۇر قىلىۋاتقان نەرسە نېمە؟ ئۇ گۇمان، چۈشىنىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىش، خالاش، تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇدۇر». دېمەك، دېكارتنىڭ نەزىرىدىكى «مەن» ئادەمنىڭ جىسمىنى ئەمەس، بەلكى ماددىيەتتىن ھالقىغان«قەلب»، يەنى«تەپەككۇر»نى كۆرسىتەتتى، ئادەم پەقەت تەپەككۇر قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى بىلەلەيتتى، ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى تەپەككۇر ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشاتتى. دېكارت بۇ نۇقتىدا تەن بىلەن روھنىڭ مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەن بىلەن قەلبنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىغان، ئۇنىڭ نەزىرىدە قەلب تەپەككۇر ۋە باشقا بىلىش جەريانىنى ئېلىپ باراتتى، شۇڭا قەلب ئادەمنى تاشقى دۇنيا ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. يەنى، قەلبنىڭ ماددىي ئالاھىدىلىكى يوق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىك ئۇنى ماددىي دۇنيادىن ئايرىپ تۇراتتى.[5] شۇڭا، سوقرات غەرب پەلسەپىسىدە ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان بولسا، دېكارت ئۇنىڭ غەرب پەلسەپىسىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن شەخس ئىدى. ئىتالىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن كېيىن دېكارت مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە بىلىش نەزەرىيەسىگە ئاساس سېلىپ، ئۆزلۈكنى پەلسەپەۋى ئىزدىنىشنىڭ ئاساسى تېمىسىغا ئايلاندۇرۇپ، غەرب دۇنياسىدا سوقراتنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى قايتا نۇرلاندۇرۇپ پەلسەپەۋى تەپەككۇرنى تاشقى دۇنيادىن يەنە بىر قېتىم ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشگە يۆتكىدى. ئۇ «تەپەككۇر»نى «مەن»نىڭ ماھىيىتى. ئارزۇ، تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇ قاتارلىق پسىخىك جەريانلارنى بىردەك تەپەككۇرنىڭ ھەر خىل شەكلى، بارلىق پسىخىك ئاڭ پائالىيىتىنى ئۆزلۈكنىڭ خاسلىقى دەپ قارىغان، ئۇنىڭدىن باشقا دېكارت تەپەككۇر بىر خىل پائالىيەت بولغانىكەن ئويلىنىش، ئارزۇ، تەسەۋۋۇر، تۇيغۇ قاتارلىقلارمۇ بىر خىل پائالىيەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان. دېكارت مۇشۇ ئارقىلىق غەرب پەلسەپىسىدە تۇنجى قېتىم پەلسەپەۋى ئۆزلۈكنىڭ چىنلىقىنى دەلىللىگەن ھەم ئۆزلۈكنىڭ خاسلىقلىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق بايان قىلغان.[6] ئەڭ مۇھىمى، دېكارت ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىش ئارقىلىق ئەقلىيلىكنى مەدرىس پەلسەپىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ سىستېمىلىشىشى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ئۈچۈن داغدام يول ئاچقان.

دېكارتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى قارىشىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشتە يېڭى بىر پەللە ياراتقان يەنە بىر شەخس گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ كانتتۇر (ImmanuelKant)، (1724ـ1804) ئۇنىڭ «ئۆزلۈك ئېڭى» ھەققىدىكى قارىشى ھازىرقى زامان بىلىش نەزەرىيەسىدىكى يېڭى بىر بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ. كانت «نوقۇل ئەقلىيلىككە تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزلۈك ئېڭىنى «ئەزەلىي ئۆزلۈك ئېڭى» ۋە «تەجرىبىدىن ئۆتكەن

ئۆزلۈك ئېڭى»دىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىپ ئىزاھلىغان، ئۇ دېكارتنى «ئۆز تەپەككۇر»ىدا «ئەزەلىي ئۆز تەپەككۇر» بىلەن «تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۆز تەپەككۇر»نى ئېنىق ئايرىمىغان، دەپ تەنقىد قىلغان. كانتنىڭ قارىشىدا بۇ ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تەپەككۇر بولۇپ، بۇ خىل ئوخشىماسلىق بىلىمگە مۇناسىۋەتلىك تۈپ مەسىلىگە، يەنى بىلىمنىڭ ھەقىقى ئوبيېكتىپلىقى ۋە ئۇنۋېرسللىقىغا چېتىلاتتى. يەنى«تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۆز تەپەككۇر» پسىخولوگىيەلىك مەنىگە ئىگە بولۇپ، پەقەت ئەزەلىي ئۆز تەپەككۇرلا تۈپ مەنبە ھېسابلىناتتى، ئۇ پۈتۈن بىلىش جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر تەسەۋۋۇرغا ئەگىشەتتى.[7] بۇ جەھەتتە كانت سوقراتنىڭ ئادەم ۋە تەبىئەت، چىنلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۆزلۈك ئېڭى» ھەققىدىكى قارىشىنى سوقراتنىڭ «ئۆزۈڭنى تونۇ» قارىشىنىڭ راۋاجى دېيىشكە بولىدۇ. قارىماققا بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن كانتنىڭ قاراشلىرىنى ئىچكىرىلىگەنسېرى، ئۇنىڭدىن سوقراتنىڭ تەسىرىنى روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا بەزىلەرنىڭ كانتنى «قەدىمكى سوقرات»[8] دەپ ئاتىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. كانت ئەزەلىي ئۆزلۈك ئېڭىنى تەجرىبىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى، دەپ قارايتتى. كانتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى «ئەزەلىي ئۆزلۈك ئېڭى» ۋە «تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۆزلۈك ئېڭى»دىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىشى دېكارت ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى، يەنى بىلىمنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىدى. كانت دېكارتنىڭ «ئۆز تەپەككۇرى» يەنىلا بىر خىل تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۆزلۈك ئېڭى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىلىمنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا كانت تەجرىبىلىك بىلىشنىڭ ئومۇمى، مۇقەررەر شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغان.[9] كانتنىڭ «ئەزەلىي ئۆزلۈك ئېڭى» ۋە «تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۆزلۈك ئېڭى» قارىشىنى چۈشەنمەك بىرقەدەر قىيىن بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا ئىلگىرىكىلەرنىڭ قاراشلىرىدا ساقلانغان بەزى كەمتۈكلۈكلەر ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غەرب بىلىش نەزەرىيەسىدە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىلىدۇ.

كانتتىن كېيىن غەرب پەلسەپە تارىخىدا ئۆزلۈك ھەققىدە يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا ئىزدەنگەن شەخسلەرنىڭ بىرى گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ فىردرىخ گېگىلدۇر (Georg Wilhelm Friedrich Hegel)، (1770 ـ 1831). ئۇ ئۆزىنىڭ تۈنجى پەلسەپەۋى ئەسىرى «روھ فىنومىلوگىيەسى»دە «ئۆزلۈك ئېڭى» ھەققىدە مەخسۇس توختالغان بولۇپ، بەزىلەر گېگىلنىڭ بۇ ئەسىرىنى «ئاڭ تەرەققىيات تارىخى» دەپمۇ ئاتايدۇ، چۈنكى گېگىل كىتابىدا روھ فىنومىلوگىيەسىنى: ئاڭ، ئۆزلۈك ئېڭى، ئەقلىيلىك، روھ ۋە مۇتلەق روھتىن ئىبارەت بەش باسقۇچقا بۆلۈپ شەرھىلىگەن، شۇنداقلا روھ فىنومىلوگىيەسىنى گېگىل ئۆزى ھەم «ئاڭنىڭ كەچمىشى توغرىسىدىكى پەن» دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ گېگىل مەسىلىلەرنى تارىخي نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ «تارىخ پەلسەپىسى»، «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ كۈچلۈك تارىخ تەتقىقات تۈسىگە ئىگە. گېگىلنىڭ مەسىلىلەرنى ئىنسانىيەت تارىخى ھادىسىلىرى بىلەن باغلاپ شەرھىلىشى، ئۇنىڭ پەلسەپەۋى كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان، ئۇنىڭ بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى ئۆزىدىن كېيىنكى ماركىس قاتارلىق جەمئىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات مېتودىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە گېگىلنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق مۇرەككەپ تېمىنىمۇ ئىنسانىيەت تارىخ ھادىسىلىرى بىلەن باغلاپ شەرھىلىشى، بۇ تېمىنى ئىلگىرىكىلەردىن رېئاللىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ھەم ئىلگىرىكىلەردىن ئېشىپ چۈشۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، كانت ئۆزلۈك ئېڭىنى ئاڭنىڭ مەنبەسى نۇقتىسىدىن «ئەزەلىي ئۆزلۈك ئېڭى» ۋە «تەجرىبىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئۆزلۈك ئېڭى»دىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىپ شەرھىلەپ، دېكارتنىڭ نوقۇل «تەجرىبىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئۆزلۈك ئېڭى»نى يېڭىلاپ، «ئەزەلىي ئۆزلۈك ئېڭى»نىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىغان بولسا، گېگىل ئۆزلۈك ئېڭىنى ئاڭ ۋە ئەقلىيلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىقىنى تارىخى ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. گېگىلنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ھەققىدىكى پەلسەپەۋى قاراشلىرى ئۇنىڭ تارىخ، لوگىكا ۋە دۆلەت ھەققىدىكى قاراشلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت ۋە شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى پەلسەپەۋى قاراشلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ماركسىزمنىڭ دۆلەتچىلىك قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ھەتتا ئېنگىلسمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ «يېقىنقى زامان گېرمانىيە پەلسەپىسى گېگىلنىڭ سىستېمىسى ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، بۇ سىستېمىدا گېگىل تۇنجى بولۇپ پۈتۈن تەبىئەت، تارىخ ۋە روھىيەت ئالىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ئۆزگىرىدىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ھەم مۇشۇ خىل ھەرىكەت بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىش

www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن تىرىشقان ئادەم، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى»[11] دېگەن.

ئومۇمەن، غەرب پەلسەپىسىدىكى ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىش ئادەمنى مەركەز قىلغان، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولغان، شۇڭا ئۇ ھەقتە ئىزدەنگەنلەر ئۆزلۈكنى پەلسەپە، ئېتىكا، دىن نۇقتىلىرىدىن شەرھىيلىگەن. ئەمما ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىش مەيلى قايسى نۇقتىدىن شەرھىيلەنسۇن، ئۇ يەنىلا «ئادەمنىڭ ماھىيىتى» ھەققىدىكى مەسىلىنى مەركەز قىلىشتىن چەتنەپ كەتمىگەن. شۇنداقلا ھەر قايسى دەۋرلەردىكى غەرب پەيلاسوپلىرى مۇشۇ مەركىزىي تېمىنى چۆرىدەپ ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئىلاھ ۋە ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ئۈستىدىكى پەلسەپەۋى ئىزدىنىشتە كۆچ ئۇلاپ، ئىدىيە جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، كېيىنكى غەرب پەلسەپىسىدە ئادىمىيلىك، ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاراشلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن يول ئاچقان. بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىنىڭ قىممەت قارىشىغا ئايلىنىپ كەتكەن دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق ئاتالغۇلىرى بۈگۈنكى كۈندە گەرچە باشقا پەنلەرنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ قىممەت قاراشلىرىنىڭ غەرب دۇنياسىنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ كېتىشى ھەم ئۇنىڭ بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە سىستېمىلىشىشىنى يەنىلا غەرب پەلسەپىسىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزلۈك ئۇقۇمىغا نۇقۇل پەلسەپەۋى نۇقتىدىنلا قاراپ ئۇنىڭ مەنە قاتلىمىنى تارايتىۋېتىشكە، ئۇنىڭ پەلسەپە بىلەن باشقا پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

پەلسەپە ئىنساننى يادرو قىلغان ئىزدىنىش جەريانى بولغاچقا، پەلسەپەۋى ئۆزلۈك پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىزدىنىش تېمىسى سۈپىتىدە ئۇزاق ھەم مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، غەرب بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ھەقتىكى پەلسەپەۋى ئىزدىنىشلەر گەرچە توختاپ قالمىسىمۇ، لېكىن يېقىنقى ئەسىرلەرگە كېلىپ پەلسەپىدىن ھەر خىل يېڭى پەن تۈرلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى، بولۇپمۇ پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ پەلسەپىدىن ئايرىلىپ ئايرىم بىر پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىشقا ئەگىشىپ، پەلسەپەۋى ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىش تەدرىجىي پسىخولوگىيەلىك ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىزدىنىشكە ئورۇن بوشاتتى. بۇ جەھەتتە ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە پەنلىرىنىڭ يول ئاچقۇچىلىرىدىن بولغان ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ، پسىخولوگ ۋىلىيام جامىس (William James)، (1842—1910)، «ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە پېنىنىڭ ئاتىسى»، روھىيەت ئانالىزچىسى دەپ نام ئالغان ئاۋستىرىيەلىك سىگموند فروئىد (Sigmund Freud)، (1856 ـ 1939) قاتارلىقلار سىستېمىلىق ئىزدەندى. بولۇپمۇ سىگموند فروئىد «ئۆزلۈك ۋە ئەسلى مەن» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزلۈك ھەققىدە ئەتراپلىق توختالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈك پسىخولوگىيەدىمۇ پەلسەپەدىكىگە ئوخشاشلا بىر مۇھىم تېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلىندى ھەم ئۇ ھەقتە بىر قاتار قاراشلار بارلىققا كەلدى. پسىخولوگىيەدىكى ئۆزلۈك ھەققىدىكى تەتقىقات گەرچە غەرب پەلسەپەسىدىكى ئۆزلۈك ئۇقۇمى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ داۋامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەزمۇن ۋە تەتقىقات دائىرىسى نۇقتىسىدىن پەلسەپەدىكى ئۆزلۈكتىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم تېما، يەنە كېلىپ مەزكۇر ماقالىدە بىز پەقەت غەرب پەلسەپىسىدىكى ئۆزلۈك ئۇقۇمىنىڭ تارىخىي قاتلىمى ھەققىدە توختىلىشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، قەلەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىشقا مەجبۇرمىز.

## پايدىلانمىلار:


⑥④① لى مېيخۇي: «ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ غەرب پەلسەپە تارىخىدىكى تەرەققىيات مۇساپىسى »، «شىمال مەجمۇئەسى» 2005 ـيىلى5 ـسان.

② «ئەپلاتون پاراڭلىرى — سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1996 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

③ سپىنوزا: «دېكارتنىڭ پەلسەپە پرىنسىپى»، 1980 ـ يىلى 6 ـ ئاي، شاڭخۇ نەشرىياتى.

⑤ د.شولتىز: «ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە تارىخى»، جىياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، يې خاشېڭ تەرجىمىسى.

⑨⑦ گوڭ جيەنفىي: «ئۆزلۈك ئېڭى ئۇقۇمى: كانت، گېگېل ۋە ماركس»، «جىياڭشى ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى»، 2010 ـ يىلى 12 ـ سان.

⑧ ۋېن چۈنرۇ: «كانت ئۆزلۈك قارىشىنىڭ نەزەرىيە مەنبەسى»، «ئەنخۇي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2004ـيىلى 5 ـ سان.

⑩ بەيدۇ تورى، «جورجى ۋىلىيام فىردىرىخ گېگېل» ھەققىدىكى ماتېرىيال.



سۇلايمان قەييۇم

# تىلسىمنىڭ پايانى

— ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئرىيەت تىلسىمىنى قېزىش

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئادىل تۇنىيازنىڭ 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تۇنجى توپلىمى «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» نى ئوقۇغان ۋاقىتلىرىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى شېئىرغىلا ئوخشايدىغان كۈنلەردىن، چۆمۈلۈپ قانمايدىغان چۆچەك دېڭىزىدىن، چۆچەكلەرگىلا ئوخشايدىغان قەدىردان ئانا سەھرايىمدىن ۋە ئاتامنىڭ ئاق كۆڭۈل ئېتىزلىرىدىن خوشلىشىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۆركەشلىك ھاياتىغا ھەمدا بولغان تارىختەك ئېغىر شەھەر — «غازىيانە ئاقسۇ»دىكى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن خىيالچان بالا ئىدىم. بۇ توپلام ھاياجانلىق سەھرا بالىسىنىڭ نەزىرىدە يەنە بىر سىرلىق دۇنيانىڭ ئىشىكى ئىدى. چۆچەكلەرنىڭ سىرلىق قوينىدىن چىقىۋاتقان بىر كەپسىز بالا ھەيرانلىقتا شېئىرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

قويلىرىنى ھەيدەپ جاڭگالدىن
يانغىندا پادىچى بالا،
گۇگۇم بىلەن سۆيۈشەر دالا.
…
خىزىر كەبى تۈگمەنچى بوۋاي،
قانىتىنى يوشۇرۇپ كۈندۈز
ئۇچۇپ كېتەر تۈندە يۇلتۇزغا.




ئادىلنىڭ تۇنجى داستانى «ئۆمۈچۈك ناخشىسى» دىكى بۇ كۆرۈنۈشلەر مەندەك دېھقان بالىسىنىڭ نەزىرىدە شېئىر ئەمەس ھاياتنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. كۈندۈزىمۇ ئادەمنى سۈر باسىدىغان قېلىن غورۇ جاڭگالدا ئاداشلىرىم بىلەن پادا باقىقاچ بۇ كىتابتىكى تاتلىق مىسرالارنى ئىچىۋالاتتىم. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يېگانە ئارال» رومانىدىكى خېنيا سايىتىنىڭ يېشىل ئارىلىدىن قېلىشمايدىغان بالىلىقىمدىكى بۇ ھۆسندار جاڭگال بۇرۇن قوي ـ كاللارنى باققان بولسا، ئەمدىلىكتە ياپيېشىل ئېتىزلارغا ئايلىنىپ ئادەملەرنى بېقىۋاتاتتى. ئەپسانىلەردىكى مەخلۇققا ئوخشايدىغان كومباينىنىڭ گۈركىرەشلىرى شېئىرنى، شېئىرغا يوشۇرۇنغان تالاي قىممەتلىك نەرسىنى يىراقلارغا قوغلاۋاتاتتى.

ئادىلنىڭ رىتىمسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، يۈرەكتىكى رىتىمى ماماكاپ ۋە جىگدە چېچەكلىرىگە كۆمۈلگەن ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرىدەك تەبىئىي ئاقىدىغان مىسرالىرى، بىر چاغلاردا ئەدەبىياتىمىزنىڭ دالىسىدا باھادىرلارچە قەد كۆتۈرگەن «تەڭرىتاغ»نىڭ قاپتىلىدىكى رەڭدار چىمەن ئىدى. بىر چاغلاردا قالتىس ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان «تارىم»نىڭ سۈزۈك دولقۇنلىرىدىن ئادىل تۇنىيازنىڭ قىزىل ئالمىدەك لەيلەپ كېلىۋاتقان مىسرالىرىنى سۈزۈۋېلىشقا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدىم.

1995 ـ يىلى بولسا كېرەك، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ(قوشما) سانىدا ئادىلنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» داستانى بېسىلدى. بۇ داستان ئېلان قىلىنىپ، سۇسلاپ قالغان ئەدەبىياتنىڭ تۈنەكلىرى يەنە قىزىدى، شېئىرنىڭ ئوچىقىدىكى سۇس

www.uyghurkitap.com



پىلىلداۋاتقان ئوتقا يەنە بىر قۇچاق ئوتۇن تاشلاندى. ئۆتكۈر ئەپەندىم «قەشقەر كېچىسى»نى يېزىپ، نەۋايىدىن باشلانغان 500 يىللىق كىلاسسىك داستانچىلىقنى يىغىنلىدى ۋە بۇگۈنكى داستانچىلىقتىكى يىقىلماس ئابىدىنى تىكلىدى. ئادىل «قەشقەردىكى يەر شارى»نى ئالدىمىزغا دومىلاتتى. ئادىل ئۆتكۈر ئەپەندىم نەزەر سېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن پىنھان كۆزنەكلەردىن تارىخنىڭ سىرلىق قەسرى، ئەزىزلەرنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئەزىزانە قەشقەرگە نەزەر ئاغدۇردى. خىيال قۇشلىرىم مەھمۇد كاشغەرىي مىڭ يىل بۇرۇن تىككەن «هاي-هاي تېرەك»كە قوندى.

يۇلتۇزلار پەرۋاز قىلار تاڭ سەھەردە،
پەسىللەر پەرۋاز قىلار دەرەخلەردە،
بۇ شەھەر پەرۋاز قىلار چۆچەكلەردە.

يۇلتۇز بىر كۈننىڭ تۇغىشىدىن بېشارەت. دەرەخلەردە، چىرايلاردا، ئاسماندا ۋە ئىتىزلاردا رەڭلەر ئالمىشىپ تۇرىدۇ. قەھرىتاندا چاك ـ چاك يېرىلىپ، يېتىمدەك دىرىلداپ تۇرغان دەرەخلەر يازدا يەنە تەبىئەتكە ھۆسن قوشىدۇ. دەرەخلەردە پەسىللەر ئالمىشىدۇ، ھاياتنىڭ پەسلى ئالماشمايدۇ. چاچ ـ ساقالغا ياغقان قار پانىيدىكى ھايات پەسلىمىزنىڭ قىشقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئويلا! دەرەخ ۋە ئۆمۈرنىڭ پەسىللىرىدە ياراتقۇچىنىڭ تەگسىز ھېكمىتى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە بىھېساب رەھمىتى ئايان. پەسىللەر ۋە نەسىللەر ئالماشتى. بۇغراخان سەلتەنەتىنىڭ گۈلدار قەسىرلىرى شاماللاردا توزۇپ بولدى. بۇغراخان ئوردىسىدىكى قانلىق تەخت ماجرالىرىدىن بېشىنى ئېلىپ، ئىلىم ئىزدەپ قەشقەردىن باغدادقىچە 20 يىللاپ سەپەر قىلىپ، بۇگۈنكى ئىشخانا دەۋرىنىڭ زاھىدلىرىغا يىگانە ئۈلگە ياراتقان بۇ دۇنياۋى شۆھرەتلىك مۇتەپەككۇر تىلشۇناسنىڭ مۇبارەك ئىزلىرى ۋە قەشقەرنىڭ نۇرلۇق كەچمىشلىرى بىر دەمدىلا رىۋايەتكە ئايلىنىپ بولدى. ئۇچقۇر شاماللار ۋە قەشقەردىكى قامەتلىك تېرەكلەر بۇ رىۋايەتنى شېئىرنى قەلەمدە ئەمەس، يۈرىكىدە يازىدىغان تەلەيلىك شائىرلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويىدۇ.

مىڭ يىل بەندىگە بەك ئۇزۇن، ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىدە بەكلا قىسقا. قەشقەردىكى «مىڭيول»، «خانئېرىق»، «نەزەرباغ»، «ئوردىئالدى»، «بۇلاقبېشى» دېگەن گۈزەل ئىسىملار مىڭ يىللىق كەچمىشلەرگە ھەغدا، مىڭ يىللىق تارىخنىڭ لۇغىتى. قومۇش قەلەمدە يېزىلغان بۇ يىگانە ئەسەرنى كومپيۇتېر دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرى شەرھلىمەكتە. «دىۋان»نى ۋاراقلىسىڭىز، قەشقەر بىلەن باغدادنىڭ مىڭ يىللىق مۇھەببەتلىك رىشتىنى كۆرىسىز. شەھرىزاتنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە تالاي زامان ئەللەيلەنگەن، يېقىملىق ئەزان ئاۋازى ۋە سېھىرلىك ئەرەب كۈيلىرى ھىلال ئاينىڭ كۈمۈشرەڭ نۇرىدەك تارىلىدىغان، تەڭگە ـ تىللالارنىڭ جىرىڭلاشلىرى ۋە خورمىنىڭ خۇش ھىدىغا تولغان باغداد كوچىلىرىدا بۈگۈن پورۇخ ۋە قان ھىدى. بىر چاغلاردىكى ئىپتىدائىي ئورمانىنىڭ ئىزىدىن لوندون ۋە نيۇيوركتەك ئالىپتە شەھەرلەر كۆكلەپ چىقتى. چۆچەكلەردىكى يېتىم بالا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرسا ھۇما قۇشى بېشىغا قوندى. پەلەكنىڭ چاقى شۇ تەرىقىدە چۆرگىلەپ كەلدى. مىڭ يىلنى ئۇزاتقان قەشقەردە پەلەككە بوي تارتقان ۋالىلداق ئەينەك بىنالار ۋە خىيالدەك يىراقلارغا سوزۇلغان ئاسفالت يوللارنىڭ ئارىسىدا بۇغراخاننىڭ سۇنۇق قىلىچىدەك پۇچۇق كەپىلەر تارىختەك قىسىلىپ ياتىدۇ. قەشقەرنىڭ بىر يۈزى ئەينەك، بىر يۈزى كېسەك.

بۇ داستاننىڭ ئەركىن قۇرۇلمىسى مىڭ يىل بۇرۇنقى سۆزلۈك تۈمەننىڭ ئويناق ئېقىشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. «قەشقەردىكى يەرشارى»دىن ئادىلنىڭ يۈرىكىدىكى بولدۇقلاپ، قايناپ تۇرغان ئانا يۇرت سۆيگۈسىنى كۆرىمىز.

ئۇزاقتىن بىرى «ئاھ ۋەتىنىم، گۈزەل ۋەتىنىم، مېنىڭ ئانام، سېنى سۆيۈپ قانمايمەن» دېگەندەك قېپىاللىغاچ، سۇنئىي ھاياجان بىلەن ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئىزھارلىدۇق. ئادىل ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ روشەنلەشتۈردى.

تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئۆزگىچە رەڭلىرى ۋە يىلتىزىنى ئىزدەش دۇنياۋى شېئىرىيەتتىكى يارقىن تېما. ئادىلنىڭ «مازار يۆتكەش»، «دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا»، «قەشقەردىكى يەرشارى» داستانلىرىدا بۇنداق پۇراق گۇپۇلدەپلا تۇرىدۇ.

شېئىرىيەت تارىخنامە ئەمەس، بىراق شائىرلار تارىخچىدا بولمىغان نۇرغۇن ئارتۇقچىلىققا ئىگە. شائىرلار تارىخنى ئەپسانە، بۈگۈن ۋە ئەتە بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، شائىرنىڭ قايناق تۇيغۇلىرى بىلەن تارىخنىڭ تىنىقلىرى قوشۇلۇپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سېھرىي رېئاللىقىدەك ئەپسانىۋى كۆرۈنۈش پەيدا قىلالايدۇ. ئادىل تۇنىياز تارىخقا شېئىرىي نەزەردە قاراپ، مىللەتنىڭ ئۇنتۇلغان چۈشلىرىنى ئېسىمىزگە سالدى، گۈزەل تۇيغۇلار ۋە يوقىلىۋاتقان قىممەتلىك روھقا ئاتاپ شېئىرنىڭ داشقازىنىدا ياغ پۇراتتى. شېئىر ئارقىلىق مىللەتنىڭ جەلپكار ئەنئەنىلىرىنى ئەبەدىيلەشتۈرمەكچى بولدى.

ئوكتاۋىيو پاز ئازتېكلارنىڭ قۇياش كالېندارىدىن

ئىلھاملىنىپ 584 مىسرالىق «قۇياش تاش» داستانىنى، پابلو نېرۇدا ماكچۇ پىكچۇ چوققىسىغا چىققاندا «ماكچۇ پىكچۇ چوققىسى» داستانىنى يازغىنىدەك، ئادىلمۇ رېئاللىقتىكى ئىنتايىن ئاددىي كۆرۈنۈشلەردىن، ئوسمىچىنىڭ ئالدىدا يىگىلەۋاتقان گۈزەل ئەنئەنىدەك بىچارە ھالدا ياتقان بىر باغ يېشىل ئوسمىدىن، قۇمدا غېرىبسىنىپ، ئويچان كۆزلىرىنى كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان قەدەملىرىگە تىكىپ ياتقان پۇچۇق ساپالدىن، ئۇيغۇر تام چاققۇچىلارنىڭ تامغا ئۇرۇلۇۋاتقان يوغان بازغىنىدىن، بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئاۋازدىن تارىخنىڭ، تارىخقا ئايلانغان ئەپسانىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈۋالدۇ. شېئىرنىڭ شەنىگە داغ يەتكۈزۈپ، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ، شائىرلىق دەۋاسى قىلىۋاتقان تالاي بىچارە ئەدەبىياتنىڭ رەستىسىدە غازاڭدەك پىرقىراپ يۈرىدۇ. ئادىل يۈرىكىنى گىگانت تاغلارغا سۈركەيدۇ، بىز كۆرۈۋاتقان ئۇشبۇ داستانلار ئاشۇ سۈركىلىشتىن يانغان پىكىر چاقماقلىرى.

ئادىلنىڭ نەزىرىدە ئەپسانە ئىنسان ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي قوۋمى بولغان مىللىتىمىز ئۈچۈن قەدىمنىلا ئەمەس، بۈگۈن ۋە ئەتىمۇ ئوخشاشلا گۈزەل ئەپسانە. دېمەك، قۇملۇق ۋە خارابىلەر ئەپسانىسى ئادىلنىڭ نەزىرىدە بىر ئۇق يىلتىزغا — ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىغا تۇتىشىدۇ. ئەپسانىلەرگە ۋە ئەنئەنىگە چىلىشىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ نەزىرىدە ئەپسانە تارىخنىڭ تاشقاتمىسى. تالاي مەدەنىيەت ئۆچتى، ئۆچمەكتە. ئۆچكەن مەدەنىيەتنىڭ ئەرۋاھى تىرىكلەر بىلەن تەڭ ياشايدۇ، ئەپسانىلەر مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ئادىل ئەپسانىلەرنىڭ يىلتىزىنى دىنىي ۋە جىنسىي تۇيغۇغا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇقەددەس چەكلىمىدىن ھالقىغان باشباشتاق شەھەرلەرنىڭ كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئادىل ئىرېلاندىيە شائىرى سىماس ھېينىدەك شەھەردە تۇرۇپ شەھەرلەرنىڭ ئەپسانىسى، يىلتىزى ۋە بالىلىقى بولغان پايانسىز تەبىئەتنى، سەھرالارنى، خارابىلەرنى تىنىمسىز كولايدۇ. تەكلىماكاندا تۇرۇپ قۇمنىڭ گۈزەل ئەپسانىسى ۋە يىلتىزى بولغان زەڭگەر دېڭىزلارنىڭ ئاستىدىن ھاياتلىقنىڭ يىلتىزىنى كولايدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ ھەر بىر قۇرىغا سىڭىپ كەتكەن كولاش خاھىشى ۋە يىلتىز ئىستېتىكىسى تولىمۇ روشەن.

قىزغۇچ رىم،
يېپىلدى كەچكى شەپەقتەك
سىپارتاكنىڭ يارىسىدا.
...
قېچىشقا باشلىدى ئەڭ ئاخىرىدا،
ئۆلۈكلەرنى تاشلاپ مازارلار...
ئۆلۈش — مەڭگۈلۈك ياشاش ئۈچۈن،
خوجىنىياز
چېكىنىپ چىقتى شەھەردىن.

— «مازار يۆتكەش» داستانىدىن

مازارلار يۆتكىلىپ، بازارلار بەرپا بولىدۇ. مازار بىلەن بازارنىڭ ئارىسى گويا بىرلا تىنىق. تارىخ ۋە ئەپسانە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. بۈگۈن تىرىك يۈرگەنلەر بىر كۈنلەردە يوق بولۇپ كەتكەندە ئۇلارنىڭ ئىزلىرى ئىزچىلارنىڭ خاتىرىسىدە تاتلىق ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئېقىنى بۇ ئەسلىمىلەرنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ خاتىرىسىگە ئەپسانە شەكلىدە ئېقىتىپ بارىدۇ. دېمەك ئەپسانىلەرنىڭ يىلتىزى — ھازىر، كەلگۈسىنىڭ يىلتىزىمۇ ھازىر.

بۇزۇلۇۋاتقان ئېكولوگىيە ھەققىدىكى ھەسرەتلىك مەرسىيە ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدىكى بىر يارقىن تېما. «ئەركەكلەر قېنى سىلەر» داستانىدا مۇنداق مىسرالار بار:

ئەرلەر چاقنار سۇ ئەتراپىدا،
ئەر قۇترايدۇ قۇرغاقچىلىقتا،
سۇ باسقان شەھەر.
تۆت ئەتراپقا ياماشماقتا سۇ
كىچىكلەشكە باشلىدى ئەرلەر.
...
دولقۇنلىغان پايانسىز ئايال
ئىگىسى يوق ماكانسىز ئايال
ئوتتەك تىنىپ ياتقان بىر ئايال
كۆمۈش تەنلىك تەكلىماكان.

ئادىلنىڭ مىسرالىرىدا تاشقىنلاپ تۇرغان سۇنى، سۇ باسقان كوچىلارنى تولىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز. شەھەرنى نېمىشقا سۇ باستى؟ ئەر نېمىشقا كىچىكلەپ كەتتى؟ بۇ يەردىكى ئەر قانداق ئەر؟ بۇ يەردىكى ئەر «ئەركەك» ئۇقۇمىدىن باشقا نۇرغۇن مەنىدىن بېشارەتتۇر. ھەقتىن داجىپ سۈيۈقلىنىۋاتقان، ھورلىنىۋاتقان ئاشۇ باشباشتاق ئايالنى — ئانىنى، سىڭىلنى، ئاچىنى، ھەمشىرىنى باشقۇرىدىغان ئېرى، دادىسى، ئاكىسى، ئىنىسى يوقمۇ؟ پەقەت بولمىسا تاغىسىمۇ يوقمۇ؟ بۇ ئايال ھېچبىر ئەركەك زاتى يوق رىۋايەتلەردىكى ئاياللار دۆلىتىدە ياشامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئايالغا مەسئۇل بولىدىغان بىر ئەر چوقۇم بار. لېكىن ئۇ ئەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھەقنى تونۇيدىغان مەسئۇلىيەتچان يۈرىكى قېنى؟

«ئەركەكلەر قېنى سىلەر» دېگەن بۇ سىمۋوللۇق سوئالغا پىيازنىڭ پوستىدەك قات - قات مەنە سىڭدۈرۈلگەن. ئەرلەرگە قويۇلۇۋاتقان بۇ غەزەپلىك سوئال بىزگە مۇنداق دېمەكچى: ئاياللاردىكى مەنىۋى گۇمراھلىق ۋە شۇنىڭدىن شاخلىنىۋاتقان تۈرلۈك بالايى - بەتتەرگە ئەرلەر، ئەرلەردىكى يىمىرىلىۋاتقان ئەخلاق، بوشاڭلىق ۋە قۇتراۋاتقان دۇنيا ۋەسۋەسىسى سەۋەبچى، ئەركەك دېگەن پادىچى، پادىڭغا مەسئۇل بول. يېشىپ كەلسە يوغان قامۇستىن بىرسى پۈتىدىغان بۇ داستاننىڭ قىممەتلىك يېرىمۇ دەل مۇشۇ.

گۇناھ ۋە ئەخلاقىي چىركىنلىكنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، جىنايەتنىڭ ۋاستىسى قەبىھلىشىۋاتىدۇ. كىچىككىنە گۇناھنى بۆشۈكىدىلا يوقاتقىلى بولاتتى، بىراق گۇناھ جەمئىيەتلەشكەندە ناپاكلىق پاكلىققا قول شىلتىيدىغان، توغرىلىقنىڭ تەشەببۇسچىسى يېتىمسىرەيدىغان، گۇناھ ئالدىدا ئادەملەر ئۆزىنى چىرايلىق باھانىلەر بىلەن ئاقلايدىغان سالاچى بولۇۋالىدۇ.

ئادىل بۇ داستاندا مەدەنىيەت، جۇغراپىيە، ئەر، ئايال، زامان، ماكان چۈشەنچىلىرىنى كۆپ قىرلىق نۇقتىلاردىن يېڭىچە شەرھلىدى. ئادىل زاماننىڭ سۈيۈقلىنىپ، ئادەملەرنىڭ ھەقتىن داجىپ كەتمەسلىكىنى، ئادەملەرنىڭ ھايانىڭ قېلىن پەردىسىگە مەھكەم چۈمكىلىپ، قاتتىق رېجىم ئىچىدە ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئادەملەر بارغانسېرى قاتتىق ھالەتتىن سۈيۈقلىنىشقا ئۆتتى، تالاي ئىنسان ئەخلاقىي رېجىم ۋە ئېتىقادىي ئەھكاملارنىڭ ئىچىدە، قاتتىق ھالەتتە ياشاشنى تەس بىلدى. ھەقنى تونۇغۇچى ۋە ياراتقۇچىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئالدىدا ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىگۈچى شائىر تەرك ئېتىلىۋاتقان ئاشۇ قاتتىق ھالەتنىڭ روھقا قەپەس ئەمەس، ساما ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

قۇتۇپ مۇزلىرى ئېرىمەكتە. ئوكياندىكى ئەڭ چوڭ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان - كىتلار توپلىشىپ ئۆلۈۋالماقتا. تارىم، سىبىرىيە ۋە ئامازوندىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق يالىڭاچلانماقتا. ئاياللارنىڭ ھايالىق كىيىملىرىمۇ ئېرىمەكتە. پەقەت ئەرنىڭلا مۇقەددەس مۈلكى، ئامانىتى، ھوقۇقى ۋە ئېكىنزارلىقى بولغان ئايالدىكى پىنھان گۈزەللىك تەنلەرنى ياپالمىغان كىيىملەردىن قېچىپ چىقماقتا. ئەر ۋە ئاياللىقنىڭ گەپ - سۆز، كىيىم، مىجەز، قىلىق، خىزمەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتىكى خاس بەلگىلىرىمۇ ئېرىپ، ئارىلىشىپ كەتمەكتە. كۆپىنچە كىشىنىڭ نەزىرىدە مائاشنىڭ يىمىرىلىۋاتقان ئەخلاق ۋە ئۇزاپ كېتىۋاتقان تارىخ بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق.

ھېسسىياتچان كۆز بۇلۇتلىرى
يۈرىكىدە مىسرالار ياغقۇر.
ئۇيغۇر- ئورمان، بىز دەرەخلىرى،
يېشىل روھتا قول تۇتۇشۇپ تۇر.

— «قاراياغاچنىڭ ئەگمەچ قوللىرى» دىن

تەبىئەت دەپسەندە قىلىنماقتا. پىكىر، تەن، تەبىئەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت بىراقلا يالىڭاچلىنىپ، سالاپەت ۋە جەزىبدارلىق يىراقلارغا سەرسان بولدى. ئىنسان دىنىي رېجىمدىن قۇتۇلۇپ تېخىمۇ ئەركىن ياشىماقچى بولدى، بىراق ئۇنداق بولمىدى. ئىنساندىكى قار پوكزىكىدەك يوغىناۋېرىدىغان نەپس ئىنساننى ھەر كويغا سالدى. تاش قورالدىن كومپيۇتېرغىچە بولغان تەرەققىيات ئىنساننى قورقماي مەيدىسىگە ئۇرىدىغان، مەنمەنچى، قارام ھەم ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىدىغان قىلدى. مەنىۋى ئېكولوگىيەدىن كاشىلا چىقىۋېدى، تەبىئىي ئېكولوگىيەمۇ بۇزۇلدى، تەبىئەتتىكى بۇزۇلۇش مەنىۋىيەتنى تېخىمۇ قۇرۇقدىۋەتتى، بۇ جەريان گويا بىر - بىرىنى ئىتتىرىدىغان بىر جۈپ چىشلىق چاققا ئوخشايدۇ.

جۇلالاپ تۇرغان يېشىللىقنى، يېشىللىققا بولغان تەلۋىلەرچە مۇھەببەتنى ئادىلنىڭ ھەر بىر مىسراسىدىن بايقايمىز. يېشىللىقى تولىمۇ ئاز بۇ قۇرغاق زېمىننىڭ يېشىل شائىرى يېشىل مىسرالىرى بىلەن قۇرغاق قەلبلەردىكى يارىنى داۋالىماقچى، مۇگدەپ قالغان ئەقىل قۇشلىرىنى سىلكىپ ئويغاتماقچى بولدى. شائىر تەبىئەتتىن، ئىنساندىن ياراتقۇچىنىڭ مۆجىزىسىنى، قۇدرىتىنى ۋە ھېكمىتىنى تونۇپ، قايىللىق ۋۇجۇدىدىن بۇلاقتەك تاشىدۇ، شۇ بۇلاقلارغا بىزنى چۆمۈلدۈرىدۇ.

قۇتۇپ مۇزلىرىنىڭ ئېرىشى بىلەن تەڭلا شەرم - ھايا، سەممىيەت ۋە پەردىشەپنىڭ قېلىن پاسىللىرىمۇ ئېرىپ يوقىلىۋاتاتتى. سۈيۈقلىنىۋاتقان دۇنيادىكى پاراكەندىچىلىكتىن ئانچە ھەيران قالماي تاشتەك مەھكەم تۇرغان بىر شائىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ پايانىنى ئالدىمىزغا يايدى، يۈلتۇزدەك جىمىرلاۋاتقان بۇ سۆزلەردىن يوقىلىۋاتقان، يوقالسا بولمايدىغان قەدىمكى ھاياتىي كۈچنى بايقاپ قالدۇق.

ئادىل يېشىل قۇرلار ئارا ئېكولوگىيەنىڭ قوغدىغۇچىسى، رەھىمسىز تەنقىدچى، پسىخولوگىيە دوختۇرى، ئىنساننى مۇقەددەس چەكلىمىنىڭ ئىچىدە ياشاپ، ھەددىدىن ئاشماسلىققا ئۈندىگۈچى پەيلاسوپ سىياقىدا زاھىر بولىدۇ.

ئادىلنىڭ قارىماققا تاققا - تۇققا سۆزلەردىن قۇرۇلغان

ئۇزۇن - قىسقا مىسرالىرى سەرەڭگە قېپىدەك تۆت چاسا، قۇيۇپ قويغان ئىزىدا بۇتتەك مىدىرلىماي ھاڭۋېقىپ تۇرىدىغان قىرلىق شېئىرلارغا كۆنگەن تەپەككۇرنىڭ تىنىق كۆلىنى چالغىتىۋەتتى. لېيىۋاتقان شېئىر بۇلۇقىنى سۇزۇلدۇردى. ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدا يېشىل، كۆك، ئاق ۋە قارا رەڭلەر خالىغانچە ئارىلىشىپ، ئالمىشىپ ئۆزگىچە سېھىرلىك ۋە رەڭدار دۇنيانى پەيدا قىلىدۇ. ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدا «سۇزۇك، ئەينەك، سۇ، دېڭىز، ئايال، دېڭىز، تاش، بېلىق، ئۆمۈچۈك، ئات ۋە قۇش» قاتارلىق سىمۋوللۇق سۆزلەرنىڭ پەقەت ئادىلغىلا خاس بولغان سېھىرلىك دۇنيانى توقۇغانلىقىنى ھەيرانلىقتا بايقايمىز.

ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدا «نەزىر سۇپىسى، شاراب ئىلاھى، جەننەت» دېگەندەك سۆزلەر بار، بۇنداق نازۇك سۆزلەرنى مېنىڭچە كەلسە - كەلمەس ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئادىلنىڭ تۆتىنچى توپلىمى «تاشقا سۆزلەۋاتقان ئادەم»نى ھۇزۇر بىلەن ئوقۇدۇم، ياق، ئىچىۋالدىم. مىسرالارنىڭ شاش رىتىمىدا ۋە تەپەككۇرنىڭ ئويناق ئېقىنىدا ئۆزگىرىش يوق. ئەمما مەزكۇر توپلامدا «ئۈچ مىستىتسىزمچى»، «قارا رەڭلىك مىستىتسىزمچى»، «ئاي ئەڭ چوڭ مىستىتسىزمچى»، «مىستىتسىزملىق مۇراسىم»، «مىستىتسىزمچىلارنىڭ كىيىمى» قاتارلىق شېئىرلاردا «مىستىتسىزم» دېگەن بۇ سۆز شېئىرنىڭ جۇلاسىغا ئازراق قارا سايە تاشلاپ قويغاندەك تۇرىدۇ. «Mystic» دېگەن بۇ ئىنگلىزچە سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «سىرلىق» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق كىرمە سۆزلەرنى ئادىلدەك بىر تىل ئۇستىسى مۇۋاپىق بىر ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئالسا گۈل ئۇستىگە گۈل كەلگەن بولاتتى.

ئادىل سۆزلەرنى مەنىلەرنىڭ تار قەپىسىدىن ئازاد قىلدى. بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن، بىر - بىرىنى تۇغۇۋاتقان، بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان سۆزلەر ئۆزگە پاتماي تاشقىنلاۋاتقان قاينام بۇلاققا ئوخشايدۇ. ئەقىل قوبۇل قىلمايدىغان، لېكىن ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر مەنتىقىسىدە تامامەن سىغىشىدىغان بۇ سۆزلەر تىلىمىزنىڭ مەنە قاتلىمىنى كېڭەيتتى. سۆزلەر تەسەۋۋۇرنىڭ پايانسىز ساماسىدا پەرۋاز قىلدى. ئاشۇ پەرۋازنى قەلب كۆزى روشەن ئوقۇرمەنلەر ئاللىبۇرۇن كۆردى. مۇبارەك ئانا تىلىمىزنىڭ پايانىنى يەنە بىر قېتىم بىلىپ قېلىپ، پەخىرلىك ھېسلارغا چۆمۈلىمىز، تىلىمىزنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشىگە پاتقان قەلبلەر بۇنىڭدىن سۆيۈنگۈسى، مەلھەم تاپقۇسى.

مۇڭ ۋە ئۈمىد، چۆچەك ۋە ھازىر، چۈش ۋە يوشۇرۇن تۇيغۇ، خىيال ۋە رېئال، ئەپسانە ۋە يىلتىز، يەكلەش ۋە قوبۇللاش، گۈللىنىش ۋە غېرىبلىقنى ھەر بىر مىسراغىچە يۇغۇرۇۋەتكەن بۇ يېشىل قۇرلاردىن ئۈچ تاغ ۋە ئىككى ئويمانلىققا ماكانلاشقان ئۇيغۇرنىڭلا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ تىنىقلىرىنى تىڭشايسىز. ئازابلارنىڭ تىكەنلىك قوللىرى يۈرىكىڭىزگە سانجىلغاندا، شېرىن بىر تولغاق سىزنى قىينايدۇ. مانا بۇ سۆزنىڭ سېھرى، مانا بۇ تىلنىڭ سىزنى چۆكتۈرۈۋاتقان پايانى. ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدا كۆيۈۋاتقان قەدىمكى گۈزەل بىر تىلنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتىنى يۈرىكى كۆيىدىغانلار سېزىپ تۇرىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تىلىدىن كىلاسسىك پۇراق ۋە تارىخ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان داستانلىرى، روزى سايىت ۋە مۇھەممەتجان راشىددىنلارنىڭ ئويناق، ئاممىباب ۋە قوشاقسىمان ئۇسلۇبى، ئادىل تۇنىيازنىڭ پەلسەپە پۇراپ تۇرىدىغان يەڭگىل چاچما ئۇسلۇبى شېئىرىيەتنىڭ ئۈچ خىل ئۇسلۇبىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ساپاسى بۇ ئۈچ خىل شەكىلنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلىگەن. ئۇسلۇبى ئوخشىمايدىغان بۇ شېئىرلار شېئىرىيەت بېغىمىزدىكى رەڭدار مېۋىلەردۇر.

شېئىر پەلسەپەنىڭ چاكىرى ئەمەس، بىراق يولنى تاپقان ئېرىق راۋان ئاققاندەك، شائىر زورۇقمىسىمۇ، مۆجىزىنى تونۇغان تۇيغۇن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان مىسرالاردىن ھېكمەت ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. پەلسەپەۋى ۋەزخانلىق زورلاپ تېڭىلغان ھامان ئەسەردىن جەزبىدارلىق غايىب بولىدۇ. ئادىل بۇ مۇناسىۋەتنى ئوبدان تەڭشىيەلىدى، شۇنداقلا شېئىر ئارقىلىقمۇ تەپەككۇرنىڭ دېڭىزىدا ئۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى شېئىرنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە ئىسپاتلاپ بەردى.

ئادىلنىڭ شېئىرىيەت دۇنياسى تاغ باغرىدىكى تۇمانغا چۇلغىنىپ ياتقان سېھرلىك قەلئە. پېقىر ئاشۇ يېگانە قەلئەنى زىيارەت قىلدىم. قەلئەنىڭ ئىچىدىكى غارايىباتلارنى چۈشىنىشتىن ھاسىل قىلغان ھاسىلاتلىرىم «ئادىل تۇنىياز تەتقىقاتى» ناملىق كىتابقا ئايلاندى، پات يېقىندا بۇ كىتابىم ئادىل ئەسەرلىرىنىڭ زوقمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. بۇ كىتابىمدا ئادىل ئەسەرلىرىنىڭ مەنە قاتلىمى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىستىلىستىكىسى، سىمۋول ۋە باشقا ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالدىم ۋە ئوكتاۋىئو پاز بىلەن ئادىل ئەسەرلىرىنى، ئىككىيلەننىڭ ئىجادىيەت مەپكۇرىسىنى سېلىشتۇردۇم.

ھاياتنى نان يەپ ئاشقازاننى، تەرەت بىلەن ئەۋرەزنى توشقۇزۇش دەپ چۈشەنمەيدىغان، ئەقلنى ۋە ئېتىقادنى ھاياتتىكى چوڭ نېئمەت سانايدىغان، تەپەككۇر ئاتا قىلغان بىر دەقىق ھۇزۇرنى شاھنىڭ تەختىگە تەڭ قىلمايدىغان سۇزۇك كىشىلىرىمىز بار. يۈكسەك پىكىردىن ئەمەس، قىرتاق

مەيدىن قىزىيدىغانلار ئېلېكترونلۇق تۈنەكلەرنى قىزىتىۋاتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ باراۋەتلىرىنىمۇ قىزىتىش پىكىرخۇمار دوستلارنىڭ بۇرچى.

قومۇش قەلەم كومپيۇتېرنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان شۇ زامانلاردا كىشلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئىخلاسى تولىمۇ چىڭ بولىدىكەن. تېخى1970 ـ ،1980 ـيىللاردا ئەدەبىياتنىڭ مۇخلىسلىرى ياخشى ئەسەرنى خۇددى كاتىپ تۇردى ئاخۇن غېربىدەك ئېرىنمەي كۆچۈرەتتى. قويىندا ساقلاپ، قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇيتتى. ئۇزۇن تۈنلەردە شام يورۇقىدىكى ئەدەبىياتنى چۆرىدىگەن قايناق بەس ـ مۇنازىرىلەر قورسقى تويمىسىمۇ روھى توق ياشاۋاتقانلارغا ئەدەبىي تۈنەك بولغانىدى. ئۆيلەرگە توك يېقىلدى، تالاي قەلب قاپقارا تۇرۇپتۇ. ئېنتېرنېت تورى ئارىنى يېقىنلاشتۇردى، قەلبلەر بىر ـ بىرىدىن قاچتى. ئېشەك مىندۇق، ئايروپىلانغىمۇ ئولتۇردۇق، سۈرئەت بارغانچە تېزلەشتى، ۋاقتقا يېتىشەلمەي ھاسراپ قالدۇق، ۋاقتتا بەرىكەت قالمىدى. توكنىڭ نۇرى شېئىرنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتسە بۇ شېئىرنىڭ قىيامىتى.

ماتېرىياللارغا كۆرە، كامبرىج، ئوكسفورد، خارۋارد ۋە بوستوندەك دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئالىي ئوقۇللار شېئىرىيەتكە باشقىدىن نەزەر تاشلىماقتا. شېئىرىيەت دەرسى، شېئىر يادلاش، شائىرلارنى دەرسكە، نۇتۇققا تەكلىپ قىلىش، شېئىر تەلقىنلىرى، شېئىر مۇكاپاتلىرى دېگەندەك شەكىللەر بىلەن شېئىرنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلمەكتە. پابلو نىرۇدا، ئوكتاۋيو پاز، توماس ئېلىيۇت ۋە ئورخان پاموك قاتارلىق دۇنياۋى تىل ئۇستىلىرى غەربنىڭ ئىلىم مۇنبەرلىرىگە ناتونۇش ئەمەس. ئاشۇ قەلەم ساھىبلىرى سانائەتنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرىنىڭ شېئىرنى يۈرەكلەردىن سۈرگۈن قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئاتوم دەۋرىدىمۇ ئەدەبىيات لازىم بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى.

قەلەمكەشلىك كوچىسىدىكى ھەۋەسكارلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: قەلەمنى ئاددىي چاغلىماڭ. قەلەم تارتىش دېگەن يۈكسەك مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر. قەلەمدىن تېمۋاتقىنى سىياھقا ئايلانغان ۋىجدان ۋە ھېكمەت. قەلەم تارتىشتىن بۇرۇن ۋۇجۇدىڭىزنى ھەقنىڭ سۈيىدە ئېرىتىڭ، ھەر بىر سۆز، ھەر بىر چېكىت، پەش ئۈستىدە ئويدان ئويلاڭ، ئاندىن قەلىمىڭىزدىن پاكىز قۇرلار تۆكۈلىدۇ، يازغىنىڭىز كېيىن يۈرىكىڭىزنى قىسمايدۇ، ئەلەمدە قويمايدۇ. ئۆزىڭىز سۆزلەر ۋادىسىدا تېڭىرقاپ يۈرۈپ، تېڭىرقىغانلارغا قانداق يول كۆرسىتىسىز؟ ھازىرچە قالتىس دەپ يازغان ئەسىرىڭىز، قىلىۋاتقان خىزمىتىڭىز، ئۆزىڭىزچە ئەھمىيەتلىك دەپ تونىغان تەتقىقاتىڭىز ۋە توغرا دەپ كېتىۋاتقان يولىڭىز ساقلىڭىز ئاقارغاندا سىزنى نادامەتتە قويمىسۇن. ئەلگە ھەسەل دەپ سۇنغانلىرىڭىز بىر كۈنلەر كېلىپ زەھەر بولۇپ چىقمىسۇن.

ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرىيەت تىلسىمى تاغ باغرىدىكى ئاقۇش بۇلۇتلارغا چۇلغىنىپ ياتقان قەدىمكى يېگانە قەلئەدەك شېئىرنىڭ، تەپەككۇرنىڭ مۇخلىسلىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ يېگانە قەلئەنىڭ سېھرى تەلقىنسېرى ئايان بولغۇسى. بۇ ھەقتە ھەمپىكىر دوستلار بىلەن يەنە تەلقىنلىشىش نېسىپ بولغاي.

## ۋاقىتتىكى ئەۋرىشىملىك ۋە تاشقا ئايلانغان تۇيغۇ

### 1

يەنە ئالدىراش ياشاۋاتامسىز؟

ئەلۋەتتە بىز بەك ئالدىراش. نېمە دەپ ئالدىرىمىغۇدەكمىز؟ چۈنكى ۋاقىتنىڭ قوللىرى گەجگىمىزدىن بېسىپ تۇرسا. ۋاقىتنى سېكۇنتلاپ ھېسابلىغانسېرى بۇ ۋاقىت بىزگە يەنە يېتىشمەيۋاتىدۇ. دانىشمەن بوۋىلار ئات ـ ئېشەكتە مېڭىپمۇ شۇنچە تاغ ـ داۋاندىن ئېشىپتىكەن. بىز ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپمۇ ئۇچقۇر ۋاقىتقا يېتىشەلمەي بىئارام بولۇۋاتىمىز. يەيدىغان تائاملىرىمىز، ئويۇن ـ تاماشالىرىمىز كۈنسېرى تەملىك بولۇۋاتىدۇ ۋە رەڭدارلىشىۋاتىدۇ، بىراق گەپلىرىمىز، كىتابلىرىمىز ۋە تۇرمۇشىمىز بەتتام. گويا تۇرمۇش بىزدىن قاڭقىپ كەتكەندەك، گويا بىز چۈش سەيلىچىسىدەك.

سۈرئىتىمىز تېزلەشكەنسېرى ۋاقىتىمىز شۇنچە قىسلىشىۋاتىدۇ. ئات ـ ئېشەك مىنىدىغان، بەزمە ـ مەشرەپلەر، باراۋەت ـ تۈنەكلەر قىزىيدىغان، قەلەمدە مەكتۇپ يازىدىغان شۇ كۈنلەردە ۋاقىتىمىز بىر ـ بىرىمىزگە كەڭتاشا يېتىپ ئاشاتتى، قەلبلەر بىر ـ بىرىدە قەدىرلىنىپ ئەتىۋارلىنىپ ياشايتتى. سالام خەت گويا سېغىنىشنىڭ ئەلچىسىدەك يىراقلاردىن كېلىۋاتقان مۇھەببەتلىك تۇيغۇلارنى ئۈنسىز تىلدا سۆزلەيتتى. سۆيگۈنىڭ ئەلچىسى بولۇپ يىراقتىن كەلگەن مەكتۇپنى ئاچقۇچە يۈرەكلەر ھاياجاندا سەكرەپ كېتەتتى.

تېلېفون دېگەن بۇ جانىۋار دىۋانىنىڭ قولىدىمۇ بار بولدى. تېلېفوننىڭ سىملىرى يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان. ئاتەش تۇيغۇلار، شېرىن ئەسلىمىلەر، ئۆتمۈشتىكى شېئىرغا ئوخشايدىغان كۈنلەرمۇ سىمغا ئوخشاش يىراق ـ يىراقلارغا كەتكەنىدى. بىز ئارمان قىلغان سېغىنىشلىق، تاتلىق بىر نەرسە بىزگە يېقىنلىماي بەلكى سىمغا ئەگىشىپ يىراقلارغا

قېچىۋاتاتتى. ئىجادىنىڭ چوغلىرى يۈرەكلەردىن ئۆچۈۋاتاتتى. كىشىلەر بارغانسېرى نازۇك، سىپايە ۋە تەييارتاپلىشىپ كېتىۋاتاتتى، بىراق نوچىلىق ۋە سەممىيەت يوقىلىۋاتاتتى، بۇنداق پەزىلەتلەر شەھەردە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە نادانلىق، قاراملىق، ياۋايىلىق ئىدى.

تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقان كىشىلەر، تەييارغا ھەييار كىشىلەر، ئالدىدا تولىمۇ سىپايە سالاملىشىدىغان كەينىدە بىر - بىرىنى تىللايدىغان سالاپەتلىك بەزى كىشىلەر چاچلىرىنى پارقىرىتىپ شىم - كاستۇملىرىنى قاتۇرۇپ كىيىۋېلىشقان بولسىمۇ قىيىنچىلىققا كاللا قاتۇرۇشنى تازا خالاپ كەتمەيتتى. ئالدىراشلىق ئادەملەرنى ئىشخانا دەۋرىنىڭ رايىش زاھىدلىرىغا، خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ يول چىگدىغۇچنىڭ ئېغىر تاپانلىرىدا ئېزىلىۋاتقان شېغىل تاشلارغا ئايلاندۇردى. خىزمەت يەلكىمىزنى تاغدەك بېسىپ قەددىمىزنى پۈكۈۋەتسە بولمايتتى. قەددىمىز پۈكۈلسە روھىمىزمۇ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بولۇپ قالىدۇ.

ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان 12 يىل مابەينىدە تېنىم شەھەردە، خىيالىم ھامان سەھرادا ياشاپ كەلدى. سەھرانىڭ تۇپىسى ھامان بۇرنۇمغا پۇراپلا تۇردى. يىلىنجاۋاتقان بۇ ئوت نۇرغۇن ئەسىرىمنى روياپقا چىقاردى.

## 2

ئۈرۈمچى قىستاڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى. پەلەكسېرى ئۆرلەۋاتقان بىنالار نوپۇسنىڭ شىددەتلىك پارتلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ. لېكىن تەپەككۇر قاشاڭ ئېشەكتەك مىسلىداپ كېتىۋاتىدۇ.

شەھەر تالاي ئادەم ئۈچۈن «ئىجارە» دېگەن سۆزدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە سەھرادىكى كەڭتاشا باغبارائلىق ھويلا يوق، شۇڭا شەھەرگە يىلتىزلاپ بولغۇچە ئىجارە ئۆيدە تۇرىسەن. شۇڭا سەن تاش ئورماندا سايرىغان بىر غېرىب قۇشتەك ھامان كەڭ سەھرايىڭنى سېغىنىسەن، بىراق شەھەردىن ۋاز كېچەلمەيسەن. مانا بۇ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ ياشاش دېيىلىدۇ. ۋاقىت ئۆتۈۋەرگەنسېرى شەھەر جىسمىڭنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن سەھرا بارا - بارا ساڭا ناتونۇش بىر دۇنياغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى سەن ياماشقان قېرى دەرەخلەر، سەن ئۈزۈپ ئوينىغان ئۆستەڭلەر، سەن پاداڭنى ھەيدەپ توقايغا ماڭغان توپىلىق يوللار، قوي - كالىلارنىڭ ئارامگاھى بولغان بەرىكەتلىك كەڭرى توقاي - جاڭگاللار، ساڭا تونۇش سىمالار، تونۇش پۇراقلار، تونۇش سادالار... ئىشقىلىپ نۇرغۇن نەرسە يوق، ئۇ نەرسىلەر كەچمىشنىڭ ئېقىنىغا قوشۇلۇپ نەلەرگىدۇ ئېقىپ كەتكەن.

شەھەردە ياشاش كۆپىنچە ئادەمنىڭ نەزىرىدە ئىجارە ئۆيدە ياشاش دېمەكتۇر. ئىجارە ئېلىش دېگەنلىك يانچۇقتىن ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان بوراننى بىر ئامالللاپ توسۇش، بۇنداق بوراندا ئۇچۇپ كەتمەي مەزمۇت تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شەھەردىكى خىزمەتچى يېرىم ئۆمرىنى بانكىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ ئۆتكۈزىدۇ. دېمەك شەھەردە موھتاجلىق دېگەن بۇ نەرسە سېنى توختاۋسىز ئۆي كۆچۈشكە مەجبۇرلايدۇ. كۆچمەي ئامالىڭ يوق. مەن توي قىلىپ بەش قېتىم ئۆي كۆچتۈم. ئۆي كۆچۈش ئاددىي ئىش ئەمەس. مەن ھەر قېتىم ئۆي كۆچسەم خىيالىمدىكى نۇرغۇن نەرسىمۇ تەڭلا كۆچۈپ يېڭىلىنىدۇ. كونا خىياللىرىم ئۈرۈمچىنىڭ كەڭ كوچىلىرىغا سىغمىغان باققالنىڭ ھارۋىسىدەك كۆچۈپ نەلەرگىدۇر كېتىپ قالىدۇ، يېڭىدىن خىياللار كاللامغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۆي بىلەن تەپەككۇر ھەققىدە ئويلاندىم. دۇنيانى كەشپىياتقا كۆمۈۋەتكەن، دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ 70% ى ئىجارە ئۆيدە ياشايدىكەن، ئۇلار توختىماستىن جاھان كېزىپ كاللىسىنى زەرەتلەپ تۇرىدىكەن. ئۇياقلاردا بىر مەزگىل ياشاپ باققان تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، غەربتىكى ئىجارە ئۆيلەرنىڭ شارائىتى ناھايىتى تولۇق بولىدىكەن. ئىجارە ئالغۇچى كىيىم - كېچىكىنى كۆتۈرۈپلا كىرسە بولىدىكەن. ئۇ يەرلەردە مەخسۇس ئىجارە ئۈچۈنلا سېلىنغان بۇنداق ئۆيلەردە يىللاپ تۇرساڭ بولۇۋېرىدىكەن، ئۆي ئىجارىسىنى ۋاقتىدا تاپشۇرساڭلا ئۆي ئىگىسى قاپىقىنى تۈرۈپ، تۈرلۈك باھانىنى تېپىپ سېنى قوغلىمايدىكەن. بۇنداق ئۆيلەر بەكمۇ قولاي بولغاچقا بەزى بايلار مۇشۇنداق ئۆيلەردە تۇرىدىكەن.

ئۈرۈمچىدە ئۆيلەر ئىجارىگە ئەمەس بەلكى سېتىلىش ئۈچۈن سېلىنىدۇ. ئەرزان ئىجارىلىك ئۆي دېگەن بۇ نەرسە تېخى يېقىندىلا ئۈرۈمچىدە پەيدا بولدى. شۇنداقتىمۇ ئىجارىسى قىممەت ئۆيلەردە تۇرىدىغانلار تالاي. شەھەردە ئىجارە تۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەردىكى ئۇچقاندەك رىتىمغا ماسلاشقان. ئۈرۈمچىدە ئۆيى بارلار بىلەن يوقلار بەكلا پەرقلىنىدۇ. ئۆيى بارلار مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدۇ. بۇ يەردە سالام - سەئەتتىن كېيىنلا ئىجارە، ئۆي باھاسى ۋە ئاپتوموبىل پاراڭنىڭ نېگىزى بولىدۇ. بەزى ئىجارىكەشلەر مۇتتەھەم كېلىدۇ. بۇلار ساڭا ئۆيىنى ئەمەس بەلكى جەننەتنى ئىجارە بەرگەندەك ئەلپازدا يوغان گەپلەرنى قىلىدۇ. «ئىجارە» دېگەن سۆزگە بىر تالاي تەڭقىسلىق سىغدالغان. بۇ سۆز ساڭا تۇرۇۋاتقان ئۆيۈڭنىڭ ساڭا تەۋە ئەمەسلىكىنى، ھامان بۇ ئۆيىنى بىكارلاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، يەنە ئۆي ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ساڭا خىجىللىقتا قاراۋاتقان شامال

www.uyghurkitap.com



ھۇۋلاپ تۇرغان يانچۇقنى، ئىشىك ـ بوسۇغاڭدىن ماراپ تۇرغان موھتاجلىقنى، قەدىردان سەھرايىڭدىكى ئازادە باغباراڭلىق ھويلا ـ ئارانلارنى يادىڭغا سالىدۇ.

سەھرانىڭ يېشىل ئۇستىباشلىرى خىيالىڭنىڭ قۇرغاق بېتىدە لەرزان يەلپۈنگەندە شەھەرنىڭ مۇزدەك تەلەتى ئۆزىنى تازا كۆرسىتىدۇ. ئاچچىقىڭدا مۇشتۇمدەك بېشىڭ پاتمىغان بۇ قاتتىق شەھەردىن چاپاننى تاشلاپ ياۋاش ـ يۇمشاق سەھرايىڭغا كېتىپ قەدىردان سەھرايىڭنى باغاشلاپ ئارتۇقچە باش ئاغرىقىدىن خالىي ياشىماقچىمۇ بولىسەن. لېكىن يەنىلا بىر كۈچ سېنى بۇ سوغۇق تەلەت شەھەردە تۇتۇپ قالىدۇ. بۇ كۈچ دەل ۋۇجۇدۇڭنىڭ تېگىدىن قايناپ تېشىۋاتقان ئۈمىد ۋە جىدام. چۈنكى سەن سەھرادىن چاپىنىنى دولىسىغا تاشلاپ كېلىپ، پۇرسەت ۋە رىقابەتكە تولغان بۇ شەھەردە كۆز ياش ۋە شادلىقتىن قوپۇرۇلغان ئۈمىد قەسرىنى ئاخىرى روياپقا چىقارغانلارنى تالاي كۆردۈڭ. تاش شەھەردە تاشتەك بەردەم ياشاۋاتقان شۇ كىشىلەرنىڭ ھېكايىسى كېيىنكىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ. ئۆرۈمچىنىڭ دەبدەبىلىك تۇرقى بىر تەسىرلىك داستان، بۇ داستاننىڭ ھەر بىر قۇرىدىن شادلىق، تېڭىرقاش، ئۈمىد، كۆز ياش ۋە يۈرەكتىن ئۇقچۇۋاتقان ئىسسىق قان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ دۇنيادا ياشنى كۆرۈپ، زەردابنى كۆرمەيدىغان كۆزلەر تولا.

3

شەھەر تەبىئەتنىڭ قاتما ھالىتى. شەھەر سەھرانىڭ چېچىكى، سەھرا شەھەرنىڭ يىلتىزى. شەھەردە ئادەملەر كۆچۈپ يۈرىدۇ، چۈنكى ئىجارە دېگەن سۆز قەرەلسىز كۆچۈش، يۆتكىلىش، رىزقىنى باشقىدىن ئىزدەش، تەۋەككۈل قىلىش دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆرۈمچىدە كىرىمى ئوبدان مۇقىم خىزمەت ۋە ئۆي بولمىسا ياشاش ئاسان ئەمەس. لېكىن مۇقىم خىزمەت ۋە ئۆيگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى خالىمايدىغانلار بۇ شەھەردە قامغاقتەك كۆچۈپ يۈرمىسە بولمايدۇ. شەھەردە تۇرۇش ئۈچۈن يەنە ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى، قولايلىق كارتا قاتارلىقلارنى بېجىرىش كېرەك. بولمىسا ھېچكىم ئۆيىنى ئىجارە بەرمەيدۇ.

سەھرادا يەر ئەرزان ھەم كەڭ. بىر دېھقان بىر ئۆمۈر تال باراڭلىق ئازادە ھويلىسىدا ياشايدۇ. دېھقاننىڭ تاپىنى قورۇسىغا ۋە ئېتىزىغا يىلتىزلىغان، شەھەر تاشقا يىلتىزلىغان. دېھقاننىڭ ساددا ئوي ـ خىياللىرى تورغايلارنىڭ چۇچۇلاشلىرىغا ئايلىنىپ تاڭ ساباسىدا ئۇچۇپ كېتىدۇ. دېھقانلار ساددا ئويـ باغباراڭلىق ھويلىسىنىڭ قەدرىنى بىلمەيۋاتقان دېھقانلار سەھرادا بەك كۆپ. باغباراڭلىق ھويلا شۇنچە ئازادە

بولسىمۇ باغنىڭ بىر يەرلىرىدىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ. سەھرادىكى تازىلىق ئىمكانىيىتى شۇنچە ئەلۋەك بولسىمۇ، لېكىن تالاي ھاجەتخانە يەنىلا گاژىلداپ تۇرغان چىۋىنلارنىڭ بايرامگاھىغا ئايلانغان.

شەھەردىكى بەرىكەت ۋە سەھرادىكى ئىمكانىيەت ھەققىدە ئويلىنىۋاتقىنىمدا غۇلجىدىكى ۋە خوتەندىكى چىۋىندىن ۋە سېسىق پۇراقتىن خالىي ئىككى خىل ھاجەتخانا كۆز ئالدىمغا كەلدى. غۇلجىدىكى بۇ ھاجەتخانا يەرگە بەش ـ ئالتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ، سېمونتلاپ ياسالغان بولۇپ، ئۈستى ھەم يېپىلغان. خوتەنلىك ئاغىنەم ئابدۇقەييۇمنىڭ ئۆيىمۇ تازا كۈجۈم سەھرادا بولۇپ، ئابدۇقەييۇمنىڭ دادىسى پاكىزلىققا شۇ قەدەر خۇشتار ۋە ئىشچان ئادەمكەنكى، ئۇلارنىڭ ھاجەتخانىسى سەھرادىكى ھاجەتخانىغا ھېچبىر ئوخشىمايتتى. دوستۇمنىڭ دادىسى گەندىنى ئېرىنمەي باغدىكى دەرەخلەرنىڭ تۈۋىنى ھەم ئىشىك ئالدىدىكى ئېتىزنى كولاپ ئۇدۇللۇق كۆمۈۋېتىدىكەن. بۇنداق بولغاندا ھاجەتخانىنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىدىغان بېزەك چىۋىنمۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان سېسىق پۇراقمۇ بولمايدىكەن، يەرمۇ ئوبدان ئوغۇتلىنىپ قالىدىكەن. بۇ يۇرتلارغا بارغاندىن كېيىن يۇرتۇمدىكى ھاجەتخانىلارنى، ھويلا ـ ئاراننىڭ تازىلىقىنى، سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇستىباشلىرىنى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى، خۇي ـ پەيلىنى، ھەر يۇرتنىڭ گەپلىرىدىكى تۇگۈلۈق بىلەن مۇلايىملىقىنى، شېۋىلەردىكى پەرقنى سېلىشتۇردۇم. قەلبنى مەينەتچىلىك باسسا مۇھىتنىمۇ مۇقەررەر مەينەتچىلىك باسىدىغانلىقىنى، مۇھىت پاكىز بولغانسېرى قەلبنىڭمۇ شۇنچە ئېرىغدىلىپ بارىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. شۇنداق خىيالچان دەقىقىلەردە «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى» دېگەن مۇبارەك ھەدىس يادىمغا كەلدى.

شەھەردىكى كاتەكتەك ئۆيدە ياشاپ ئاسمىنى كەڭرى سەھرايىمنى سېغىنىۋاتقان شۇ پەيتتە سەھرادىكى تالاي گۈزەل كۆرۈنۈش خىيالىمغا قوندى: ئەنە، تويى بولۇپ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئىشچان كېلىنچەك كۈندىن بۇرۇن تۇرۇپ ھويلا ـ ئاراننى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى سۆگەتلەر سۆيۈپ ئاقىدىغان ئۆستەڭدىن سۇ توشۇپ كوزا ـ كۈپلەرنى توشقۇزۇپ، چېۋەر قولىدا ناشتىلىق تەييارلىدى. ئەنە، تويلۇق يولدا بىر توپ بالا قويلىرىنى ھەيدەپ سەھەرنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى.

يۇرتۇمدىكى دېھقانلاردىن ھال ـ ئەھۋالىنى سورىسام، ئۇلار باشلىرىنى چايقاپ ھەسرەت بىلەن: «ھەي، نېمىسىنى دەيدىلا سۇلايمان مۇئەللىم، يېزىدا بۇرۇن بەرىكەت بار دەيتتى، ھازىر قېنى؟ زىرائەتلىرىمىزنى ھە دېسىلا بوران

سوقۇپ ھالىنى قويمىدى. پاختىنىڭ باھاسى بىر يىلى 12 سوم بولسا بىر يىلى بەش سومغا چۈشۈپ قالدۇ. باھا دېگەن ئاسماندىكى بۇلۇتتەك تايىنى يوق بولىدىكەن. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى سۈزۈك ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولمايدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭدىكى ئەركەك سۇنىڭ ئورنىغا تۇرۇبىدىكى دورا قوشۇلغان ئۆلۈك سۇنى ئىچۋاتىمىز. زىرائەتلىرىمىزنى دورا چېچىپ بۇلغاپ بولدۇق. ئەتىيازدىكى ئىشىمىز بانكىغا يالۋۇرۇش بىلەن باشلىنىپ كەچ كۈزدە بانكىنىڭ ئىشىكىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئاڭلىساق شەھەردە بەرىكەت ياغىدىكەن دەيدۇ، شۇڭا باللار ئۇرۇمچىدە بىرەر تىرىكچىلىكنىڭ ئېپىنى قىلايلى دېسە، شۇ ھامان يولغا سالىدىغان بولدۇق. سەھرادىكى بۇ جاپانى بىزلا تارتىپ ئۆتەيلى. بۇنداق بولارنى بىلگەن بولساق بۇرۇنلا شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەن بولساق، جاننى بىر ئامال بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ بېقىپ كېتەر بولغىيتتۇق. خېلى بۇرۇنلا يېزىمىزدىن ئۇرۇمچىگە چىقىپ كېتىپ ئوبدانلا پىتلىنىپ قالغانلار خېلى بار. ئەمدى بىزمۇ چىقىپ كېتەيلى دېسەك ۋاقىت ئۆتتى» دېيىشەتتى.

2014 - يىلى ئاۋغۇستتا يۇرتۇمغا باردىم. يۇرتۇمنىڭ تونۇش ھىدى مېنى كەچمىشكە سۆرەيتتى. لاي ئوچاقتىكى ئوتنىڭ تەپتى ۋۇجۇدۇمنى قىزىتتى. لاي ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوت نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۆيۈۋاتقان مۇھەببەت ئىدى، ئۈمىد ئىدى. ئوتۇننىڭ ئىسى ئاپتوموبىلنىڭ ئىسىغا كۆنگەن دىماغقا باشقىچە يېقىملىق ئۇرۇلاتتى. ئىتنىڭ قاۋاشلىرى ۋە ئېشەكنىڭ ھاڭراشلىرى شەھەرنىڭ شاۋقۇنىدىن بىزار بولغان قۇلاقلارغا باشقىچە يېقىملىق ئاڭلىناتتى. يېشىللىقنى يېپىنغان سەھرا ھوشىدىن كەتكەندەك جىمجىت ئىدى. سەھرا بەزىدە خىيالغا پاتقان پەيلاسوپنى ئەسلىتەتتى. پاختەك ۋە قارلىغاچنىڭ سايراشلىرى، تومۇزغا ۋە پاقىنىڭ كېچىدىكى كوركىراشلىرى، كېچىدىكى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئېشەكنىڭ ھاڭراشلىرى، باراڭدا ئېسىلىپ كۈلۈپ تۇرغان ئۈزۈم، سالقىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىۋاتقان بۇغداي - قوناقلار «مىڭ بىر كېچە»دىكى گۈزەل تەسۋىرلەرنى يادىمغا سالدى. بۇ تەسۋىرلەر يوقىلىۋاتقان شېئىر ئىدى. «مىڭ بىر كېچە» سانائەتنىڭ تاپىنىدا يەنجىلىۋاتقان گۈل ئىدى. بۈگۈنكى دۇنيادىن «مىڭ بىر كېچە»نى ئەمدى ھەرگىز تاپقىلى بولمايدۇ.

**4**

غۇلجا ۋە قەشقەرگە بارسىڭىز گۈل - گىياھ بىلەن رىشتىمىزنىڭ قانچىلىك چىڭلىقىنى بىلىۋالىسىز. ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى گۈل، سۆزى گۈل، ئىسمى گۈل، ماڭغان، تۇرغان يېرى گۈل. ھويلا - ئارانلىرى، گىلەم، كىگىز - پالازلىرى، داستىخان، چىنە - قاچا، قوشۇق، قوشۇقدان، پوتا، كىيىم، پىچاق، ئەمبەل، ئويۇق، ئىشكاپ، پېشايۋان، ھەتتا ھويلىسىدىكى كىچىككىنە گۈللۈكنى ئوراپ تۇرغان ۋادەك، كەكلىكتەك يورغىلاپ كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەتلەس، ئۆيلەرگە زىننەت بەرگۈچى يوتقان-كۆرپە، ياستۇق، ھەتتا كىيگەن مەسە - كالاچلىرىدىمۇ گۈل... ئىشقىلىپ ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر كۆڭۈللەرنى تارتىدۇ، غەمكىن كۆڭۈلنى ئاچىدۇ. بىز گۈل - گىياھقا قەۋەتلا ئامراق. چۈنكى ئىچىمىز گۈللەر بىلەن تولغان.

2014 - يىلى ئاۋغۇستتا بالا - چاقىلىرىمنى ئېلىپ كۇچا، يېڭىسار، قەشقەر ۋە خوتەندە بىرەر ئايچە دەم ئېلىش ۋە ساياھەتتە بولدۇم. دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ هاردۇقى تازا يېتىپتىكەن، بۇ قېتىمقى دەم ئېلىش بەكمۇ ياقتى.

يېڭىساردا ئوردىئالدى دەيدىغان بىر كونا بازار بار. پوتىسىغا نەقىشلىق ساغرا غىلاپلىق پىچىقىنى ئېسىۋالغان بۇرۇتلۇق تەمبەل ئەرلەر ئوردىئالدى بازىرىدىن گۈرسۈلدەپ دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. ئۈرۈك ئوتۇنى گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان كاۋاپدانىدىن ئۆرلىگەن ئىس ۋە ماينىڭ ئارىلاش ھىدى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتنىڭ پۇرىقى، شۇنداقلا بۇ ھاياتي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر قوۋمنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتنىڭ ھىدى ئىدى. كاۋاپدانىدا مۇھەببەت كەبى پىژىلداپ پىشۋاتقان كاۋاپ، تەۋەڭدە سەھرانىڭ نومۇسچان قىزلىرىنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان سامسا - گىردىلەر بىر قەدىمي قوۋمنىڭ، بىر ئوتلۇق دىيارنىڭ ھاياتي كۈچىدىن دېرەك بېرەتتى.

قەشقەرنىڭ، خوتەننىڭ مۇھەببەت ۋە تارىخ پۇرايدىغان تار كوچىلىرىنى سېغىنىش، ھاياجان ۋە خىيال ئىلكىدە ئايلاندىم. چېقىلىپ ئېگىز بىنالارغا ئورۇن بېرىۋاتقان مېھرى ئىسسىق تار كوچىلار، تار كوچىلاردىكى گۈلزار ھويلىلار بىر كۈنلەردە تارىخ بولۇپ قالارمۇ؟ كېيىنكىلەر بۇ كوچىلارنى قامۇستىن ئوقۇيدىغان كۈنگە قالارمۇ دېگەن ئەندىشە ۋۇجۇدۇمنى جۇدۇندەك توڭلىتىۋەتتى.

مەرھۇم مىرزات ئالىم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقان، ياسىن مۇخپۇل يازغان «تار كوچا» دېگەن مەشھۇر ناخشىدىكى مۇڭلۇق مىسرالار قەلبىمدىكى گۈلزارغا كېپىنەكتەك لەيلەپ قوندى:

بويلىرىڭدىن ئۆتكىنىمدە ھەر قاچان،
شۇ گۈزەل ھۆسنۈڭگە باقتىم تار كوچا.
كىم سېنى تار دەيدۇ قوينۇڭ بىر جاھان،
گۈل-چېچەك، رەيھان پۇرايسەن تار كوچا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەندە خۇشخۇي ملك ئاننىڭ مېھرى جەم،
شۇڭا مەن ئىشقىڭدا ياندىم تار كوچا.
مەيلى پارىژ مەيلى ئىستانبۇلدىمەن
سېغىنىش قەلبىمدە گۈلخان تار كوچا.

قارىماققا تار بولسىمۇ قوينىغا دۇنيا سىغدىغان تار كوچىلار، تار كوچىلاردىكى بىر ـ بىرىدىن نەپىس گۈلدار دەرۋازىلار، سەنئەت دۇردانىلىرى خەزىنىسى دېسە ئارتۇق كەتمەيدىغان تورۇس ۋە پېشايۋانلار، تىلىدىن گۈل تۆكۈلدىغان ئەنجۈر ساتقۇچى، بۇرۇتلۇق، قامەتلىك تۇماقچى، سامسىسى بەكمۇ تەملىك، سامسىسىدىن گېپى تېخىمۇ تەملىك گەپدان سامسىپەز... بۇلار قەشقەرنىڭ تىرىك ئارخىپلىرى.

قەشقەردە بىر ـ بىرىدىن نەپىس گۈلدار ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى، هويلىدىكى هۇپپىدە ئېچىلغان رەڭدار گۈللەرنى كۆرسىڭىز قەلبىڭىزدە شۇئان گۈللەر پورەكلەيدۇ. دەرۋازىدىن كىرسىڭىز دەرۋازىنىڭ كەينىگىلا چىرايلىق ئوتقاشتەك پەردە تارتىلغان. پەردە ئىشىك بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەرنى ئايرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشتا ئارىلىشىپ كەتسە بولمايدىغان، باشقىلارغا ئەمەس پەقەت ساڭىلا تەۋە نەرسىلەر بار. بۇ پەردە هاياتنى هاياسىزلىقتىن، ئىززەتنى نومۇستىن، ساداقەتنى قارا كۆڭۈللۈكتىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە. بۇ پەردە مۇنداقلا تارتىپ قويۇلغان رەختتىن توقۇلغان پەردە ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ۋە هاياتنىڭ يىپلىرىدىن توقۇلغان پەردە. شۇڭا ئىشىكلەر ئېچىلمىسا كىرىمەن دەپ زورۇقماڭ.

قەشقەردىكى ئۇچەيدەك تار كوچىلارنى، بىر ـ بىرىدىن شاخلىنىپ چىقىۋېرىدىغان مېھرى ئىسسىق رەستىلەرنى ئايلىنىۋېتىپ هويلىلارغا نەزەر سالدىم. هويلا شۇ قەدەر كىچىك بولسىمۇ، هويلىدىكى تال باراڭ هويلىنى يەنىلا تەبىئەت بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان يېشىل رىشتە ئىدى. هويلىدىكى ئەنجۈرنىڭ ياپيېشىل يوغان ياپراقلىرىنىڭ ئارىسىدا مارىلاپ تۇرغان ساپسېرىق ئەنجۈر نەچچە مىڭ يىللىق مۇھەببەتنىڭ يالدامىسىدەك بىلىنىپ كەتتى.

قەشقەر شەھىرىدە هويلىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي تەشتەكلەردە بەس ـ بەستە ئېچىلىپ كەتكەن ھەرخىل گۈل، ئانار، ئەنجۈرلەر ئادەمنىڭ مەيلىنى رام قىلىپ، تەبىئەت بىلەن ئاشىيانە ياشايدىغان بىر قەدىمي قوۋمنىڭ يېشىل دولقۇنلاپ تۇرغان قەلبىنى ئايان قىلىدۇ. تال باراڭنىڭ ئارىلىقىدىن تارام ـ تارام چۈشكەن كۈن نۇرى سۇپىدىكى ئوتقاشتەك گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئوينايدۇ. گۈلدار پېشايۋانغا قونۇپ يېقىملىق ۋىچىرلىشىۋاتقان قارلىغاچلارنىڭ، قېرى ئۈجمە

شېخىدا شوخ ناۋا قىلىۋاتقان پاختەك ۋە قۇشقاچلارنىڭ تىلىدىن تۆكۈلۈۋاتقان شېئىرنى قەلەم يېزىشقا مەڭگۈ ئاجىز. شۇ ناۋالاردىن بەھرلەنگەچ كاۋا مانتىسى ياكى ئۆگرىدىن هۇزۇرلىنىش قالتىس كۆڭۈللۈك. مانا بۇ يېزىلاردىكى ۋە شەھەردىكى بىر قەۋەتلىك باغبارائلىق هويلىلاردا داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە مەئىشەتنىڭ بىر كۆرۈنۈشى. بۇ مەئىشەتنىڭ ئىچىدە هۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى، قوتاندىكى قوي ـ قوزىلارنىڭ مەرىشى، تاڭ خۇمار خورازنىڭ چىللاشلىرى، ئۇرۇك ئوتۇننىڭ چوغىدا پىشۋاتقان كاۋاپنىڭ، ئىسسىق ناننىڭ مەززىلىك ھىدى، سەھەرچى تورغاينىڭ خۇش ناۋالىرى، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا ئۈزۈلمەس مۇھەببەت كەبى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇنىڭ يېقىملىق كۈيلىرىمۇ بار.

بەزى يېزىلارغا بېرىپ قالسام ياۋا ئۆت ـ چۆپ، ئازغان، قالايمىقان تاشلانغان ياغاچ ـ تاش ۋە قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەرنىڭ دەستىدىن چىرايلىق ھۆسنىدىن ئايرىلغان باغ، چېۋىنلار قايناپ كەتكەن هاجەتخانا، توپا ـ چاڭنىڭ ئاستىدا قالغان مەنقۇلاتلار ئىچىمنى سىيرىيدۇ.

ئەي خەلقىم، مۇشۇ مەئىشەتنىڭ قەدرىگە يەت. باغبارائلىق هويلىدىكى سۇپىدا سۇيۇقئاش ئىچىشمۇ بەلكىم بىر كۈنلەردە تارىخ، شېرىن چۈش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## 5

تاش شەھەردە تاشتەك قېتىپ ئولتۇرۇپ دوكتورلۇقنى ئاخىرى تاماملىدىم. ئۆزۈمنىڭ ۋە ئاتامنىڭ ئارزۇسى روياپقا چىقىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇنبىرىدىن ئالىي مەكتەپنىڭ مۇنبىرىگە ئاخىرى دەسسىدىم. دوكتورلۇققا ئېرىشكىنىمدە بۇ ئۇنۋانغا مەن ئەمەس بەلكى ئاتام ۋە ئاپام ئېرىشىشى كېرەكتەك ئويلاپ قالدىم. ئەي قەدىردانلىرىم، دوكتورلۇقۇم ھەممىڭلارغا تالىق.

ئۈرۈمچىدە ياشىغان 12 يىل مابەينىدە ۋاقىت بىلەن شەھەردىكى بەرىكەت ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم، بەرىكەتنىڭ تەمىنى راسا تېتىدىم. ئۈرۈمچىدە تولا كىشى ۋاقىتنىڭ يوقلۇقىدىن، ئىشنىڭ بەك ئالدىراشلىقىدىن، خىزمىتىنىڭ زېرىكىشلىكىدىن، تۆزۈك دەم ئالالمايۋاتقانلىقىدىن، ھەتتا ئۇيقۇسىنىڭ قانمايۋاتقانلىقىدىن قاقشايدۇ.

قاراڭ، يېزىدىكى توختاخۇن بىر ئۆمۈر يېرىگە، باغبارائلىق قورۇسىغا باغلىنىپ ياشايدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيە بازىرىغا كىرىپ باققان ۋاقتىمۇ ساناقلىق بولۇشى مۇمكىن. يېزىسىدىن چىقمايلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىغان كىشىلەر خېلى يېقىنغىچە يېزىلاردا بار ئىدى.

توختاخۇن ئۆيىنى تاشلاپ ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ ئوڭايراق بىرەر تىرىكچىلىك قىلاي دېسە، شەھەرگە ماسلىشىدىغان دىت يوق، مۇھىمى يانچۇق قۇرۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىمۇ بىر يەرگە باردى. شۇڭا توختاخۇن خۇدايىمنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر دەپ ئېتىز - ئېرىقنىڭ جىلۋىسى، ئىككى كالىسى ۋە ئون قويىنىڭ نەغمە-ناۋاسىغا جۆر بولۇپ ياشاپ كېتىدۇ. كەتمەننىڭ دەستىسى ئالىقىنىغا قادىلىپ تۇرسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ باشقىلار قانداق ياشىغان بولسا شۇنداق ياشاپ كېتەلەيدۇ. ئېچىق بېشىدا ئولتۇرغان توختاخۇن ئاچچىق موخوركىسىنى كۈچەپ شورىغىنىچە: «باشقىلارمۇ مۇشۇنداق ياشاۋاتامدۇ، كەتمەن چاپقانغا بىر كىم ئۆلۈپ قاپتىمۇ؟ خۇدايىم پېشانەمگە كەتمەن چېپىشنى پۈتۈپتىكەن. خۇدايىمنىڭ ماڭىمۇ ئېيتقان بىر ياخشى كۈنلىرى باردۇر» دەپ تاتلىق خىياللارغا پاتىدۇ. توختاخۇننىڭ شۇ دەمدىكى خىياللىرى ئېرىقتىكى سۇغا قوشۇلۇپ كۆتۈرۈشلۈك، مۇلايىم قارا تۇپراقنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى.

توختاخۇننىڭ ئۆيى كۆۋرۈك بېشىدىكى يوغان سۆگەتنىڭ تۈۋىدە. بۇ ئۆينى شۇ ئەتراپتىكىلەر كۆزىنى يۇمۇپمۇ تاپالايدۇ. چۈنكى توختاخۇن ئۆيىنى كۆچۈرۈپ يۈرمەيدۇ، كۆچۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. باشقا كەنتلىك بىرەرسى توختاخۇننىڭ ئۆيىنى تاپماقچى بولسا، ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە ئۆستەڭنى ياقىلاپ ماڭسا، كۆۋرۈك بېشىدىكى باغجانلىغان قېرى سۆگەت سايە تاشلىغان نەقىشلىك يوغان دەرۋازىلىق قورۇنى تېنىمەيلا تاپالايدۇ. مانا بۇ توختاخۇننىڭ تۇرمۇشى.

شەھەردىكى تۇرمۇش سەھرادىكىگە ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. شەھەردە سەھرادىكى توختاخۇننىڭ تۇرمۇشىدەك تۇرغۇنلۇق ۋە ئاددىيلىق مەۋجۇت ئەمەس. شەھەر سېمونتتىن قاتۇرۇلغان سۈنئىي دۇنيا. شەھەرنىڭ بەدىنى قاتتىق تاش بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنىڭ قەلبى ۋە شەھەرنىڭ خۇي - پەيلى كۆپ ھالدا شەھەر ھاۋاسىدەك تۇراقسىز كېلىدۇ. چۈنكى شەھەردە كىشىلەر ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىدۇ، ياكى ئۆيىنى سېتىۋېتىپ قولاي يەرگە كۆچۈپ يۈرىدۇ. تەلىيى كېلىپ ئىدارىسى ئەرزان ئۆي بەرگەنلەر، ئەرزان باھالىق ئىجارە ئۆيگە ئېرىشكەنلەر، تىرىشىپ - تىرمىشىپ بېسىپ، ئۆي ئېلىشقا مادارى يەتكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا. شۇڭا بىر - بىرىنىڭ يىلتىزىدىن شاخلاپ ئايىنىۋاتقان دەرەخلەردەك شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان بۇ قاراڭغۇ سېمونت ئورمانىدا بىرەرسىنىڭ ئۆيىنى توختاخۇننىڭ سەھرادىكى ئۆيىنى تاپقاندەك ئاسانلا ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردىكىلەرنىڭ خۇددى ئاشىق بولۇپ قالغاندەك بەستە - بەستە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشى، يانفونلىششى كىشىلەرنى تىنىمسىز چېپىپ يۈرىدىغان، تېخىمۇ ئالدىراش ياشايدىغان، رىزقىنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەيدىغان، رىزىق ئۈچۈن كاللىسىنى قالتىس ئىشلىتىدىغان قىلىۋەتكەن. بۇنداق ئالدىراشلىقتا كىشىلەر ۋاقتىنى قوغلاپ يېتىشىپ بولالماي ئاۋارە. يېزا - سەھرالاردا بولسا ۋاقىت توپىلىق يولدا يېتىۋالغان.

شەھەردىكى بۇنداق ھەرىكەتچانلىق كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ، شەھەردىكى تىرىكچىلىك ئىمكانىيىتى كېڭەيگەن. يېزىدا يەرگە باغلىنىپ ياشاش دېھقاننىڭ تەپەككۇرىنى مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلاپ قويغان. ئەلۋەتتە دېھقاننىڭ تۇرمۇشىدا كەتمەنلا ئەمەس بەلكى يول، قاتناش، ئۇچۇر، تەپەككۇر، ساپا، كىتاب، ھەميان دېگەنلەرمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. تېما ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە ئۇ ئامىللارنىڭ دېھقاننىڭ تۇرمۇشىدىكى بىرلەشمە تەسىرى ۋە تەقدىرى ھەققىدە تەپسىلىي تەلقىن قىلمايمىز.

شەھەردە تولا ئادەم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «بەك ئالدىراش» دېگەن ئادەت سۆزى ئەمەلىيەتتە يالغان. تولا كىشى شۇنداق ئالدىراش قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. شۇنداق قىياپەتتە كۆرۈنمىسە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى ۋاراقلاپ باقسىڭىز، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى كۆزەتسىڭىز، قولغا چىققۇدەك تۈزۈك بىر نەرسە يوق.

بىزدە قەلەمكەش ئاتالغان بەزى ئادەملەر بار، ئىككى - ئۈچ تايىنى يوق كىتابنى يېزىپ قويغانغا بىر ئۆمۈر ۋالاقلايدۇ. مەن چەت ئەللەردىكى يازغۇچىلارنىڭ ۋە داڭلىق كىشىلەرنىڭ تارىخىنى، ئەسلىمىسىنى كۆپ ئوقۇيمەن. ئۇلار دەستلىسە بويى بىلەن تەڭ كەلگۈدەك كىتابلارنى يازغان، بۇ كىتابلارنىڭ سانىلا ئەمەس ساپاسىمۇ ئەقلىنى لال قىلىدۇ. بۇ ساھىبقەلەملەر ئېرىشىدىغان دۇنياۋى مۇكاپاتلارغا بىرەر قۇر ئېرىشىپ، قەلەمنىڭ ۋە تەپەككۇرنىڭ قەنتىنى راسا چاققان. لېكىن ئۇلار شۇقەدەر ئاددىي، داۋراڭسىز، تەمكىن ياشايدۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ شاۋقۇنىدىن خالىي خىلۋەت كەپىسىدە ياشىسىمۇ، شۆھرەت زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى ئىزدەپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ شۆھرىتى ئاشۇ تەمكىنلىكى ۋە ئۆتكۈر پاراستىگە سىڭگەن. ئۇلار تار كەپىسىدە ياشىسىمۇ تەپەككۇرى دۇنيانى كېزىدۇ. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا چاقناپ تۇرغان دۇردانىلەر ئەسىرلەرسېرى قەلبلەردە چاقناپ تۇرىدۇ. دېمەك پاراسەتسىز قۇرۇق شۆھرەت پارقىراپ تۇرغان ئاچچىق ئالمىغا ئوخشايدۇ. بىزدىمۇ بۇنداق داۋراڭسىز دانىشلار ئاز ئەمەس. شۇنداق ئويلاپ قالىمەن، بىزدە يېزىلىۋاتقان كىتابلاردىن قانچىسى يەنە 30 يىلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىن، 50 يىلدىن كېيىنمۇ قىزغىن ئوقۇلار؟ تەلقىن قىلىنار؟

مەن ئۈرۈمچىدە ياشىغان 12 يىلدا باشقىلارغا سۈنئىي ھېجىيىپ، يالغان سالام قىلىپ، ئاغزىمدا «ئالدىراش» دەپ قويۇپ ئۆزۈمنى گوللاپ ياشىمىدىم. ھەقىقەتەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىم بولدى. شۇنداق چاغدا مېنى ئىزدىگەنلەرگە سەل ئالدىراشلىقىمنى، كېيىنچە كۆرۈشۈشنى ئېيتتىم. شۇنداق قىلىپ دوكتورلۇقۇمنى ئوقۇغاچ ئالتە كىتاب ۋە 13 پارچە تەرجىمە كىتابنى قولدىن چىقاردىم.

چوڭلار «ئۈرۈمچىگە بەرىكەت ياغقان شەھەر» دېيىشىدۇ. شەھەردە ياشاپ شۇنى بىلدىمكى، شەھەردىكى بەرىكەت دەل ۋاقىتتىكى بەرىكەتتە ئىكەن. ئەمما بەرىكەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي ياشاۋاتقانلارمۇ تالاي ئىكەن. تولا ئادەمنىڭ قارىماققا ئالدىراش ياشاۋاتقىنى ئۇلارنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتقىنى، بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ياشاۋاتقىنى ئەمەسكەن. شەھەردە شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، «بەرىكەت، رىزىق» دېگەن سۆزلەر ئۇلارنىڭ لۇغىتىدە يوق. ئۇلار ۋاقىتنى نېمەت دەپ ئەمەس، بەلكى سائەتنىڭ پىرقىراۋاتقان ئىسترېلكىسىدىن چىققان شامال دەپ چۈشىنىدۇ.

شائىر ئادىل تۇنىياز «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» ناملىق كىتابىدىكى «بازاردىكى قەلئە»، «ئۆمۈچۈك، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى» ۋە «سۇدىكى بېشارەت» قاتارلىق ماقالىلىرىدا ۋاقىتنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى، شەرق ۋە غەربنىڭ نەزەرىدىكى ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بۇ خىل پەرقنى ئېتىقادنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، فىزىكىلىق ۋاقىتنىلا چۈشىنىپ، ۋاقىتنىڭ مەنىۋى قاتلىمىنى چۈشەنمەيدىغانلارنىڭ ماددىغا دۈم چۈشكەن ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۆزگىچە نۇقتىلاردىن شەرھلەيدۇ. ۋاقىتنىڭ تۇيغۇ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئېينىشتېينمۇ قەيت قىلغان. بىرى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ھەققىدە سورىغاندا ئېينىشتېين مۇنداق دېگەنىكەن: «سەن مەشۇقۇڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا بىر سائەت بىر دەقىقىدەك بىلىنىدۇ، قىزىق مەشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرساڭ بىر دەقىقە بىر سائەتتەك بىلىنىدۇ، مانا بۇ ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكى.»

سىزنى ئالدىراشلىققا غەرق قىلىۋەتكىنى شەھەر ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىز، شۇنداقلا ئۆزىڭىزگە يۈكلىۋالغان ئاتالمىش مۇھىم ئىشلار. بەلكىم مۇھىم دەپ قارىغان ئىشىڭىزغا چېپىۋاتقان شۇ پەيتتە ھەقىقىي مۇھىم ئىش بىر ياقتا بويۇن قىسىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

ۋاقىت چىش پاستىسىغا ئوخشايدۇ. تۈگەپ قالدى دەپ ئويلىغان پاستا قۇتىسىنى ئوبدانراق سىقسىڭىز يەنە چىقىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتنىڭ ئەۋرىشىملىكى.

ئاقىل كىشى خىزمەت، دەم ئېلىش، ئۆي، باردى ـ كەلدى، سەيلى ـ ساياھەتنىڭ ھەممىسىگە يېتىشىپ، ۋاقىتنى تەڭشەپ ياشىيالايدۇ. ئاقىل كىشى ۋاقىتنى باشقىلارنىڭ رايى بويىچە تەڭشىمەيدۇ، بەلكى يۈرىكىنىڭ سوقۇشىغا تەڭشەيدۇ. ئاقىل كىشى ۋەزىپىنى تەشكىلدىن ئەمەس بەلكى ۋىجداندىن تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ۋاقىتىمىزنى چاقپەلەكتەك ھەرياندىن سوققان شاماللارغا تۇتۇپ بەرسەك، پۇشايمان ياشلىرى ئۈچ تەك ئاقارغان ساقىلىمىزنى ھۆل قىلماي قالمايدۇ.

ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى ھەققىدە توختالغىنىمدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ نادامىتى ئېسىمگە كېلىدۇ. شۇ زات ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا شۇنداق دەپتىكەن: «ئۆمرۈمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆلپەتچىلىك ئۈچۈن سەرپ بولدى دەپ ئويلايمەن. ئاشۇ ۋاقىتلارنى تېجىيەلىگەن بولسام ئالتە توملۇق ئۆمۈر ئەسلىمەمنى يېزىپ پۈتكۈزەلىگەن بولاتتىم.» مەن مۇشۇ قۇرلارنى دەسلەپ ئوقۇغاندا يۈرىكىم خېلىغىچە ئېچىشقانىدى.

بىزدە ئالتە توملۇق ئەسلىمە يازغانلار يوق. ئەسلىمىدىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»، بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، سەئىدۇللا سەيپۇللايېفنىڭ «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، سوپاخۇن سۇۋۇرۇفنىڭ «مەن كەچكەن كېچىكلەر»، ماھنۇر قاسىمنىڭ «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، غازى ئەھمەدنىڭ «ھاياتىمدىكى رەڭدار سۈرەتلەر» قاتارلىقلارنى ساناشقا بولىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇ گېپىدىن بۇ زاتنىڭ تولا قازاندا قاينىغانلىقى، تالاي ئىشنىڭ شاھىتى بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. چوڭلاردىنمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بەك جىق ئىشلارنى كۆرگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى جىق ئاڭلىدىم. مانا شۇ تارىخ ئىككى مېتىر كېپەنگە ئورىلىپ تارىخ لازىم بولمايدىغان يەرگە كەتتى. ئاقساقاللارنىڭ تارىخى قارا ساقاللارغا لازىم بولىدۇ. شەھەردە دانىشلارنىڭ زېھنى ۋە ۋاقىتنى خورىتىۋېتىدىغان ئادىمەتچىلىكنىڭ تۈرى بەك كۆپ. بىر قارىسا ھەممە ئىشىمىز داستىخانغا باغلىنىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. داستىخان بولمىسا بولمايدۇ، لېكىن داستىخان كەلسە ـ كەلمەس سېلىنسا، داستىخان بىئەتىۋار بىر پارچە لاتىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەن ئەقىدە ۋە رىشتىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان پاكىز داستىخاننى يوققا چىقارماقچى ئەمەس.

شەھەر بىزنى ئالدىراش قىلىۋەتتى دەپ ئاغرىنساق بولمايدۇ. شەھەردە نېمە گۇناھ؟ شەھەرنى ئىنسان ئۆرە قىلغان، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقمىغان. ھەرقانچە قاقشىسىڭىزمۇ تاشنىڭ ئاڭلار قۇلىقى يوق. ئەمدىكى گەپ، سالامىتىمۇ ئېرىنىپ قەستەن ئالدىراش بولۇۋالامسىز ياكى ھەقىقىي مەنىلىك ياشامسىز، تەڭشەك ئىختىيارىڭىزدا. شەھەر قاتتىق بولسىمۇ، تۇيغۇلار قېتىپ كەتمىسۇن.



# يوقلۇق يولى

**مۇھەممەدئەلى ئوبۇلتارى دىلئاچار**

مەنىسىزلىكنى ئىپادىلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئادەمدە كىملىك قارىشى يېتىلدۈرىدۇ. يەنى ئادەم مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە ئويلاشقا باشلايدۇ. ھالبۇكى، كىملىكتىن ئىبارەت بۇ تاماملانمىسىز ۋە تۇراقسىز ئۇقۇمنىڭ جەمئىيەت رېئاللىقىغا كۆز ئېچىشى ئادەمنى يوقلۇق ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. چۈنكى كىملىكنىڭ مەزمۇنى بولغان ئۆزلۈك ئادەمنى مەلۇم «مەڭگۈلۈك تۇراقلىقى»غا تۇتۇپ بەرگۈچى فورما بولۇپ، ئادەمنىڭ مەلۇم ئىدىيەگە، مەلۇم مەركەزگە ئۆمۈرلۈك قۇل بولۇپ ئۆتۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئەڭ چوڭ سەۋەبچىدۇر. ئەكسىچە، ئۆزلۈكنىڭ شەكلى بولغان كىملىك مەنىسىزلىكنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، سالاھىيەت ئىگىسىنى يوقلۇققا يېتەكلەيدۇ. دەل ئارىدا پەيدا بولغان پارادوكس (زىددىيەت) ئادەمنى يېڭى يولغا باشلايدۇ. مۇشۇ زىددىيەت داۋامىدا بىز ئاندىن ئۆزلۈك ۋە كىملىك ئويلىنىشىغا كىرىمىز. كىلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن بولغان نەۋايى (1501 - 1441) شېئىرلىرىدا ئۆزلۈكتىن قۇتۇلۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىدۇ:

فەنا يولىدا سەبۇكبار ئىستەسەڭ ئۆزنى،
ئۆزۈڭدىن ئەيلە بۇرۇن ئۆزلۈكۈڭ يۈكىن مەسلۇب.

(يوقلۇق يولىدا ئۆزنى يۈكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىزدى-سەڭ، ئۆزۈڭدىن بۇرۇن ئۆزلۈك يۈكىڭنى ئاجرىتىپ تاشلا.)




مەنمەن ئۆزلۈك يۈكىدىن ئەمدى خەلاس،
نېگەكىم قالمادى نەڭگۈ نامىم.

(ئەمدى مەن ئۆزلۈك يۈكىدىن خالاسمەن، شۇڭلاشقا مەڭگۈلۈك كىملىكىمۇ يوقالدى)

ئۆزلۈكنىڭ يۈك دەپ قارىلىشى يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ «ئۆز» گە ھەر خىل مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى، رەسمىيەت ۋە شەكىللەرنى، تۈزۈم ۋە قائىدىلەرنى بېكىتىشىدىن بولۇشى مۇمكىن. تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئۆزلۈكنىڭ يۈكلۈكى ئۇنىڭ مەركەز پەيدا قىلىشىغا بولغان نارازىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

يوقلۇققا قارشى ھالدا ئۆزلۈك مەركەزچىلىكنى ئىپادىلەيدۇ ھەم ئۆزىمۇ بىر مەركەز بولىدۇ. چۈنكى ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزلۈكى ئۈچۈن ياشاشنى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇقۇمنىڭ ئەھمىيىتى ئادەمدىنمۇ چوڭ بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۆزلۈك مەركىزىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى قانائەتلەندۈرۈشكە، بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان پرىنسىپال رامكىلار پەيدا بولۇپ، ياشامنى قورشاپ تۇرىدۇ. نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزلۈك يەنىلا بىر خىل «يەككە قاراش»نىڭ مەھسۇلىدۇر. ھالبۇكى، بىرنىلا توغرا دەيدىغان بۇ خىل «يەككە قاراش» بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدىكى خەتەرلىك ھايات قارىشىدۇر. ئادەم نوقۇللا بىر يەككە ئىدىيەنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندا، جەمئىيەت قاتماللىشىدۇ، مەسىلىلەر ھەل بولمايدۇ، مەنىگە تۇتۇلىدۇ. ئۇنداقتا ھەقىقىي ئۆزلۈك ئېڭى قانداق شەكىللىنىدۇ؟ كىلاسسىكلار ئالدىمىزدا

www.uyghurkitap.com



پەقەت بىرلا يول بار دەپ قارىغان، مودېرنىزمچىلار ئالدىمىزدا يەنە باشقا بىر يول بار دېگەن، پوستمودېرنىزىمچىلار بولسا ئالدىمىزدا سانسىز يول بار دەپ جاكارلىدى. بۇ مەسىلىگە قارىتا كىملىك ئېڭى نۇقتىسىدىن، يەنى يىمىرىلگەن كىملىك ياكى ھېچكىملىك نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلساق، بىر قەدەم ئىلگىرىلىشىمىز مۇمكىن.

ئادەم جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرە قورشاۋىغا ئېلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭدا تەبىئىيلا ئاۋۇ قورشاۋ توساقلىرىدىن قۇتۇلۇش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ، تەدرىجي كۈچىيىدۇ، ھەتتا ھەرىكەت، قىلىق شەكىللىرىگە قەدەر ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ يەردىكى مەن دەۋاتقان قورشاۋ ئادەمنىڭ تەن تەرىپىگە كېلىۋاتقان ھەر خىل ئەمگەك، خىزمەت، ئىشلەش، تىرىكچىلىك، جان بېقىش شەكىللىرىدىن باشقا، يەنە روھ تەرەپتىن كېلىۋاتقان، ئوچۇقراق دېگەندە ئاڭ دۇنياسىغا ئورۇنلىشىۋاتقان ھەر خىل ئىدىيە ئېقىمى، پىكىر ئېقىمى، كۆز قاراش، دۇنيا قاراش قاتارلىق تەرتىپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئېقىم ۋە قاراشلارنىڭ كۆپلۈكى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ساناقسىز ئاڭ مەركەزلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. مەنىسىزلىكنىڭ تۇيۇلۇشى ئادەمنى ئاشۇ ئاڭ مەركەزلىرىدىن قېچىشنى، ئۈركۈشنى پەيدا قىلىدۇ. يەنى ئادەم ئەسلى ماھىيىتىدە ھېچقانداق مەركەز بولماسلىقنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە مەركەزسىزلىك ئىدىيەسىنى ياقىلىغۇچىلاردىن ئىبارەت بىر ئېقىمداشلارنىڭ سالاھىيىتى بولغان ھېچكىملىك پەيدا بولىدۇ.

نەۋايى، چۈن ھەر ئىش قىلساڭ كېرەك پىرايەۋۇ سازى،
فەنا يولىغە كىركىم، نې كېرەك سازۇ نې پىرايە.

(نەۋايى، نېمە ئىش قىلساڭ رەسمىيەت ۋە ياخشىلىق كېرەك بولىدۇ، ھالبۇكى يوقلۇق يولىغا كىرسەڭ، رەسمىيەت ۋە ياخشىلىق ھېچقانداق كېرىكى يوقتۇر.)

نەۋايى دەۋاتقان يوقلۇق يولى ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ بېسىم، ئىسكەنجە، توساقلاردىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ۋە ئازادە ياشىشىغا بولغان تەشەببۇستۇر. يەنى ياشامغا ھېچكىملىك سالاھىيىتى بىلەن كىرىشنىڭ دەسلەپكى جاكارى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەي نەۋايى، تاشلاپ ئۆزلۈكنى فەنا يولىغە كىر،
كىم ئېرۇر ئول يولدا ئېگىنىڭگە بۇ ئاغىر يۈك بەلا.

(ئەي نەۋايى، ئۆزلۈكنى تاشلاپ، يوقلۇق يولىغا كىر، كىم يوقلۇق يولىدا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا بۇ ئېغىر يۈك بالا بولىدۇ)

دەل مۇشۇ نۇقتىدا، بىز شەرق مەدەنىيىتىدىكى لاۋزى ۋە جۇاڭزى (جۇڭگونىڭ ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرىدىكى ئىككى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى) لارنىڭ «تويىن ـ ئەردەم سۇترىسى» (道德经) لىرىدىكى «يوقلۇق» (虚无) مەزمۇنلىرى، ھىندى بۇددا مەدەنىيىتىدىكى بۇددا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ «سونياتا»، «نىرۋانا»، «سانسارا» تەلىماتى، غەرب مەدەنىيىتىدىكى سارتىر، ئالبەخلەرنىڭ «نېھىلىزىم» (Nihilism) ، «بىمەنىلىك» (Absurd) تېمىلىرى، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ «فەنا»، «بەقا» تەلىماتلىرىدا مەلۇم بىر خىل ئىدىيە ئورتاقلىقى بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. ھەممىدە بۇ خىل مەركەزسىزلىك ئىپادىلىرىنىڭ شۇ خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ھەر خىل بەلگە، جىسىم ۋە ئېتىقاد ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە پەرقلىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغىنىنىمۇ ھېس قىلىمىز. ئەلۋەتتە بۇلارنى قانداقتۇر، بىر ـ بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، كۆچۈرگەن ياكى ئىدىيە قوبۇل قىلغان دېيىشكە بولمايدۇ. بۇلارنىڭ دەۋاتقىنى مەلۇم خىل ئورتاقلىق ئارقىسىدىكى مەركەزسىزلىكنىڭ پەرقلىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىققىنىدۇر. ھەرقانداق دىن ۋە مەدەنىيەت ئەزەلدىن يوقلۇقتىن ئىبارەت بۇ پەلسەپەۋى تېمىدىن ئەگىپ ئۆتكىنى يوق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان تېمىمىز تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىدۇ، مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئۇنداقتا «ئادەم دېگەن نېمە» دېگەن ئاددىي ئەمما جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغان سوئالغا يۈزلىنىمىز. ئەگەر ئادەم «تەپەككۇر قىلالايدىغان» دېيىلگىنىدەك بولسا، ئۇ يەنە نېمىشقا بۇرۇنقى بىر كۆز قاراشنى ئەسلەش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ؟ ئەگەر «ئىجاد قىلالايدىغان» دېيىلگىنىدەك بولسا، ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا بىراقلا مەۋجۇدىيەتنىمۇ ئىجاد قىلمايدۇ. نېمىشقا ئۆلۈپ كەتمەيدىغان بولمايدۇ. نېمىشقا مەۋجۇدىيەت، ئۆلۈم، تەپەككۇر ۋە تىل ئۈستىدە دائىم مەنىسىزلىككە تۇتۇلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىككى جاۋابنىڭ ھەممىسى «ئادەم دېگەن نېمە»گە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى (ياكى خۇسۇسىيىتى) بار دېگەنگە جاۋاب بولىدۇ. ئادەم تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە بولغان ۋاقىت ئارىلىقىدا زادى نېمە قىلىشى، قانداق ياشىشى كېرەك؟

دەل مۇشۇنداق جاۋاب تۈپەيلى، ئۇي تارىخىمىزدا ھازىرغا قەدەر، ئادەمنىڭ ئۆزى مەركىزىي ئورۇننى ئالغان ھالدا پەيدا بولۇپ باقمىدى. پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات دائىرىسىدە، ئادەمنىڭ كۆرۈلۈشى مەلۇم ئۇقۇمنى ۋە مەلۇم بەلگە جىسىمنى دەستەك قىلدى، خالاس. ئادەمگە ئادىمىيلىكنى، ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغىنى زادى نېمە؟ قانداق نەرسە ئۇقۇمنىڭ ئادىمىنى

ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىكنىڭ ئادىمنى پەيدا قىلىدۇ؟

ھالبۇكى، ئويلىنىشلىرىمىز بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا، ئۆزىمىز بىلەن ئۆزگىلىرىمىز ئارىسىدا، مەۋجۇدىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل تېپىشىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەم ئۆمرىدە ئالغان ئەخلاق، تەربىيە، قانۇن، پەرھىز، ئادىمىيلىك، نوپۇز، شەرەپ، بىلىم قاتارلىقلار ئۇنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئىستەكلىرىنى قاندۇرالامدۇ؟ ئادەم ئۆمرىدە تاپقان يېمەكلىك، ئىچىملىك، تۇرالغۇ، بايلىق، كىيىم، پۇل قاتارلىقلار ھەممە نەرسىنى ھەل قىلالامدۇ؟ ئادەمنى ھاياتتىن قانائەتلەندۈرەلەمدۇ؟ ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئېرىشكەنلىرىمىز يەنىلا نۇرغۇن ئەمما قانائەتلەنمىدۇق. مەنىسىزلىك مانا مۇشۇنداق نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، ئىنچىكىلىشىدۇ. بۇ بۆلۈمنىڭ بېشىدا مەنىسىزلىكنىڭ ئادەمنى بىر يوقلۇققا باشلاپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. مەنىسىزلىك مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئادەمنى ئادەملىك سالاھىيىتىدە كۆرۈلۈشكە، ئادەملىك قىياپىتىدە، ئادەمنىڭ كىملىكىدە پەيدا بولۇشقا يېتەكلىدى، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مەنىسىزلىك يوقلۇقنى تۇيدۇرغان يۈكسەك بىر تەپەككۇرنىڭ رولىنى ئۆتىدى. ھەمدە ئادەمنى ئۆزى، ئادەملىكى توغرىسىدا ئويلىنىشقا مەجبۇرلىدى.

ئەمدى بۇ يەردە مۇشۇ يوقلۇق نۇقتىئىنەزىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى. ئۇنداقتا يوقلۇق دېگەن زادى نېمە؟ بۇنىڭغا كىلاسسىكلاردىن نەۋايى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

> دەيىن فەنا نېدۇرۇر، مۇختەسەر دەيىن: ئۆلمەك
> كى شەرھىنى تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.

(يوقلۇق دېگەن نېمە دېسەك، قىسقىلا دېسەم ئۆلمەكتۇر، ئىبراق ئۇنى شەرھلىسەڭ يۈزلىگەن رىسالىلەر پۈتىدۇ.)

نەۋايىنىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆلۈمنىڭ ئۆزى نوقۇل ھالدىكى جەسەتكە ئايلىنىشتىن پەرقلىقتۇر. چۈنكى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ بارچە ئەھمىيىتى، تۇغۇمدىن ئۆلۈمگىچە بولغان تىرىكلىدىكى ئوي ياكى تەپەككۇر ئۈستىدىدۇر. ھالبۇكى، بۇ خىل ئوي دائىم ئىنسانىنىڭ ئىككى نەرسىسى ئۈچۈن قوزغىلىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى ئۆز مەۋجۇدىيىتى ۋە ئۆز جىنسىيىتى ئۈچۈندۇر. شۇ نۇقتىدا ئايانكى، ئوي تارىخىدىكى يوقلۇق مەسىلىسىنىڭ ئاخىرقى باھانىسى ئۆلۈم ئۈچۈن بولغانلىقى بولسا كېرەك، نەۋايى بۇ يەردە يوقلۇقنى ئىنسانىنىڭ مەنىۋى ئۆلۈمى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. بۇنىڭ ئۆزى مەلۇم نۇقتىدىن فۇكاۋ (926 ـ 1984)، فىرانسىيەنىڭ بۈگۈنكى زامان پەيلاسوپى، دەۋر بۆلگۈچ مۇتەپەككۇر، ئەڭ خەتەرلىك پەيلاسوپ دەپ قارىلىدۇ) نىڭ «ئادەمنىڭ ئۆلۈمى» قارىشى بىلەن پاراللېل كېلىدۇ. دېمەك، يوقلۇق توغرىسىدىكى ئويلىنىش ھەربىر دەۋردە، ھەر خىل تىل بەلگىسى ئارقىلىق كۆرۈلىدۇ. ئەگەر نەۋايىنىڭ «فەنا شەرھى»نى ۋە فۇكاۋلارنىڭ «ئادەم ئۆلۈمى»نى كېڭەيتىپ تەپسىرلىسەك، بۇ قاراش ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ئوي ئەركىنلىكىگە چىقىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى، نەۋايىنىڭ سۇمۇرغ (مەركەز) تامام ئۇچقان قۇشلىرى ئەڭ ئاخىرى «ئۆزلۈك ئەينىكى» («كىملىك ئەينىكى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ) دە ئۆزلىرىنىڭ سۇمرۇغ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ (نەۋايى: «لىسانۇتتەير»دىن). فۇكاۋنىڭ ئادىمى بولسا «تەگرىسى ئۆلگەن» (سۇبيېكتىنىڭ يوقىلىشى)دىن كېيىن قالغان بەتبەشىرە پاكىنەك ئەمەس، بەلكى تەگرىسى (مەركەز) ئۆزىدە بولغان ئىنساندۇر (فۇكاۋ: «ئىنسانىنىڭ ئۆلۈمى»دىن). مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۆزىدىنمۇ ھالقىغان، ئۆزلۈكىنىڭ ئالىمىدىنمۇ قۇرۇقدالغان ئۆزۈكسىزلىكنىڭ ئادىمىدۇر. مەن دەۋاتقان بۇ يوقلۇقمۇ ھېچقانداق مەركەز بولماسلىقتۇر.

> ئىستەسەڭ مۈلكى بەقا سەلب قىل ئۆزلۈكنى بۇرۇن،
> كىم سۇلۇك ئىچرە فەنا ئەھلىغە بۇدۇر ئۇسلۇب.

(مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيىتىنى ئىستىسەڭ، ئەڭ بۇرۇن ئۆزلۈكتىن ھالقىغىن، ئېقىملار ئىچىدە، يولۇق يولىغان ماڭغۇچىلارغا بۇنىڭدىن باشقا ئۇسلۇب يوق)

> سەن ئۆزلۈكۈڭ يۈكىن ئەۋۋەل ئۇشاتقىل، ئەي زاھىد،
> ھەمىشە دەيرى فەنا ئەھلىن ئەتكۈچە تەكفىر.

(ئەي زاھىد، سەن ھەمىشە يوقلۇق يولىدىكىلەرگە نەسىھەت قىلغۇچە، ئاۋۋال ئۆزلۈك يۈكۈڭنى يىمىرىپ تاشلا)

يوقلۇققا ئويلىنىش ئىنسانىيەتنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق ئوي تارىخى دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ. (ئۇيغۇرلارغا كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە، ئىلاھىيەتشۇناسلىق، ئەخلاقشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى نەزمىي يول بىلەن يېزىلغانلىقى سەۋەبلىكلا ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن باھا بېرىلىپ كەلدى. شۇڭا بەزى ياشلار كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى جەھەتتىن ئىنكار قىلىشىدۇ. مەن بۇ يەردە قانداق بولۇشى توغرۇلۇق توختالمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com



توختىلىدىغىنىم ئىنسانىيەت ئوي تارىخىدىكى يوقلۇق مەسىلىسىدۇر.) بىزدە يوقلۇق ئويلىنىشى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ خاقانىيە مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس هاجىب (1086 - 1018) «قۇتادغۇبىلىك» (1069) تە ئۇدغۇرمىشتىن ئىبارەت تاغ غارىغا چىقىپ كەتكەن زاهىدنىڭ ئوبرازىنى ياراتقانىدى. ئۇدغۇرمىش ئوبرازىنىڭ ئەدەبىياتتا تۇغۇلۇشى تۇنجى قېتىم «ئادەمنىڭ ئۆز ئوبرازى» ھەققىدىكى ئۇتوپيەنىڭ ئۇيغۇرلاردا باشلىنىشى، دېيىشكە بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىب بۇ ئارقىلىق ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان «ئۇستۇن جەمئىيەت»نىڭمۇ كەمتۈكلۈكىنى كۆرسەتمەكچى بولسا كېرەك. دېمەك ئۇدغۇرمىش جەمئىيەتنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق، يوقلۇق يولىدا ئادەملىكنى، ئادىمىيلىكنىڭ ئادىمىنى ئىزدىمەكچى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ئەھمەد يەسەۋى بۇ تېمىنى ئەڭ بۇرۇن رەسمىي ئاتالغۇ بىلەن تىلغا ئالدى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھەللاجنىڭ ئۆلۈمگە بولغان كۆز قاراشلىرى ۋە «فەنا»لىق تەلىماتىنى چۈشەندۈرۈشى ئاساسىدا يوقلۇقنى چۈشەندۈرگەنىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىيەتنىڭ، دۇنيانىڭ بارلىق قۇرۇلما قورشاۋىنى تەرك ئېتىپ يەر ئاستى ئۆيگە 70 يىل بېكىنگەنىدى. نەۋايى بولسا يوقلۇقنى ئەتراپلىق شەرھلەپ، رەسمىي پەلسەپە ئاساسىنى ياراتتى دېيىشكە بولىدۇ. مەشرەپنىڭ ئۆلۈمى بولسا ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. يۇقىرىقى ئۈچ مۇتەسەۋۋۇپ شائىرنىڭ دەۋاتقان «فەنا»لىق تەلىماتى ئەمەلىيەتتە يوقلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «فەنا»نىڭ بۈگۈنكى زامان مەنىسىمۇ «يوقلۇق، ھېچنېمە بولماسلىق» دەپ ئىزاھلانغان. مۇتەسەۋۋۇپ شائىرلارنىڭ چىقىش قىلغىنىمۇ مۇشۇ نۇقتا ئىدى. مۇتەسەۋۋۇپ شائىرلار ھەتتا «ئادەم» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزىنىمۇ «ئەدەم»(يوقلۇق)دىن تۈرلەندۈرۈپ چىقارغان ئىدى. بۇنىڭغا نەۋايىنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتىنى كۆرسەك بولىدۇ:

يولى ئەدەم تەرىقىدۇرۇر زادى رەھ فەنا.
ئول زىندە دىل ھەياتى ئەبەد ۋەسلىدىن تاپار،

(يوقلۇق يولى تەرىقەتتۇر، زادى يولباشچىسى يوقلۇق بولسا، ئۇ تىرىكلىك ئىگىسىنىڭ ھاياتى مەڭگۈلۈكنىڭ ۋەسلىنى تاپىدۇ.)

دېمەك، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق بىر بەلگە جىسىم ۋە قۇرۇلما، تەرتىپ ۋە رامكا ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ئويىدىن تاشقىرى ئەمەس. بۇ ئوي فۇكاۋ (1984 ~ 1926) ۋە دېرىدا (2004 ~ 1930) لار دەۋاتقان تىل (سۆز)نىڭ ئۆزىدۇر. تەبىئەتتىكى «نەرسە»لەرگە (ماددىلارغا) قارىمۇ قارشى، پەيدا بولغان ئاڭ مۇئەسسەسگە باغلىنىشلىق ھەر قانداق ئوينىڭ، يەنى كۆزقاراش، دۇنيا قاراش، پىكىر ئېقىمى، ئىدىيە ئېقىملىرىنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ ئويلىشىدىن تاشقىرى مەۋجۇت ئەمەس. ھالبۇكى، يەككە ئادەمنىڭ ياكى يەككە گۇرۇھنىڭ قارىشى ياكى ئېقىمى ماھىيەتتە بىر ياكى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيتى ۋە ئىستىكى ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان چارىسىدۇر، ياشاش ئۇسۇلىدۇر. دېمەك، ئوي نەرسەلەرنى، ھەتتا ئادەمنى قانداق ئىشلىتىشنى لايىھەلەيدۇ. بۇنداق لايىھە ئاخىرىدا بىر ياكى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭلا مەۋجۇدىيتى ۋە جىنسىيتى ئۈچۈندۇر. ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمرىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئاخىرقى ھېسابتا مەۋجۇدىيەت ۋە جىنسىيەتتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە ئۈچۈندۇر. دەل مۇشۇ ئىككى نۇقتىدا ھەقىقىي ئادەم پەيدا بولىدۇ. بىراق مەۋجۇدىيەت ۋە جىنسىيەت ھەر بىر كىشىگە يېتىشنى، بۆلۈنۈشنى ۋە تەقسىملىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇقۇمدۇر. بۈگۈنكى جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كىلاسسىك مۇتەپەككۇرلارنىڭ يوقلۇق ئىدىيەلىرىنىڭ قانداق رېئال ئەھمىيتى بار؟ مېنىڭچە، يوقلۇق كىشىگە كۆپ خىل ئاساسلىنىش نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، پىكىر قىلىشنى ۋە ياشامنى باھالاشنى ئەسكەرتىدۇ. يوقلۇق يولىنىڭ ئەھمىيتى شۇكى، ئادەم بىر خىل مەركىزىي ئورۇندىكى ئىدىيە قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، جەمئىيەتكە ۋە تۇرمۇشقا كۆپ خىل ئىشكىلەر بىلەن كىرىشنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ يوقلۇق بىز باشتا شۇنچە كۈچەپ سۆزلەۋاتقان مەنىسىزلىكنىڭ مەنبەسىمۇ؟ يوقلۇق بىلەن مەنىسىزلىك ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ بۇ بەلكىم ھەر كىم چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر نۇقتا بولسا كېرەك، چۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن، جەمئىيەتتىن، ئائىلىدىن، ھەتتا ئۆزىدىن قانائەت تاپالمايۋاتقان، ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىسگە ئېرىشەلمەيۋاتقان ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن مۇئەييەن دەرىجىدىكى تەسەللىي ئىزدەش ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكتۇر. ئەمەلىيەتتە يوقلۇق ھەر قانداق بىر قانائەت ئىزدەش ۋە تەسەللىي قوبۇل قىلىشنى يىمىرىپ تاشلايدىغان بىلىشتۇر، يوقلۇقنى بىلىش، يوقلۇقنى ئاڭقىرىش بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئىدىيە توقۇنۇشىمىزنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشىمىزنىڭ يولى ۋە ئاساسىدۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى 2011 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# يېڭى تاراتقۇ دەۋرىدىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپى نېمىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ

زەمىرە مىجىت

## دەرسخانا كارتىنىسى (1)

بېرىلىپ دەرس سۆزلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى كۆز ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قوللىرىدىكى يانفونلىرىنى ئويناش بىلەن ئالدىراش ئىدى، بەزىلىرى قۇلاقلىرىغا تىڭشىغۇچ تىقىۋېلىپ ناخشا ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى مۇنبەردە بولغىنى بىلەن روھى باشقا بىر دۇنيادا ئەللەيلەنمەكتە ئىدى. پەقەت بىر نەچچىلا ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ سۆزلەش ياكى توختاپ قېلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى...

## دەرسخانا كارتىنىسى (2)

دەرس مەزمۇنىنى شەرھلەپ بولغان ئوقۇتقۇچى مۇھىم مەزمۇنلارنى خاتىرە قالدۇرۇۋېلىشنى ئەسكەرتتى، ئوقۇغۇچىلار دەرھال يانفونلىرىنى چىقىرىپ دوسكىدىكى مەزمۇننى سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى. بىر ئوقۇغۇچى: «مۇئەللىم، بۈگۈنكى مەزمۇننى ئۈندىدار توپىمىزغا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، كۆچۈرۈپ ئاۋارە بولغاندىن...» دېدى. ئوقۇتقۇچى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي سۈس كۈلۈمسىرىدى...

## دەرسخانا كارتىنىسى (3)

ئوقۇتقۇچى دەرس ئاخىرىدا مۇھاكىمە تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. بىر ئوقۇغۇچى دېدى: «مۇئەللىم، دەرستىن كېيىن ياتاققا كىرىپ ‹بەيدۇ›دىن ئىزدىسەكلا ھەممە مەزمۇن تېپىلىدۇ، بۇ تېمىدا توردا چوقۇم كۆپ نەرسە بار». ئوقۇتقۇچى ئامالسىز مۇھاكىمە تېمىسىنى تاپشۇرۇق قالدۇردى...

مانا بۇ ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر دەرسخانىلىرىدا كۆپ ئۇچراۋاتقان ۋە ئوقۇتقۇچىلار كۈندە كۆرۈۋاتقان كارتىنىلار.

يېڭى تاراتقۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى مائارىپقا نۇرغۇن قولايلىق ئېلىپ كەلدى، ئوقۇغۇچىلار ئېرىشىدىغان ئۇچۇر مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى، ئۇچۇر مەنبەسى موللاشتى، ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش يولى قولايلاشتى. ئوقۇغۇچىلار بىلىم دېڭىزىغا چوڭقۇرلاپ شۇڭغۇيدىغان شارائىت يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كىرىزىس تۇيغۇسى ھەسسىلەپ كۈچەيدى.



www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشىنى يانفوندىن كۆتۈرگۈزۈش، تور دۇنياسىدىن سىنىپقا، كىتاب ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىش، مەۋھۇم دۇنيادىكى ھەقىقەتلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ساختا، قايسىسىنىڭ چىن ـ ھەقىقي ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىش مائارىپتىكى يېڭى مەسىلىلەرگە ئايلاندى. ئۇنداقتا ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىڭ، سىنىپ، بور، دوسكىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟

ئىش پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئوقۇتقۇچى چىن ھېسسىياتى ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتي كۈچى بىلەن ئۆگىنىش كەيپىياتى يارىتىدۇ ۋە دەرسخانا مۇھىتىنى جانلاندۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگىتىلىرى پەقەت قېلىپلاشقان كىتابىي، نەزەرىيەۋى بىلىملەرلا بولۇپ قالماي بەلكى مول تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، ئۆزگىچە دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، ئادىمىيلىكى، خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن نەمۇنىدۇر. بۇ ھازىرقى زامان تاراتقۇلىرى ئۇچۇر ۋە بىلىم تارقىتىشتا ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغان بىر ھالەت. يەنە كېلىپ يېڭى تاراتقۇلاردىكى راست ـ يالغان ئۇچۇرلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى، زەنجىرسىمان تارقىشىنىڭ تېزلىكىدىن بەزى ئۇچۇرلارنىڭ كونتروللۇقتىن چىقىپ كېتىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە كۆرۈش نۇقتىسىنىڭ چەكلىمىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېڭى تاراتقۇلاردىكى يۈزەكىلىك، مەسئۇلىيەت چېكىدىكى ئېنىقسىزلىق، ئەستايىدىل بولماسلىقتەك ئۈچ ئەجەللىك ئاجىزلىقنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

قانداق يېتەرسىزلىكلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئۇچۇر مىقدارى كۆپ، ئىپادىلەش شەكلى رەڭدار ۋە خىلمۇ خىل، قاتنىششچانلىقى زور بولۇشتەك قولايلىقلىرى بىلەن قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىن تاللىشىغا ئايلاندى. يەر شارى ئىقتىسادى ۋە كۆپ ۋاستىلىك كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت تورى ۋەكىللىكىدىكى ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى شۈبھىسىزكى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە مائارىپقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلىشىش تەلىپىنى قويىدى. مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلى 2012 ـ يىلىدىن باشلاپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر ئىنتېر تورلىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك توردا ئېچىۋېتىلگەن دەرسلىك (Massive open online course) MOOC نى يولغا قويىدى.MOOC بىر خىل تېخىمۇ مۇكەممەل يېڭى مائارىپ ئەندىزىسى سۈپىتىدە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش قولايلىق ۋە قاتنىششچانلىقى يۇقىرى بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن نۇرغۇن ئىستۇدېنتنى جەلپ قىلدى. پەقەت بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىلا بۇخىل شەكىل يولغا قويۇلۇپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە 10 دەرسكە تىزىملىتىپ ئىنتېرنېت توردا دەرس ئۆگەنگۈچىلەر37000 گە يەتكەن. بۇ سان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەركىزىي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. ھەقىقەتەنMOOC ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى قىزىقىدىغان ھەر قانداق تېما ھەققىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ داڭلىق پىروفېسسورلىرىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ، ئۆيىدىن چىقمايلا «چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرۇش» ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بلوگ، QQ توپى قاتارلىق شەكىللەرمۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زامان، ماكاندىن ھالقىغان ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىدىغان يېڭى ئۆگىنىش شەكلىگە ئايلاندى.

يەنە نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ مىكرو بىلوگنى ئادەم تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسىگە ئايلاندۇردى. 2012 ـ يىلى دېكابىرغىچە «سىنا» تور بېكىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بلوگ يولغا قويۇلغان ئالىي مەكتەپ جۇڭگودا 835 كە يەتكەن. ئوقۇغۇچىلار بلوگ ئارقىلىق مەكتەپ ئۇچۇرلىرى، دەرس ئورۇنلاشتۇرۇش، لېكسىيە، دەرستىن سىرتقى پائالىيەت قاتارلىقلاردىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولغان ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. مەكتەپ بلوگدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش، ھېسسىيات مەسىلىلىرىدە يولۇققان تۈرلۈك قىيىنچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلىگەن ۋە ھەل قىلغان.

قىسقىسى، يېڭى تاراتقۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا زور بېسىم ئېلىپ كەلدى. داڭلىق پىروفېسسورلارنىڭ ئىنتېرنېت توردىكى جەلپكار ئوچۇق دەرسلىرى ۋە تۈرلۈك ئۇچۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلغاچقا دەرسخانىدىكى ئاددىي بايان شۇنداقلا ئاددىي ئوقۇتۇش مېتودى ئۇلارنى جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتتى. ھەممىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفونلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشىنى پارتا ئىچىگە ئەگدۈردى. ھەممىنى ئوقۇتقۇچى بىلىدىغان، ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ بەرمىسە دەرسنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتكەندەك قىلدۇ. مائارىپ يېڭى تاراتقۇلارغا دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى دەۋردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېڭى شەكىلدىكى ئوقۇتۇش مېتودى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى قايتا قۇراشتۇرۇشى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە قايتا قاراپ چىقىشى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. بەلكىم يېقىن كەلگۈسىدە «مەكتەپ» ئۇقۇمى ئاجىزلىشىشى مۇمكىن، قابىل ئوقۇتقۇچى ۋە ئېسىل دەرسنىڭ ئېنىقلىمىسىمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن.



ئۆمەر ئوسمان سەبۇرى

# خاتا ئوقۇلۇشتىن خاتا بېكىتىلىپ قالغان «مۇقەددىمە»

قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش تەييارلىغۇچىدىن ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى تىل - يېزىقىنى مۇكەممەل بىلىش، بولۇپمۇ تاۋۇش(ھەرپ)، سۆز بوغۇملىرىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسەر ئارگىنالىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، شۇ ئەسەرنىڭ تىلى، تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى مۇكەممەل ئىگەللەش، شۇ ئەسەرنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان نۇسخىلىرىنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ قايسى دەۋر ۋە قايسى ئاپتورغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرنىڭ دەۋر تەۋەلىكى ياكى مۇئەللىپىنى بېكىتىشتە خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

1986- يىلى 5 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق كىتاب نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ تېكىستتىكى تىل تاۋۇشلىرىنى ئوبدان پەرق ئەتمىگەنلىكى، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن سېلىشتۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىن تەييارلىغۇچى تېپىۋالغان 27 بەتلىك بىر تولۇقسىز قول يازمىدىكى بىر تاۋۇشنى خاتا ئوقۇپ سالغانلىقتىن ئەسەر مۇئەللىپىنى خاتا بېكىتىپ، ئوقۇرمەن ۋە بەزى تەتقىقاتچىلارنى خاتا يولغا باشلاپ قويغان. تەييارلىغۇچىنىڭ خاتا بېكىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى بولسا تۆۋەندىكى مەسنەۋىنىڭ ئاخىرقى بېيتى:

ئىمارەت سەئىدە كىم بولسا زەر فاش،
بىنا ئانىڭ ئاتى بىرلە بولۇر فاش.

بىناغە گەرچە ھەركىم بولسە بانى،
ئاتارلار بانى ئىسمى بىرلە ئانى.

ۋە لېكىن خەلق ئارا بۇ بولدى دەستۇر،
كى بولغاي بانى ئىسمى بىرلە مەستۇر.

شەھ ئاتىن چۈنكى بۇ، مەئنانى بىلدىم،
بۇ قەسىر ئايۋانى ئۈزرە سەبت قىلدىم.

ئۇلار تا چەرخ قەسرىدە يەر ئالغاي،
نۇجۇم ئايۋانى ئۈزرە ساير ئولغاي.

بۇ شاھ ئايۋانى ئۆمرىنىڭ بىناسى،
مەتىن ئولسۇن بۇ چۈككىم چەرخ ئاساسى.

قىدىر دىۋاندا ھەر لەھزە كامىن،
ھەمە مەقسۇدىغە يەتكۈزسۇن ئامىن.

يەنى، يەتتىنچى بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «قىدىر» سۆزى بولۇپ، تەييارلىغۇچى چاغاتاي ئۇيغۇر

## پىكىر جۇلاسى

www.uyghurkitap.com



يېزىقىدا «قدر» دەپ يېزىلىپ، ئەسلىدە ئۇستىدە «ئە» تاۋۇشنى ئىپادىلىگۈچى «زەبەر» بەلگىسى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «قە» تاۋۇشنى «قى» تەلەپپۇز قىلىش بىلەن مەنە خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە ئۇنى «قىدىر» دەپ ئوقۇپ، قولىدىكى تولۇقسىز «مۇقەددىمە»نى «قىدىرخان ياركەندى»گە تەۋە قىلىپ قويغان.

تەييارلىغۇچى خاتا ئوقۇۋالغان:

قىدىر دىۋاندا ھەر لەھزە كامىن،
ھەمە مەقسۇدىغە يەتكۈزسۇن ئامىن

دېگەن بۇ بېيت ئەسلى:

قەدەر دىۋاندىن ھەر لەھزە كامىن،
ھەمە مەقسۇدىغە يەتكۈرسۇن، ئامىن!

دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بېيت نەۋائىينىڭ «بىدايىئۇل ـ بىدايە» ناملىق دىۋانىدا «قەدەر دىۋاندىن ھەر لەھزە كامىن، قەزا دىلخاھىدەك يەتكۈرسۇن، ئامىن» شەكلىدە بېرىلگەن ھەمدە بۇ مۇقەددىمىنىڭ ئۆز قەلىمىگە، يەنى نەۋائىينىڭ «بىدايىئۇل ـ بىدايە» ناملىق دىۋانىغا تەۋەلىكىنى:

كام ئەيلە نەۋائىغە فەنانى، يا رەب!
چۇن بولدى سېنىڭ يولۇڭدە فاني، يا رەب!
لۇتف ئەيلە بەقايى جاۋىدانى، يا رەب!
ئۇل دەم سېن بىل، ني قىلسەڭ ئانى، يا رەب!

دېگەن رۇبائىيسى بىلەن ئىسپاتلايدۇ. ( «مۇقەددىمە»نىڭ تەييارلىغۇچىسىمۇ بۇ بىر رۇبائىينى كۆرستىدۇ ۋە كۆرستىپ تۇرۇپ، ئۇنى يەنىلا قىدىرخانغا مۇقىمداپ قويىدۇ.)

دەرۋەقە كىلاسسىكلاردىن قالغان ۋەسقە ـ قول يازمىلارنى رەتلەشتە جامائەت ئەربابى، شائىر، تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۇسۇپ ئەپەندى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئۇستازلارنىڭ بىرى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا قەدىمىي مەدەنىيەت بۇشۇكلىرىمىزدىن بىرى بولغان يەكەنگە كۆپ قېتىم كېلىپ، خەلق ئارىسىدىكى يازما يادىكارلىقلار ۋە ئاغزاكي رىۋايەتلەرنى توپلاش ئارقىلىق قىدىرخان ياركەندى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تېپىش يولىدا ئىزدەنگەن.

مەمتىمىن يۇسۇپ ئەپەندى ئاشۇ تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرى داۋامىدا خەلق ئارىسىدىن قىدىرخان ياركەندىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى توپلىغان، شۇنداقلا 1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان 27 بەتلىك بىر تولۇقسىز «مۇقەددىمە»نىڭ پارچىسىنى تاپقان ۋە ئۇنى «دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى» نامىدا شەرھلەپ، 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغانىدى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى مېنىڭ قەلبىمدىمۇ خۇددى مەمتىمىن يۇسۇپ ئەپەندى تەۋسىيە قىلغاندەك «تالانتلىق شائىر، مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان ياركەندىنىڭ ‹دىۋان قىدىرى› ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تېپىش» ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماتېرىياللارغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىر ئىستەك ئىزچىل يالقۇنلاپ كەلگەنىدى. خېلى ئىزدىنىپ كۆرگەن بولساممۇ «دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى»دىن باشقا كەڭ دائىرىلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشىش ماڭا نېسىپ بولمىدى. شۇڭا يېقىندا قىدىرخان ياشاپ ئۆتكەن دەۋرگە تەدبىقلاش ئارقىلىق بۇ بۈيۈك سەنئەتكارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىستىكى بىلەن بۇ «مۇقەددىمە»نى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. بۇ جەرياندا «مۇقەددىمە»دىكى بەزى نۇقتىلار مېنى ئويغا سالدى ۋە گۇمانلاندۇردى:

1. «مۇقەددىمە»دە مۇئەللىپ «دىۋان»نىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى توغرىسىدا توختىلىپ «... ئول چاغكى خۇراسان جەننەت نىشان تەختى گوراگانلىق راۋاجى بىرلە زىننەت ئەبزاي، ۋە گوراگانلىق پەرقىجاھانبانلىق تاجى بىرلە پەلەك پەرساي ئېردى...»(«مۇقەددىمە»نىڭ تېكىست قىسمى 2 ـ بەت) دېيىلگەن بولۇپ، مېنىڭ چۈشەنچەمدە قىدىرخان ياركەندى دىۋان تۈزگەن مەزگىللىرىدە خۇراساندا ئەمەس، سەئىدىيە خانلىقى تەسەررۇپىدىكى ياركەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشىغان، خۇراساندا ياشىمىغان. شۇنداق ئىكەن ئۇ ئۆز دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە خۇراسان پادىشاھىنى ئەمەس، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرەر ھۆكۈمدارىنى تىلغا ئېلىشى مۇقەررەر ئىدى.

2. «مۇقەددىمە»نىڭ سۆز بېشى ۋە ئاخىرقى قىسمىغا بېرىلگەن ئىزاھاتلاردا «مۇقەددىمە»دىكى:

تەبئىي دەرۋىش ئۆزى شاھ نىشان،
شاھ دەرۋىش مۇھەممەد سۇلتان.

دېگەن بېيتقا ئاساسلىنىپ، مۇئەللىپنى «دىۋان تۈزۈشكە دەۋەت قىلغان ھۆكۈمدار سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان، يەنى يۇنۇسخان بىن سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئوغلى» دەپ ھۆكۈم چىقارغان، شۇنداقلا «قىدىرخان ياركەندى سۇلتان

مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئوغلى شاھمۇھەممەد سۇلتان دەۋرىدە ياشىغان» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

بىراق مەيلى سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان ياكى ئوغلى شاھ مۇھەممەد سۇلتان بولسۇن، ھېچقايسىسى خۇراسان تەختىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئەمەس، شۇڭا «مۇقەددىمە»نىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان «خۇراسان تەختى»دىكى ھۆكۈمدارنىڭ سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «مۇقەددىمە»دە مۇئەللىپ بۇ «دىۋان»نى ياشانغان مەزگىللىرىدە تۈزگەنلىكىدىن ئېنىق بېشارەت بەرگەن. ئۇنداقتا قىدىرخان ياركەندى بۇ «دىۋان»نى شاھ مۇھەممەد سۇلتان زامانىسىدا تۈزگەن بولسا ئۇنىڭ ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا مۇقامنى رەتلەش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس(چۈنكى قىدىرخان بۇ زاماندا ھايات بولسا 80 ـ 90 ياشلارغا بېرىپ قالغان بولاتتى). ئەگەر بۇ دىۋان سەئىدخان ياكى ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا تۈزۈلگەن بولسا، بۇ ئىككى مۇبارەك زاتنىڭ بىرەرسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى، «دىۋان»نى باشقا بىر ھۆكۈمدارنىڭ نامىغا بېغىشلاش ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس.

3. «مۇقەددىمە»دە «دىۋان» تۈزۈشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ «ئالىي ھىممەتلىك شاھ»نىڭ مۇئەللىپكە شېئىرلىرىنى رەتلەپ، «دىۋان» تۈزۈشنى تاپشۇرغانلىقى قەيت قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ:

«...بۇ ئەگەشمىسە بولمايدىغان پەرمانىنىڭ بولۇشىدىن بۇ شۆك تۇرۇش توغرا بولغان بۇيرۇقىنىڭ چۇشۇشى بىلەن تۈتۈن بېشىمدىن ئاشتى، مېڭەمگە ئوت تۇتاشتى. قەلىمىم تىلى لال، تىلىم قەلىمى سۇنۇق بولدى...نە باشلاشقا قۇۋۋەت ۋە نە ئۆززە ئېيتىشقا قۇدرەت، ناھايىتى تىترىگەنلىكتىن، بەلكى چارىسىزلىقتىن بۇ بېيىتنى سۆزلەيتتىم ۋە كۆڭلۈم بۇ كۈينى كۈيلەيتتى:

نەزمە:

نەۋايى غەمگە قالدى ئۆز كالامى جان فىزاسىدىن،
ئانىڭدەككىم يېتەر بۇلبۇلغا مېھنەت ئۆز نەۋاسىدىن.»

يۇقىرىقى بايانلار ۋە مىسرالارنى كۆرۈپ، «بۇ ‹مۇقەددىمە› ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى بولغان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بىرەر شېئىرىي دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئەمەستۇ ـ ھە؟» دېگەن خىيال كۆڭلۈمدىن كەچتى. لېكىن «بەلكىم قىدىرخان ياركەندى نەۋايىنى ئۇستازى دەپ بىلگەچكە، ‹مۇقەددىمە›نىڭ مۇۋاپىق كەلگەن جايىغا نەۋايىنىڭ بۇ بېيىتىنى نەقىل قىلىپ ئالغان بولسا كېرەك»، دەپ بۇ گۇماندىن خالاس بولۇشقا تىرىشتىم.

4. «مۇقەددىمە»دە مۇئەللىپ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە زامانداش شائىرلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغاندا شەرق كلاسسىك شائىرلىرىدىن خىسراۋ دېھلەۋى ۋە خاجە(خوجا) ھافىز شىرازى، «ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ پۇسەھناسىدىن(پاساھەت ئىگىلىرىدىن)، تۈركى سۆزلەر بۇلەغاسىدىن(ۋايىغا يەتكۈزگۈچىلىرىدىن) مەۋلانا لۇتفى، مەۋلانا سەككاكى«لارنى «ئاللاھ روھىنى پاك قىلسۇن، قەبرىسى ياخشى بولسۇن، ئورنىنى جەننەتتە قىلسۇن»(«دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى» 36 ـ بەت) دەپ، ۋاپات بولغانلار قاتارىدا ئەسكە ئالغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ قارىغان، نۇرغۇن پاساھەتلىك غەزەللىرىنى مۇقاملارغا تېكىست قىلىپ ئوقۇغان ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان، ئەمما «مۇقەددىمە»دە نەۋايىنىڭ بېيىت، رۇبائىيلىرىنى نەقىل قىلىپ ئالغانلىقى مېنىڭ بۇ «مۇقەددىمە»گە بولغان گۇمانىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇ يەردە ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، مۇئەللىپ «مۇقەددىمە»دە مەشھۇر پارس شائىرى ئابدۇراھمان جامىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا «خۇدا ئۇ كىشىنىڭ ئىرشاد سايىسىنى تالىپلار ئۈستىدە ھەمىشە قىلسۇن» دەپ، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئابدۇراھمان جامى مىلادىيە 1492 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، «مۇقەددىمە»دىكى مەزمۇن بويىچە بولغاندا بۇ «دىۋان» ئابدۇراھمان جامى ھايات ۋاقتىدا، يەنى 1500 ـ يىلدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ۋەھالەنكى، «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا «قىدىرخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئىككى يىل كېيىن(يەنى مىلادىيە 1562 ـ يىلى) ۋاپات بولغان» دېيىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا قىدىرخان 100 ياشتىن ئارتۇقراق ئۆمۈر كۆرگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە مۇقاملارنى رەتلىيەلىشىمۇ ئەمەلىيەتتىن يىراق. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن بۇ «مۇقەددىمە»نى قىدىرخان ياركەندىنىڭ شېئىرىي دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئەمەس، دەپ قاراشقا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن بۇ رېئاللىققا ئىشەنگۈم كەلمەي «بەلكىم مەن خاتالاشقاندىمەن ياكى ‹مۇقەددىمە›نى نەشرگە تەييارلىغۇچى بىخەستىلىك قىلىپ بەزى جايلىرىنى كەم قويغاندۇ ۋەياكى ئەينى زاماندا كۆچۈرگەن كاتىپلار ئۆز خاھىشى بويىچە قىسمەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ قويغاندۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدىم، ئەمما بۇ خىياللىرىممۇ كۆڭلۈمدىكى گۇماننى يوققا چىقىرالمىدى.

شۇنداق تىگىرقاش ئىچىدە توساتتىن «مۇقەددىمە»نىڭ باش تەرىپىگە بېرىلگەن ئەسلى ئەسەر فاكسىمىل نۇسخىسىنىڭ 2 ـ بېتىدىكى ئۈچ پارچە رۇبائىينىڭ «مۇقەددىمە»نىڭ «تېكىست» قىسمىنىڭ ئاخىرى( 27ـ بېتى)دىكى رۇبائىيلار بىلەن ئوخشاشلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم.

كام ئەيلە نەۋايىغا فەنالى يا رەب،
چۈن بولدى سىنىڭ يولۇڭغا فانىي يا رەب.
لۇتف ئەيلە بەقايى جاۋىدانى يا رەب،
ئۆلدەم سەن بىل ھەرنە قىلساڭ ئانى يا رەب.

دېگەن رۇبائىيدىكى «نەۋايى» دېگەن سۆزنىڭ يېزىلىشى فاكسىمىل نۇسخىسىدىكىگە ئانچە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە سېلىشتۇرۇپمۇ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئېسىل تەبىئەتلىك، مول بىلىملىك پېشقەدەم يازغۇچى، شائىر، كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئابدۇقادىر سادىر ئاكىغا مۇراجىئەت قىلىپ، «مۇقەددىمە»نى تولۇق سۈرەتكە تارتىپ توردىن يوللاپ بەردىم.

ئابدۇقادىر سادىر ئاكا ئەسەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇ «مۇقەددىمە»نىڭ بىز ئويلىغاندەك «دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى» ئەمەس، بەلكى شەرەپلىك بابائى بۇزرۇكلىرىمىزدىن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «بىدايىئۇل بىدايە»(باشلىنىش ئاجايىباتلىرى) ناملىق چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى. «بىدايىئۇل بىدايە» 1466 ـ، 1482 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان 777 پارچە غەزەلدىن تەركىب تاپقان شېئىرىي دىۋان بولۇپ، كېيىنچە بۇ غەزەللەر نەۋايىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى»(مەنىلەر غەزىنىسى) ناملىق چوڭ ھەجىملىك دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن. ئابدۇقادىركام «بىدايىئۇل ـ بىدايە»نىڭ ئۆزبېكىستان پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، زىيائۇز توردا ئېلان قىلىنغان ئۆزبېك كىرىل يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ نەۋايى يازغان مۇقەددىمىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بويىچە ترانسكرىپسىيەسىنى تەييارلاپ بەردى. بۇ ئىككى ئەسەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمدە ئوخشاشلىق ناھايىتى كۆپ، پەرق بەكلا ئاز ئىدى. بۇ پەرقلەرمۇ كېيىنكى «مۇقەددىمە»نى كۆچۈرگەن كاتىپنىڭ كۆچۈرۈش داۋامىدا چالا قويۇشى، كىتابنىڭ ياخشى ساقلانماسلىقى سەۋەبىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۇستازنىڭ قول يازمىنىڭ قىسمەن جايلىرىدىكى ئۆچۈپ كەتكەن جايلىرىنى ئوقۇشقا ئامالسىز قالغانلىقى ۋەجىدىن كېلىپ چىققانىدى. بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئىككى مۇقەددىمىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «بىدايىئۇل ـ بىدايە» ناملىق شېئىرىي دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسى: «فەساھەت دىۋانىنىڭ غەزەل سەرايلەرى تەب مەخزەئەنىدىن شورىدەھال ئاشىقلەر خىرمەنى جانىگە ئوت سالغۇدەك بىر ئاتەشىن لېل نەزم سىلكىگە تارتە ئالمەغەيلەر، ئەگەر سوز دېباچەسىن ئۇل سانى جەۋاھىرى ھەمدى بىلە مۇرەسسىي قىلمەغەيلەركىم، ئىشق ئەھلىن ئالماسى لىسان شەرەفى ۋە گەۋھەرى بەيان لۇتفى بىلە ساير ئىنسانىنىڭ دۇررەتۇل ـ تاجى قىلدى...» دەپ باشلانغانىدى.

«دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى»نىڭ قول يازمىسىنىڭ بىرىنچى بېتى يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان قىسمى «مۇھەممەدكى رەسۇل ئەنجۇمدۇر ئول ئاي» دېگەن ئالتە كۇپلېتلىق مەسنەۋىدىن باشلانغان.

«بىدايىئۇل ـ بىدايە»دە بۇ مەسنەۋى قول يازمىنىڭ ئىككىنچى بېتىدىن ئورۇن ئالغان:

مۇھەممەدكىم، رۇسۇل ئەنجۇمدۇر، ئۇل ئاي،
قەيۇ ئاي، بەلكى مېھرى ئالەم ئاراي.

ۋۇجۇدىنىڭ تۇفەيلى توققۇز ئەفلاك،
بۇ دېۋا شاھىدى مەنشۇرى «لەۋلاك».

ئالىب يۈز بەرقىدىن سۈرئەت سەمەندى،
يەڭى ئاي ئۇل ئاي سەمەندى سىنەبەندى.

ستامى مەركەبى بىرجىسۇ ناھىد،
ئىكى ياندىن چەناقى ئايۇ خۇرشىد.

زەلالەت كويىنىڭ مەھزۇنلەرىغە،
جەھالەت دەشتىنىڭ مەجنۇنلەرىغە.

شەفى ئېتكىل ئانى جاۋىد، ئىلاھي،
مېنى ھەم قويمەغىل نەۋمىد، ئىلاھي.

بۇ ئىككى ئەسەردىكى مۇقەددىمىدە پەقەت «قىسامى» بىلەن «ستامى»، «جىناقى» بىلەن «چەناقى» دېگەن سۆزلەرنىڭلا ئورنى ئالمىشىپ قالغان.

«دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى»نىڭ ئىككىنچى بېتىدە مۇئەللىپ ئۆزى توغرىسىدا «بۇ فەرىشان ئەجزانىڭ ۋەرەقىنگارىنىڭ شىگىفتە ئەھۋالىنىڭ قىسسەئى جان گۈزارى، مۇھەببەت پەيمانەسىنىڭ جۇرئەچەشى، مالامەت خۇمخانەسىنىڭ سۇبۇكەشى، شەيدالىق مەھەللىسىنىڭ رەسۋاسى، ۋاپا بوستانىنىڭ داستان ساراسى، مەلامەت بۇلبۇلى، يەئنى... ئەرز قىلۇدۇركىم»(كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەچكە ئوقۇغىلى بولمىغان) دەيدۇ.

بۇ بۆلەك «بىدايىئۇل ـ بىدايە»دە مۇنداق يېزىلغان «... بۇ پەرىشان ئەجزانىڭ ۋەرەقىنگارى ۋە بۇ ئاشۇفتە

ئەۋراقىنىڭ قىسسەگۇزارى، مېھنەت پەيمانەسىنىڭ جۇرئەچەشى ۋە مەلامەت خۇمخانەسىنىڭ سەبۇكەشى، شەيدالىق مەھەللەسىنىڭ رەسۋاسى ۋە رەسۋالىق كوچەسىنىڭ شەيداسى، ۋەفا بوستانىنىڭ داستانسەرايى، مەلامەت بۇلبۇلى، يېنى نەۋايى غەفەرەللاھۇ زۇنۇبەھۇ ئەنداق ئەرز قىلۇركىم...» ۋە بۇ ئارقىلىق كىتاب مۇئەللىپىنىڭ نەۋايى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

«دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى»نىڭ 10 ـ، 11 ـ بېتىدە بېرىلگەن شېئىرلار مۇنداق:

قىتئە:

شەھكىم ۋەسفى يۈز مىڭ يىل،
تۈگەنمەس گەرچە يۈز مىڭ يىل.
بۇ ئەيتىلغانچە يۈز مىڭ يىل،
يەنە ھەر قايسى يۈز مىڭ يىل.
...
...

«بېدايىئۇل ـ بېدايە»دە مۇنداق يېزىلغان:

شەھكىم، ۋەسفى يۈز مىڭ يىل، يۈگەنمەس دېسە يۈز مىڭ يىل،
بۇ ئەيتىلغانچە يۈز مىڭ بىل، يەنە ھەر بىرنى يۈز مىڭ قىل.
كى يۈز مىڭدىن بىرى زىكر ئۇلمەغەي زىكر ئۇلسە يۈز مىڭ قەرن،
بۇ يۈز مىڭ قەرىدىن ھەم بولسە ھەر بىر لەھزە يۈز مىڭ يىل.

«دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى»نى كۆچۈرگەن كاتىپنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، نەۋايىنىڭ «بېدايىئۇل ـبېدايە»سىدىكى «تىل»، «بىل»، «قىل» دېگەن قاپىيەداش سۆزلەر پەرقلەندۈرۈلمەستىنلا، ھەممىسى بىردەك «يىل» دەپ كۆچۈرۈلۈپ، شېئىرنىڭ مەزمۇنىدا زور كەمتۈكلۈك پەيدا قىلغان، شۇنداقلا ئاخىرقى ئىككى قۇر ئۆچۈپ كەتكەچكە نەشرگە تەييارلىغۇچى ئوقۇيالماي ئورنىغا كۆپ چېكىت قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى رۇبائىيلار «دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى»دە مۇنداق كەلگەن:

رۇبائىي:

ئالىي نەسەبى بىرلە قۇۋانىب جانلار،
كۆن ـ تۈن ئىشكىن ياستىنىپ ياتقانلار.
ئاي ـ يىل قەدىمىدە باش قويۇپ خاقانلار،
خانلار يانا قۇللىغىن قىلۇر سۇلتانلار.

رۇبائىي:

گەردۇن قەدى ھۆكمى يۈكىدىن خەم بولدى،
ئاي لەمئەسى رايى نۇرىدىن كەم بولدى.
سۇلتانلىق ئاڭا گەرچە مۇسەللەم بولدى،
بۇ تۇر فەكى دەرۋىش سۈپەت ھەم بولدى.

بېيت:

بۇ يەڭلىغ يازدى ئەلقابىنى دەۋران،
كى سۇلتان ئىبنى سۇلتان، ئىبنى سۇلتان.

(خەنلە دەللاھۇ تەئالا مۇلكمۇ ۋە سۇلتانمۇ ۋە ئەفازەئەلەلئالەمنە بەررەھۇۋەئېھسانەھۇ.)

رۇبائىي:

روزى ئاڭا بارچە كام ئۇلسۇن يا رەب،
ئىقبال مەيى مادام ئۇلسۇن يا رەب،
ھەم ئىشرەتى بەرداۋام ئۇلسۇن يا رەب،
ھەم دەۋلىتى مۇستەدام ئۇلسۇن يا رەب.

يۇقىرىقى شېئىرلار نەۋايىنىڭ «بېدايىئۇل ـ بېدايە»سىدە مۇنداق يېزىلغان:

ئالىي نەسەبى بىلە قۇۋانىب خانلەر،
تۈن ـ كۈن ئىشىگىنى يەستەنىب خاقانلەر،
ئاي ـ يىل قەدەمىدە باش قويۇب قائانلەر،
جانلەر بىلە قۇللۇغىن قىلىب سۇلتانلەر.

گەردۇن قەدى ھىلمى يۈكىدىن خەم بولدى،
ئاي لەمئەسى رېيى نۇرىدىن كەم بولدى،
سۇلتانلىغ ئەڭە گەرچى مۇسەللەم بولدى،
بۇ تۇرفەكى، دەرۋېشسفەت ھەم بولدى.

بۇ يەڭلىغ يازدى ئەلقابىنى دەۋران،
كى سۇلتان ئىبنى سۇلتان ئىبنى سۇلتان —

(ئەبۇلغازىي سۇلتان ھۇسەين بەھادىرخان خەللەدەل ـ لاھۇ تەالا مۇلكەھۇ ۋە سەلتەنەھۇ ۋە ئەفازە ئەلەل ـ ئالەمىنە بىررەھۇ ۋە ئىھسانەھ)

رۇبائىي:

روزىي ئەگە بەرچە كام بولسۇن، يا رەب،
ئىقبالى مەيى مۇدام بولسۇن، يا رەب،
ھەم ئىشرەتى بەردەۋام بولسۇن، يا رەب،
ھەم دەۋلەتى مۇستەدام بولسۇن، يا رەب.

«دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى» مۇنداق رۇبائىيلار بىلەن ئاخىرلاشقان:

رۇبائىي:

ئەيب ئىستىگۈچىگە، سۆزدۇر بارچە خىلاپ،
فىرۇزەنى خەر مۇھرە دىبان ئۇرما گىزاف.
چۇن جەۋھەرنى زاھىر ئىتەر، ئەھلى مائاف،
مۇنداغ جەۋھەرغە تەگرى بەرسۇن ئىنساف.

رۇبائىي:

كام ئەيلە ناۋايىغە فىنانى، يا رەب،
چۇن بولدى سىنىڭ يولۇڭدا فانىي، يا رەب.
لۇتف ئەيلە باقايى جاۋىدانىي، يا رەب،
ئۇل دەم سەن بىل ھەرنە قىلساڭ ئانى يا رەب.

رۇبائىي:

يا رەب، چىكىبان كۆپ رەقەم جۇرمۇ گۇناھ،
نامەمنى قارا قىلدى ئۆمرۈمنى تاباھ.
رەھمەت سۇيىدىن يۇمۇساڭ ئۇل نامەنى ئاھ،
مەھشەر كۈنى نەتكەي مەنى نامە سىياھ.

«بىدايىئۇل - بىدايە»مۇ ئوخشاشلا مۇنداق ئۈچ كۇپلېت بىلەن ئاخىرلاشقان. پەقەت ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان.

ئەيب ئىستەگۈچىكى، سوزدۇر بەرچە خىلاف،
فىرۇزەنى خەرمۇھرە دىبان سۇرسە گەزاف.
چۇن جەۋھەرنى زاھىر ئىتەر، ئەيلە مۇاف،
مۇنداق جەۋھەرىيغە تىگرى بىرگەي ئىنساف.

يا رەب، چىكىبان كوپ رەقەم جۇرمۇ گۇناھ،
نامەمنى قەرا قىلدىمۇ ئۆمرۈمنى تەباھ.
رەھمەت سۇيىدىن يۇمەسەڭ ئۇل نامەنى، ئاھ،
مەھشەر كۈنى نېتكەمىن مېنى نامەسىياھ؟!

كام ئەيلە نەۋائىيغە فەنانى، يا رەب!
چۇن بولدى سىنىڭ يولىڭدە فانىي، يا رەب!
لۇتف ئەيلە بەقايى جاۋىدانىي يا رەب!
ئۇل دەم سەن بىل، نې قىلسەڭ ئانى، يا رەب!

بۇنداق ئوخشاشلىقلار كۆپ، شۇڭا داۋاملىق سېلىشتۇرۇش ھاجەتسىز، دەپ قارىدىم.

خۇلاسە شۇكى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «بىدائىيۇل - بىدايە» ناملىق شېئىرىي دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسى خاتا ھالدا «دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى» دەپ قارىلىپ قالغان. گەرچە بۇ «مۇقەددىمە» «دىۋان قىدىرى»نىڭ بولمىسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن بىز ھەرگىز شائىر، مۇقام ئۇستازى قىدىرخان ياركەندىنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ بولغانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز. پەقەت بۇ دىۋانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى، تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى، ئۇرۇش قىرغىنچىلىقلىرى، خاندانلىقلارنىڭ كۆپلەپ ئالمىشىشى نەتىجىسىدە بىزنىڭ «دىۋان قىدىرى»غا ئوخشاش نۇرغۇن قىممەتلىك مىراسلىرىمىزنىڭ خۇراپاتلىقنىڭ قۇم - بورانلىرى، نادانلىقنىڭ پاتقاقلىرى ئىچىگە كۆمۈۋېتىلگەنلىكىدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمىز. شۇنداقلا مەرھۇم تەتقىقاتچى، شائىر مەتمىن يۇسۇپ ئەپەندىگە ئوخشاش ئۇستازلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا بولغان ۋىجدانى ھەقدارلىق ۋە تارىخى مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى قەدىرلەيمىز، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ قىدىرخان ياركەندىنىڭ ئەسەرلىرىنى تېپىش، تەتقىق قىلىش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا يەنە كىلاسسىك ۋەسىقىلىرىمىزنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن شۇنى سەممىي تەلەپ قىلىمەنكى، بىز كىلاسسىك ۋەسىقىلەرنى، بولۇپمۇ شۇ ۋەسىقىلەردىكى باش - ئاخىرى يوق(يوقالغان) ئەسەرلەر، تېكىستلىرىنىڭ مەلۇم جايى يىرتىلىپ كەتكەن ياكى ئۆچۈپ كەتكەن ئەسەرلەرگە ئىنتايىن ئىنچىكىلىك، سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەرگىزمۇ قىياسەن مۇقىملاپ قويۇشتەك خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قويماسلىقنى، ئەكسىچە ئوقۇيالمىغان، ئۆچۈپ كەتكەن سۆزلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تەكشۈرۈپ توغرا تەلەپپۇزى بويىچە يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭدەك، سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي «قەدرى»نى «قىدىرى» دەپ خاتا ئوقۇۋېلىپ، ئەسەر مۇئەللىپىنى خاتا بېكىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.



# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشى ھەققىدە

ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار

پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ھاياتىدا كۆپ قىرلىق نۇقتىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى، يىرىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى روياپقا چىقارغان. ئالىم ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 20 يىل مابەينىدە، ئالىم ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق بەلگىلىك ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئالىمنىڭ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق قارىشى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىگە قارىتا باھا بېرىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش يېتەرلىك بولمىدى. ئالىمنىڭ تارىخشۇناسلىق قارىشى ھەققىدە، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى. ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقات مېتودى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر ۋە تەتقىقاتلار يوق دېيەرلىك بولدى. بۇ ماقالە ئاشۇ بوشلۇقنى ئاز - تولا تولدۇرسا ئەجەب ئەمەس.

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسەرلىرى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ، تارىخ ئىلمى، تارىخشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە دائىر قاراشلىرى ۋە تەتقىقاتلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەپلا قالماي تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىزچىللىققا ئىگە. ئۇ 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1995 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر تارىخ تەتقىقات ساھەسىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

ئالىمنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت ئۈچ پارچە كىتابى، 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى بار. ئۇلار 1955 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئاساستا يازغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا — تۇران تارىخى» (كېيىن تولۇقلاپ يازغان)، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتارلىق كىتابلىرى، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» (1956-يىلى، «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 3 - سانىدا، خەنزۇچە 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.) شۇنداقلا ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە يازغان ماقالىلىرىدىن «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود — ئۈچۈرلۇق تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلى»، ① («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1993 -يىللىق 2 -سان، ② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 -يىللىق 1 -سان)، «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى»، «مىللەتلەر تەرەققىياتى تارىخى ئويلىنىشقا موھتاج»، «ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇمچى ۋە ئۇرە قاڭقىللار» قاتارلىقلار بار.

پىكىر جۇلاسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېمەك، ئالىمنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى 1956 - يىلىدىكى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى بىلەن باشلانغان بولسا، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابى ئۇنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ تۈگەنچىسى ھېسابلىنىدۇ.

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشى

### 1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىش مەزگىلى (1950 - يىللار)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدىيەلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1950 - يىللاردا ماركسىزمنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ماركسىزملىق ئاڭ - ئىدىيەلىرىنى شۇ ۋاقىتتا يازغان ئەسەرلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1956 - يىلى يېزىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق بايانلار بار «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان جۇڭگو خەلقى سوتسىيالىزم مۇھىتىدا يېڭىچە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، كىشىلىك تەرەققىياتىغا كۆنسېرى كۆپرەك تەسىر كۆرسەتمەكتە. خەلقلەرنىڭ شۇ كۈنگىچە ياخشى يورۇتۇلمىغان تارىخىنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ خەلقلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مۇنەۋۋەر ۋە ئىلغار تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش — سوتسىيالىستىك مەزمۇندىكى مىللىي مەدەنىيەتنى ئاڭلىق يارىتىشىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرمەكتىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ماركسىزم - لېنىنىزم پىرىنسىپى ئاساسىدا ئىشلىنىشى ۋە يورۇتۇلۇشى كېرەك.[2]»

دېمەك، ئالىمنىڭ 1950 - يىللىرى يېزىلغان ئەسەرلىرىدىكى قاراشلىرى، مۇھاكىمىلىرى، تەھلىللىرىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ماركسىزملىق ئاڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تارىخ قارىشىنىڭ چوڭقۇرلىششى

تەرەققىيات باسقۇچى: (1960-يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە)

بۇ باسقۇچتا ئالىمنىڭ ئىدىيەلىرىدە ئۆزگىرىش بولغان. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان «سەۋدالىق تەئەججۇبنامىسى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق تارىخى قىسسىسى، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا — تۇران تارىخى» ناملىق تارىخقا بېغىشلانغان يىرىك ئەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «سەۋدالىق تەئەججۇبنامىسى»دا، «ئەنە چىڭگىزخان، ئۇنىڭ ئات تۇيىقى چاچراتقان چاڭ - تۇتەكلەر ئىچىدە مەدەنىيەت سەمەرىلىرى غەرق قىلىندى. ئەنە تۆمۈرلەڭ، ئەل قىلىنغان دىيارلاردىكى سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى ئۇرۇقلىرى، ئۇنىڭ مىلتىق دورىسى سەمەرقەند، بۇخارا، ھىرات، مەرۋە باغلىرىنى باراقسان قىلدى. ئەنە بابۇر، ئۇ ئۆز ئېلىدىن ۋىدالىشىپ، ئۆزگە دىيارلارغا مەدەنىيەت بوستانلىرى بەرپا قىلىشنىڭ ئۈرگىنىنى ياراتتى. ئۇلار ھەققىدە خىيال سۈرىمەن ۋە تەنتەنىسى ھەممىدىن كەمرەك بولغان بابۇرنى ئۇلۇغلايمەن[3]».

«تارىخ روھلىنىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت ئادالىتىنىڭ ئورتاق تەنتەنىسى[4]».

«قارلىق تاغ شەجەرىسى»دە:

«... ئۇنىڭدا مىڭ - مىڭ يىل ھېكايىتى بار،
ھەر ئۆركەش مىسالى بىر قىسسە، داستان.
ئوغۇزخان، ئورۇمخان، ئايچۈرەك، ماناس،
سۇغارغان خاكىڭنى ئىللىق قان.
قانچىلىك تەڭرىقۇت، تېگىنلەر قىقاس كۆتۈرگەن،
جەڭلەرگە سەن شاھىد ماكان.
نۇزۇگۇم، گۈلەمخان قىسقىسى سەندە،
سەرگەردان مەشرەپكە سەن بولغان پاناھ.
ساڭا ماڭا ئىشتىياق سالغان مىكەنبە،
قارلىق تاغ ئۆزۈڭسەن ئۈلۈمگە دەرگاھ[5]».

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دا، «ئىنسانىيەت تارىخى ھەممىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمرانلار ياكى سەلتەنەتلەر تارىخى بولماستىن، خەلق تارىخى ۋە مەدەنىيەتلەر تارىخىدىن ئىبارەت. تارىخ ھەمىشە ئۆزىنىڭ ‹ئەۋزەللىكىنى تاللاش›، ‹ھەقىقەتنى دەلىللەش›، ‹يورۇقلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش›، ‹ئىنسانىيەتنى تاۋلاش› پىرىنسىپلىرىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ كەلدى. تەكرار ئېيتىش كېرەككى، گەرچە تارىخ سەھنىسىدە ھەر قانداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، كىشىلىك تارىخ ئەقىلگە سىغدۇرۇپ بولماس ۋەقەلىكلەر بىلەن ئۆز يۈزىنى تىرنىلىۋالغان ئەسەبىي مەجنۇنغا ئوخشاپ قالغان ھالەتتە يەنە داۋام قىلدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپى يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆمۈر

قانۇنىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.⑥»

دېمەك، بۇ مەزگىلدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ خىلمۇ خىل ئېقىملارنىڭ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە قاراشلىرى مۇكەممەللىشىپ بارغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ماركسىزملىق ئىدىيەدىن سىرت، باشقا يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىملار بىلەن ئۇچراشقان. بولۇپمۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، تارىخلىرىمىزغا تئۇننغان، يىلتىز ئىزدىگەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش لازىمكى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنى سۆيىدىغان، مىللەتپەرۋەر تارىخشۇناس. ئۇز ۋەتىنىگە سادىق، ئىنسانىيەتنى ئۇلۇغلايدىغان ئىنسانپەرۋەر كىشى. ئۇنىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دېگەن كىتابىدىكى مۇھاكىمە - مۇلاھىزىلەردىنمۇ بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس.

**3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى**

تاكاموللىشىش باسقۇچى ( 1989 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە).

بۇ باسقۇچ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ خىلمۇ خىل ئىدىيەلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ قاراشلىرى پىشقان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە تەتقىقاتتا ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدىيەسىدىن باشقا يەنە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگىمۇ نەزەر ئاغدۇرغان ۋە ئۇنى ئۆگەنگەن. بۇنى ئالىمنىڭ مۇشۇ دەۋردە يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ھەتتا بەزى ماقالىلىرىدىن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ روشەن تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇددىزم پەلسەپىسى ۋە باشقا كونا - يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىملارنىڭ تەسىرىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىسالەن، 1993 - يىلى يېزىلغان «ئارىفنامە» دېگەن ماقالىسىدىن، ئالىمنىڭ پەلسەپەۋى دۇنيا قارىشىدا روشەن بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى، تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيەلەر بىلەن تويۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەردە تۆۋەندىكىدەك بايانلار بار: «دەر ھەقىقەت، ‹ئۆزلۈك› بىر سۆزلۈك ئەينەكتىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئەينىكى — ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ماھىيەتلىرى بويىچە كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى ‹كۆرۈنمەي كۆرسەتكۈچى› ئەينەك، ئۇنىڭ قىرلىرىدىن مۇقەددەس نۇر جىلۋە قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددەس نۇرىدا ‹ئۆزۈڭنى تونۇ!› دېگەن مۇقەددەس سادا جاراڭلايدۇ. ئۇ، ئىنسانلىق ھەقىقىدىكى ھەقىقىي ئۇچۇر بۇلىقى!⑦»

«ئۆزلۈك ئەينىكى — مېھراجى ئەلاكى، ئۇنىڭدا تەگرىنى كۆرسەن. ئۇ سەن، سېنىڭ ئاشىقىڭ، مەھبۇبەڭ ۋە مەقسىتىڭ، جالالىدىن رۇمى مۇنداق يازغانىدى:

> ھېچنېمە يوقكى سېنىڭدىن ئۆزگە ئالەمدە پەقەت،
> ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئېرۇر بىلسەڭ ئەبەد.

ئۆزلۈك ئەينىكى — كامىل ئىنسان قەلبىدىكى يېشىلگەن ۋەھدەتتۇر⑧».

دېمەك، ئالىمنىڭ بۇ تەسەۋۋۇپقا تويۇنغان ئىدىيەلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى تارىخ قاراشلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

**4. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ قارىشىغا باھا**

ئالىم تارىخقا باھا بەرگەندە پۈتۈنلۈك قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، پەقەت ئۆتمۈشنىلا ئەمەس، كەلگۈسىنىمۇ تارىخنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان. شۇنداقلا، ئالىمنىڭ تارىخ قارىشىدىن ئۈمىدۋارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ گۈزەللىك رەزىللىك ئۈستىدىن، ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، مەرىپەت جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، بۇ جەريانلارغا تارىخ شاھىد بولىدۇ دەپ قاراپ، تارىخقا يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنداقلا تارىخقا خىيانەت قىلىشنىڭمۇ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تارىخقا ئۆز تەتقىقات مېتودى بويىچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ، زامان - ماكان چەكلىملىرىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، تارىخقا ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، تارىخنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋقەسىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ.

ئالىمنىڭ تارىخ قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئالىمنىڭ تارىخ قاراشلىرى بارلىق ئەسەرلىرىگە خىلمۇ خىل شەكىلدە، ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن. تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە يېڭى ئۇچۇرلار مول، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر قويۇق.

ئىككىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سېلىشتۇرما تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسەرلىرىدە قوللانغان. مەسىلەن: «بىز تۇران تارىخىغا ئائىت رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ قەدىمكى چوڭ قۇرۇلۇقىنىڭ شەرقىدە — خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا، كاسپىي دېڭىز ساھىلىدا، يىراق شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار

www.uyghurkitap.com



پائالىيىتى بىلەن قىسمەن تونۇشتۇق. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قىسمەنكى، بىزگە مىلادىيەدىن ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى زاماندىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅶ - Ⅵ ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئاجايىپ تارىخنىڭ پەقەت قىسمەن، تولىمۇ ئاددىي ئۇچۇرى يېتىپ كەلگەن. بۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر قىسمى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ رىقابەتلىك يىراق تارىختىكى جەڭگىۋار تارىخى ۋە سەلتەنەت تەنتەنىلىرىدىن بىزگە خەۋەر بېرىدۇ. بۇ تارىخ تېرەن ۋە تەكرار گەۋدىلەنگەن ئۆلمەس ھېكمەتلەر بىلەن تولغان[9]».

ئۈچىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دەسلەپتە ماركسىزملىق قاراشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان، تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە ماركسىزملىق قاراش بويىچە تارىخقا باھا بەرگەن بولسىمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە، يەنى 1989 - يىلىدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىدە ماركسىزمدىن باشقا ئىدىيە، ئېقىملارنىڭ خاھىشلىرى بىلەنمۇ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئارىفنامە» ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇپقا مايىللىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

تۆتىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەزەلدىن «ئوردا - ساراي تارىخچىسى» ئەمەس، ماركسىزملىق تارىخچى، ماتېرىيالىستىك تارىخشۇناس. باشقا ئىدىيە، قاراشلارنىڭ تەسىرىگە قىسمەن ئۇچرىغان ئالىم تۈزۈلمە - كاتېگورىيەسىگە، بولۇپمۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردە مەۋجۇت بولغان سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى يۇقىرى تارىخشۇناس.

بەشىنچى، تارىخ ياكى تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئەسەرلىرىدە مەلۇم تارىخى مەسىلىگە نىسبەتەن دەلىل - ئىسپات مول بولۇپ، دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆپ خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. (بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش زۆرۈركى، ئالىم تارىخ مەپتۇنكارلىقى تۈپەيلىدىن تارىخقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن باشقا، ھەر خىل سۈرەت، ھۆججەت ۋە يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلىغان ۋە بۇلاردىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلانغان. بۇلار ئالىمنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دەلىللەش، ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان.)

مەسىلەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدىن يۇقىرىدىكى ھۆكۈممىزنىڭ پاكىتلىرىنى كۆرۈۋالايمىز.

ئالتىنچى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن باشقا ئىجادىيەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە تارىخي قىسسە، تارىخي ئوچېرك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تالانتىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ Ⅺ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق تارىخي ئوچېرىكى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق تارىخي قىسسىسى مانا شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر (يەنە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئالىم ئۆز ھاياتىدا باشتىن - ئاخىر تارىخنىڭ پايانسىز ھېكمەتلىرىگە ئاشىق بولۇپ، بىر ئۆمۈر تارىخ تېپىشماقلىرىنى تېپىش، كۆمۈلگەن تارىخي مىراسلارنى قېزىش، تارىختىكى تۈرلۈك تەبىرلەردىن جاۋاھىرات سۈزۈش بىلەن بىرگە جەريانى مۈشكۈل، تەتقىق قىلىش تەس بولغان تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىشلەشكە زېھنىنى، ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. تارىخ تەتقىقاتىغا ئاشىق ئالىم ئۆزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدىن سىرت، شېئىرلىرى، رۇبائىيلىرىدىمۇ، تارىخي پۇراقنى ئاساس قىلىپ دىيارىمىزنىڭ تارىخي ۋە تارىختا ئۆتكەن شەخسلەرنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان.) «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق تارىخي قىسسەمۇ ئاپتورنىڭ تارىخقا بولغان مەپتۇنكارلىقىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى.

## 5. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىسى

ئالىم تارىخ ۋە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىمنىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىسىنى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، «ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تارىخ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى» بۇنىڭدا، تارىخنى يېزىق بىلەن بايان قىلىش ھازىرغىچە تارىخ تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي ئۇسۇل بولۇپ كەلگەنلىكى، ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە بۇ ئۇسۇلنىڭ بىرمۇنچە نۇقسانلىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىكى، شۇڭا بۇ كونا ئۇسۇلدىن ئۇچۇرلۇق تەتقىق قىلىشتەك يېڭى ئۇسۇلغا ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

«تارىخ — ۋاقىت (زامان) كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ كەڭ مەنىدە خاتىرىگە ئايلانغان ئۆتمۈش بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان پائالىيەتتىكى رېئاللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخ — ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان رېئال ۋە راۋان ئېقىمى بولۇپ، توختىغان تارىخ ۋە ئۆتمۈشكە ئايلانمايدىغان رېئال پائالىيەت مەۋجۇت ئەمەس.

تارىخ — ئىنسانىيەتنىڭ جىسمانىي، ئىجتىمائىي، ئەقلىي

كامالەتنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. تارىخنى ئارقىغا، جاھالەتكە بۇراش مۇمكىن ئەمەس. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن، نۇرانىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى توساپ قالالايدىغان ھەرقانداق كۈچنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.»

بۇ تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە ئىچكى خاھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشىدىن ئىبارەت يېزىقنى ئۈچۈر قىلىش ئەنئەنىسىگە قارشى قويۇلغان يېڭىچە ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل بويىچە تارىخنىڭ ئۆز ئۈچۈر سىستېمىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت. بۇ مۇھىم ماددىي بۇيۇم، يېزىق ـ ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا، تارىخ ھەر خىل يېزىلىپ، ئەسلىي ئۆز ئۈچۈرى چەتتە قالغان بولىدۇ. بۇ سىماچيەن، ھېرودوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ چىنلىق، ئىلغارلىقى ئىگە. بۇ، ئۈچۈر مەنبەلىرىنى ئاساس، يېزىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

ئىككىنچى، «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش» قارىشى

ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ھادىسە، ۋەقە سۈپىتىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى ئىنسانىيەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. يېڭى قاتلامنىڭ ئۇلىنى تۈزىدۇ. ماھىيەت ۋە ئۇسلۇبتا يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىپ ساقلىنىدۇ. بىر تارىخنىڭ جېنى — بىلىش جۇغلانمىسى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قارىشى». بۇ، ھەرقايسى خەلقلەر تارىخنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە يوسۇندا ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھاسىدا چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭىچە قاراش. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشىلىكنىڭ بىردەكلىككە ئەسلا زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

دېمەك، ئالىم تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي نەتىجىلىرى، يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە ۋە شۇنداق بولۇشى تارىخى مۇقەررەرلىككە ئىگە.


پايدىلانمىلار:

① ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 57 ـ بەت.

② مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر: «مەھمۇد قەشقەرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى،195 ـ ، 196 ـ بەتلەر.

③ ④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇبنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ باسما، 170 ـ بەت، 198 ـ بەت.

⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قارلىق تاغ شەجەرىسى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.

⑥ ⑨ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـيىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 61 ـ بەت، 209 ـ بەت.

⑦ ⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـيىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 344 ـ بەت، 346 ـ بەت.


(بېشى 43 ـ بەتتە)

ئويلاپ باقايلى: ھەربىرىمىزنىڭ قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان تىرىك روھىمىز بار، تۈزۈلمىنىڭ يوق. تۈزۈلمىنىڭ بىزدىن پايدىلىنىشىغا، تۈزۈلمىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. تۈزۈلمە بىزنى ئەمەس، بىز تۈزۈلمىنى پەيدا قىلغان.

ھەرقايسىڭلارغا دېمەكچى بولغىنىم مانا مۇشۇ.

ماڭا بۇ مۇكاپاتنى بەرگىنىڭلارغا كۆپ تەشەككۈر. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىتابخانلىرىمغىمۇ مىڭ تەشەككۈر. مەن ئېرۇسالىمدىكى ئوقۇرمەنلەرگە رەھمەت ئېيتماقچىمەن، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇم پۈتۈنلەي سىلەرنىڭ كۈچۈڭلاردىن. مەن ھەممىمىزنىڭ مەلۇم بىر نەرسىدىن — ناھايىتى ئەھمىيەتلىك مەلۇم بىر نەرسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەرگە كېلىپ ھەر قايسىڭلارغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالغىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن.

(ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «چەكسىز مۇرەككەپ كەيپىيات» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىلەر توپلىمىدىن يۇسۇپجان مۇھەممەد ئەرتۇغ تەرجىمىسى)



ئەيساجان تۇردى ئاچچىق

# جەمشىت روھىنى ئىزدەش

(زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىتنىڭ «ھازىرقى جەمشىد» ناملىق ھېكايىسىگە ياندىشىما خىياللار)

ئىنسان دېگەن بەزى پىكىرلەرنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىدىكەن، ھەتتا بىر ئۆمۈر چۈشىنەلمەي ئالەمدىن كېتىدىكەن. مۇتەئەسسىپ كىشى ئۈچۈن يېڭى پىكىرلەر قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانسا كېرەك، سەن ئېشەككە پاقالان گۆشى بىلەن مانتا تۈگۈپ بەرسەڭ ئانچە ھۇزۇرلانماسلىقى مۇمكىن، چوشقىنىڭ بوينىغا قىممەت باھالىق ئالتۇن زەنجىر ئېسىپ قويساڭمۇ خۇشال بولۇپ كەتمەسلىكى ئېنىق. ھۆپۈپ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزسىمۇ بەربىر بۇلبۇل بولالمايدۇ. بىراۋنىڭ ئۇزۇن سۆزلىيەلىشى ئۇنىڭ ناتىقلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان پاساھەتلىك ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلمىغانلار ئادىمىلىك دەرۋازىسىنىڭ ئادرېسىنى تاپالمايدۇ.

مەن بەزى كېچىلەردە تۆت تامغا قاراپ «ئېسىت! بەزى يازغۇچىلارنىڭ توم - توم رومانلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئىسراپ بولغان قەغەزلەر؛ ئېسىت! ساددا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ۋاقتى؛ ھەي، تەپەككۇر نامراتلىقى چىرمىۋالغان چىدامچان يازغۇچىلار! ھەي، شېئىر يېزىشتا كالىلىسىنى ئەمەس، بارمىقىنىلا ئىشلىتىشكە كۆنۈپ كەتكەن بىچارە شائىرلار! ھەي، باش مۇھەررىرنىڭ قاچان بىرەر غەزىلى ئېلان قىلىنار، دەپ تەخمىس يېزىش تاماسىدا پاتمۇچۇقتەك ماراپ تۇرۇۋاتقان قەلەمكەش! يېقىن - يوروقلىرىنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈپ بولۇشتىن ئاۋۋال ئوبزور يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئوبزورچى! ھەي، ئۆزىدىن باشقا ھەممە كىشىنى ئىنكار قىلىشقا قەسەم ئىچكەن تەنقىدچى...»

## پىكىر جۇلاسى

دېگەندەك خىياللاشقان خىتابلارنى قىلىپ قويىمەن ھەمدە «كۆنگە نەچچە مىڭ ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان لاتا خەينىكىمۇ ئىشلەپ چىقارغان زاۋۇت ئادرېسى يېزىلىدىغۇ؟ نېمىشقا تېلېۋىزوردا بەزى ناخشىچىلار تەرىپىدىن ئوقۇلغان شېئىرلارنىڭ ئاپتورى يېزىلمايدىغاندۇ؟»، «مۇنەۋۋەر يازغۇچى مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەنلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەمدۇ ياكى مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەنلەر ئاۋانگارت يازغۇچىنى ئاپىرىدە قىلامدۇ؟»، «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇبادا باشلىق بولغان بولسا كوچىلارغا سۈرىتى چاپلىنارمىدى؟»، «بىزدە ئاتىقى چوڭ داموللامالار كۆپ، ئابدۇقادىر داموللامدەك ‹داموللا›لار يوق»، «ئازاد سۇلتان، ئىمىن ئەھمىدى ۋە ئەيبۇ ياقۇپلارنىڭ ئەدەبىيات كوچىسىدا ئاپپاق نىيەتلەر ئۈچۈن باسقان ھەربىر قەدەم ئىزلىرىدىن قىزىل گۈللەر ئۈنگەيمۇ؟!»، «ئادىل تۇنىياز ھەم غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتتەك شائىرلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىر مىللەتنىڭ شېئىرىيەتتىكى بەختى ئەمەسمۇ؟»، «باسىمخانىدىكى ھەر بىر ھۆجەيرە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، ئابدۇۋەلى ئەلى ۋە مەمتىمىن ھوشۇرلارنىڭ رومانلىرى بېسىلىۋاتقان چاغدا ئېرىشكەن خۇشاللىقلىرىنى تاكى ياسىنجان سادىق بىلەن خالىدە ئىسرائىلنىڭ رومانلىرى بەتكە تىزىلىپ زاۋۇتقا كىرگەندىلا ئاندىن قايتا بىر قېتىم تېپىۋالغان بولۇشى مۇمكىن!»، «قۇربان مامۇت ئەپەندى ژۇرنالىستلارغا تالاي قېتىم ھەقسىز ھەم ئاۋازسىز لېكسىيە سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ كۆپىنچىلىرى ئاڭلاپ بولۇپلا ئۇنتۇپ قېلىشقا ئالدىراپ كەتكەنمىدۇ؟»، «توختى باقى ئارتىشى ۋە تۇرسۇنئاي ساقىملاردىكى ساپ تەرجىمە مەسئۇلىيىتى مۇھەممەتسالىھ مەتروزى، ئوسمانجان مۇھەممەت، جاسارەت تاش قاتارلىق بىر نەچچەيلەنگىلا مىراس قالغانمىدۇ؟»، «يولدىن ئۆتكەن مۇساپىرنى كۆرۈپ قاۋايدىغان ئىتلار كۆپمىدۇ ياكى مۇساپىرنى كۆرمەي شامالنىڭ ئاۋازىنى

ئاڭلاپلا قاۋاپ كېتىدىغان ئىتلار كۆپمىدۇ؟» دېگەندەك غەلىتىرەك سوئاللىرىمنى جىمجىت كېچىلەردە يېزىق ئۈستىلىمگە ئېيتىپ بېرىمەن.

بۈگۈن بىر دوستۇمنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن تولىمۇ ئاددى ـ ساددا داۋراڭسىز ياشاپ كېلىۋاتقان، ھاياتىدا نەچچە ئون پارچىلا ھېكايە يازغان زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىدنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى ــ تەپەككۇر» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھازىرقى جەمشىت» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بۇ يازمامنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ھېكايىدە ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن بىر ئىستۇدېنتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىشتىن ھەيدىلىش جەريانىدا ئۇچرىغان قىسمەتلىرى تۇيغۇ خاتىرىسى شەكلىدە بايان قىلىنغان.(مەن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئوقۇغان كافكانىڭ «شەكىل ئۆزگىرىش خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىسىنىمۇ شۇنداقراق بىر ئىش ئاجايىپ قىزىقارلىق ھەم تەسىرلىك تۇيغۇ دېتاللىرى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھېكايە ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان.)

«ھازىرقى جەمشىت» ماڭا رېئاللىقنىڭ قايسى بىر قاسناقلىرىدا يۈز بەرگەن بەزى تىراگېدىيەلەرنى ئېسىمگە سالدى، ئەجدادلار تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان مەردلىك ۋە لەۋزىگە سادىق بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتنى غۇۋا ئەسلەتتى، يەنە ئېغىزدىن دەرھال چىقارغىلى بولمايدىغان ئاللىنېمىلەر ھەققىدە قۇلىقىمغا يەڭگىل پىچىرلاپ قويدى:

ھېكايىدە «شۇنداق قىلىپ پادىشاھى ئالەم جەمشىت ئامراق خوتۇنى مەلىكە دىلسۇزنى كەيمە تاز لەيلۇەشكە ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ... ئوغۇل بالا جەمشىت...» دېگەن ئەسلىمە بىزگە يىراق تارىختىكى پادىشاھ جەمشىتنىڭ چىرايلىق خوتۇنىنى كەيمە تاز لەيلۇەشكە ئۇتتۇرۇۋېتىپ، لەۋزىگە سادىق بولۇپ، ئەڭ ئامراق خوتۇنىنى لەيلۇەش تاز يېتىلەپ ماڭسا نامەردلىك قىلماي چىداپ تۇرغانلىقى، لەۋزىنى، رېئاللىقنى پادىشاھلىق تەختى ھەم ئامراق خوتۇنىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكىنى بىزگە غۇۋا ھېس قىلدۇرۇپ ھاياجانغا سالىدۇ. شۇنداقلا ھېكايىدىكى «مەن»نىڭ «بىر قېتىملىق شاھمات ئويۇنىدا ئىدارە باشلىقىنى ئۇتۇۋالغانلىقى سەۋەبىدىن مىڭ تەستە ئېرىشكەن خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش»تەك رېئاللىق بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. ئۆتكەن زامان پادىشاھى جەمشىت بىلەن بۈگۈنكى ئىدارە باشلىقى ئاۋازسىز سېلىشتۇرۇلىدۇ.

جەمشىت ئاشۇ چاغدا لەۋزىدىن يېنىۋالسا تامامەن بولاتتى، ھەتتا كەيمە تاز لەيلۇەشنى قانداق شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ تامامەن ھوقۇقلۇق ئىدى. بىراق ئۇ ئۇنداق نامەردلىك قىلىشنى خىيالمۇ قىلمىدى.

ھېكايىنى ئوقۇغان سەگەك كىتابخان ھېكايىنى ئوقۇپ بولۇپلا «جەمشىتنى ئىزدەش» روھىي سەپىرىگە ئاتلىنىپ گاھى تېرىكىدۇ، گاھى ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئاللاكىملەردىن گۇمانلىنىدۇ.

ھېكايىدىكى «مەن» بېشىدا بۇنى پەقەت بىر ئويۇنغۇ دەپلا قاراپ، شاھماتتا باشلىقنى ئۇتۇۋالىدۇ، بۇ ئەسلى ناھايىتى ئاددىيلا بىر ئىش، كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇنىدەكلا بىر ئويۇن ئىدى. ئەمما ئۇ ئىدارىدىكى باشقا خادىملارنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ئىدارە باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ھەم مېھمان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇتتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقا «گىرىم قىلىش»نى راۋا كۆرمەيدۇ. لېكىن رېئاللىقنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆلچەم قىلىش پاتقىقىغا پېتىپ بولغان ئىدارە باشلىقى، خىزمەتتە قابىلىيەتلىك «مەن»نى خىزمەتتىن ھەيدەشتەك تىراگېدىيەنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ خىل چىركىنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى ئىدارە باشلىقى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئىدارىدىكى پەرھات ھەم ساتتاردەك ئۇتتۇرۇپ بېرىشنى مودىغا ئايلاندۇرۇپ، باشلىقنى «مۇتلەق ئۇتۇش»قىلا كۆندۈرۈپ قويغۇچىلاردۇر.

ئۆتمۈشتىكى نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما بىراۋنىڭ مەردلىك كەچمىشى ۋە بىراۋنىڭ لەنەتلىك قىلمىشى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

نۆۋەتتە، بىر قىسىم كىشىلەر قوللانغان ۋاستىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ئىش ھەل قىلالىسا»لا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «قالتىس» ھېسابلانماقتا. ھەتتا يالغان گەپ قىلالىغان، ھىيلىگەرلىك قىلمىشى بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرالىغان باللارمۇ «ئەقىللىق» ھېسابلانماقتا ھەم بۇنداقلارغا تۈرلۈك شەكىللەردە مەدەت بېرىلمەكتە. ئاق كۆڭۈل، راست سۆزلۈك، يالغان گەپ قىلىشنى، ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشنى بىلمەيدىغان باللار بولسا بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار تەرىپىدىن تەنقىدلەنمەكتە. ساددا، لەۋزىدە تۇرۇش، يالغان سۆزلىمەسلىك، رېئاللىقا توغرا ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىش... ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالغاندەكلا... تۇيغۇلار روھىمىزنى قامال قىلماقتا. ئەمەلىيەتتە بىز باشقىلارنى ئەمەس، ھەربىرىمىز ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىمىزنى «ئىسلاھ» قىلساقلا، رېئاللىقنىڭ خىلۋەت قاسناقلىرىدا «جەمشىت روھى» چوقۇم چېچەكلەيدۇ.

بەزىلىرىمىزنىڭ كالللىسى يېڭى ھەم ساپ پىتى تۇرماقتا، چۈنكى بۇ باشلارغا يارىتىلغاندىن بۇيان ھېچقانداق يېڭى ئىدىيە قاچىلانمىغان. ۋاقىت چىقىرىپ ئەجدادلاردىن مىراس رىۋايەتلەرنى ۋاراقلاپ قويايلى! ھېچكىم «كونا نەرسىلەردە يېڭى ئىدىيە يوق» دېيەلمەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!



# ئاشىقلار دۇنيا

ئابلجان ھېيت　(ئەسلىمىدىن پارچە)

ئىلاۋە: بۇ ئەسلىمە ئاپتورنىڭ 1971 - يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، چىن ۋە سەممىي ھېس - تۇيغۇلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئاشۇ ئەسلىمىنىڭ بىر پارچىسىنى سۇندۇق.

— مۇھەررىردىن

---

1974 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھاۋا ئوچۇق.

ئاتۇش شەھىرى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن بولۇپ، ئاتۇش بوغۇزىدىن ئەسكەن سەلكىن شاماللار ئېلىپ كىرگەن ئەنجۈرنىڭ خۇش ھىدى دىماغلارنى غىدىقلاپ ئىشتىھانى ئاچاتتى. بۇ يۇرتنىڭ ھاۋا كېلىماتى بىلەن بىلەن سۈيى ئالاھىدە ئىدى، كۈندۈزى تىك چۈشكەن قۇياش نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشىدىن تاشلىرىدىن چىققان ئوت بۇ شەھەرنى ئاتەش گۈلخانىغا ئايلاندۇرسا، كېچىسى تاغ شاملىنىڭ ئەللەي ناخشىسىدا بېھىش راھىتىنى كۆرەتتى، كۈندۈزنىڭ يورۇقى كۆك ئاسماننى ئادەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە يىراقلىققا ئېلىپ كەتسە، كېچىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار قولىڭىزنى ئۇزارتسىڭىزلا يېتىدىغاندەك باش ئۈستىڭىزدىلا چاراقلاپ ياناتتى. كىچىككىنە ئېرىقلىرىدا تال تېرەكتەك تومۇلۇقتا ئېقىۋاتقان سۈزۈك، ئەركەك سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدا مۇڭمۇ، جۇشقۇنلۇقمۇ بار ئىدى. ئاشۇ سۈزۈك سۇلىرىدىن ئوچۇملاپ ئىچىدىغان بولسىڭىز يۈرىكىڭىز شۇ ھامان ئابىھايات راھىتىنى سېزەتتى، خۇددى چېچەكلىمەيلا مېۋىلەپ شېرىن تەمگە ئايلىنىدىغان ئەنجۈرنى يېگەندەك. باشقا يۇرتلاردا ھۆپپىدە چېچەكلىگىنى بىلەن چۈشكەن مېۋىسىنىڭ تايىنى يوق دەل - دەرەخلەر نۇرغۇن، ئەمما ئەنجۈرنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمەيسىز - يۇ، مېۋىسى شېخىغا پاتماي قالىدۇ. تېخى بۇنى ئاز دەپ يىلىغا ئۈچ قېتىم مېۋىلەيدۇ، يەنە كېلىپ بۇ خاسىيەتلىك، شىپالىق، پەزىلەتلىك مېۋە پەقەت ئاتۇشتىلا باراڭغا يېتىپ ئۆسۈپ، مۇرادىغا يېتىپ پىشىدۇ. كىشىلەر ئاتۇشلۇقلارنى ھەرخىل سۈپەتتە ئىزاھلىشىدۇ، مېنىڭ ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەرنى ئاشۇ ئەنجۈر دەرىخىگە ئوخشاتقۇم كېلىدۇ.

بۇ يىللاردا ئاتۇش شەھىرىدە ئىككى قەۋەتلىك بىنالار يوق، پەقەت كىنوخانىنىڭ گەۋدىسى ھەممە بىنالاردىن يوغان، ئېگىز كۆرۈنەتتى. كىنوخانا شەھەر مەركىزىدىكى ئىمارەت بولغاچقا بايراملىق رەئىس سەھنىسى كىنوخانا ئالدىغا ياسالغان، رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدى، يولنىڭ ئۇ تەرىپى مەيدان ئىدى. سائەت سەككىز بولماي تۇرۇپلا باشلىقلار رەئىس سەھنىسىنىڭ مەركىزىگە، بىز يان تەرەپتىكى قوشۇمچە سەھنىگە ئورۇنلاشتۇق، ئەتراپتا داقا - دۈمباقلار ياڭراپ تۇراتتى. ۋاقىت توشقاندا مۇراسىم باشلاندى. بىر سائەت ۋاقىت ئىچىدە قىزىلسۇ ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئېچىلىش سۆزى، تەبرىك تېلېگراممىلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، كەينىدىن داغدۇغىلىق پارات باشلاندى. بىرىنچى مەيدان خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە بېرىلگەنىدى، ئۇلار قوراللىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا مەيدىسىنى كېرىپ، شىغىللىق يوللارغا پۇتلىرىنى چىڭ ئۇرۇپ مېڭىشى ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى تولۇق ئىپادىلىدى. ئارقىدىن خەلق ئەسكەرلىرى ئۆتتى، بۇ قوشۇن ئاتلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ھەر گۇرۇپپا بىر خىل رەڭلىك ئاتلار توپىدىن ئىدى. بۇ تۆت گۇرۇپپا — ئاق قاشقىلىق قارا رەڭ ئاتلار، قوڭغۇر رەڭ، ئالاچىپار رەڭ، بوز رەڭ كەلگەن ئاتلاردىن ئىدى. ئاتلارمۇ ئادەملەردەك رەتلىك يورغىلايتتى، بۇ بىزگە ھەيۋەت تۇيۇلدى. ئارقىدىن ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ئۆتتى. ھەر قانداق نەرسىنىڭ كىچىكى ئوماق بولىدۇ، شۇ



تۇرقدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىشىمۇ چىرايلىق، قىلىقىمۇ چىرايلىق، قىيا - چىيا قىلىپ ۋارقىرىشىمۇ چىرايلىق ئىدى، ئۇلارغا چاۋاك چېلىپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئارقىدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى، يەنە تېخى دېھقانلار قوشۇنىمۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا ئاتۇشنىڭ ئاسمىنى قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن چاراسلاشقا باشلىغان، بىز كۆرۈپ ھېرىۋاتقان يەردە ئۇلار ئەلۋەتتە ھارغاندى. ئۇلارغا قاراپ ئىچىمىز ئاغرىشقا باشلىدى، چۈنكى بىزمۇ كۆپ قېتىم ئۇنداق قوشۇننىڭ ئەزاسى بولۇپ باققان، تومۇزدا، قار - يامغۇرلۇق كۈنلەردە نېپىز كۆڭلەك بىلەن ساقلىغان، ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتكەن. ھېلىمۇ ۋاقتى كەلگەندە بۇ ۋەزىپىمىز يەنە داۋاملىشاتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى پاراتتىن ئۆتۈۋاتقاندا ئىختىيارسىز نائىلغا قارىغۇم كەلدى، نائىلنىڭ ئاتا - ئانىسى كادىر ئىدى، ئاددىي ھالدا كاللامغا كەلگىنى ئۇ بۈگۈن رەئىس سەھنىسىدە، ئاتا - ئانىسى پارات قوشۇنىنىڭ قاتارىدا ئىدى. شۇ سەۋەب نائىلدا قانداق تۇيغۇنىڭ سادىر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈم بولسا كېرەك، ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچراشقاندا ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ كۆزىدە ياشنىڭ لىغىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. دەل شۇ چاغدا ئارقىمىزدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ مەريەم ناسىر ھەدىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھەي باللا بۈگۈن پارات ئەمەس، چىراي كۆرىدىغان كۈن ئىكەن - دە!

پارات ئاخىرىدىكىلەر، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ مېڭىشى بىر خىل بولغان بىلەن چىرايى ھەر خىل، روھلۇق بولۇپ، ئۇلار ئاجايىپ چىرايلار تۈركۈمىدىن ئىدى. بولۇپمۇ ئەرلىرىدىكى جەزبىدارلىق كىشىگە تەسىر قىلماي قالمايتتى. ئېگىز بوي، قاپقارا قوشۇما قاش، سەل چوڭقۇرراق كەلگەن چوڭ - چوڭ تۇيغۇن كۆز، تارتىشاڭغۇ كەلگەن قىزىلغا مايىل بۇغداي ئۆڭ، قۇش تۇمشۇقنى ئەسلىتىدىغان قاڭشار... ھەممە، ھەممىسى بەرجەس ئەركەكلىكنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. بېلىگە باغلىۋالغان بەلباغلار ئۇلارنى ھېلىلا چېلىشقا، جەڭگە چۈشۈشكە تەييار تۇرغان قاۋۇل سىياقتا كەلتۈرگەنىدى. پارات سائەت 11 دە ئاخىرلاشتى.

كەچتە ئويۇن قويدۇق، تاماشىبىنلار ئۆزلىرى ئاڭلاپ بىلگەن كۆرۈشى ھامان قىزغىن چاۋاك چالاتتى، ئىسقىرتاتتى، ئالا - چوقان كۆتۈرەتتى، بۇ خىل كەيپىيات بىزگە رىغبەت بولاتتى، ئارتىسلارمۇ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ئايىمايتتى، بار ھېسسىياتىنى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارامىغا تۆكەتتى. كۇلۇب كېچىك، ئادەم سىغىمچانلىقى ئاز بولغاچقا تەلەپكە بىنائەن ئاخىرىدىكى ئىككى مەيدان ئويۇننى يازلىق كۇلۇبتا قويدۇق، ئوخشىغان تاماقنى تالادا يېسىمۇ، ئۆيدە يېسىمۇ ئوخشاش ئىدى، پەقەت شارائىت مەسىلىسىلا مەۋجۇت ئىدى، خۇددى كۆيۈكى تۇتقان ئادەمنى نەدە كۆرسە بولۇۋەرگەنگە ئوخشاش. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئارسلان بىلەن ئۆمەك باشلىقى ھامۇت سابىت ئاكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سادىر بولغان ئازراق كۆڭۈلسىزلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا پىلان - پىلان بويىچە، پائالىيەتلەر تەرتىپ بويىچە ئۆتتى.

— يۇرتى ئاتۇش بولغان سەنئەتچىلەر، — دېگەنىدى ھامۇت سابىت ئاكا بىر كۈنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، — بىلەت لازىم بولسا تەشكىل ئارقىلىق تەلىپىڭلارنى بىز قاندۇرىمىز، لېكىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن زالغا بىلەتسىز ئادەم ئېلىپ كەلمەڭلار، بىز ئالدى بىلەن ساھىبخانىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، قائىدە - تۈزۈمگە بويسۇنۇشىمىز كېرەك.

ئارسلاننى بىر نەچچە ئاغىنىسى خىجالەت قىلدىمۇ ياكى ئارسلاننىڭ ئاغىنىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلدىمۇ ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن بەش ئاغىنىسىنى ئىشىك ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ، كۇلۇب خىزمەتچىلىرى ئارسلاننىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇلارنى كىرگۈزۈۋېتىش ئالدىدا تۇرغاندا نەق مەيدانغا ھامۇت سابىت ئاكا كېلىپ قاپتۇ ۋە بىر ئېغىز گەپ بىلەن چورت كېسىپ ئۇلارنى توسۇپ قاپتۇ. بۇنى ناھايىتى ھار ئالغان، بۇ ۋاققىچە «پاھ - پاھ»نىڭ ئۈستىدە يۈرۈپ، دېگىنىنى قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئارسلان ھامۇت ئاكىنىڭ گېپىگە ئۆكتە قوپقان بولسا كېرەك، ئۇ ئادەم تاماكىسىنى ئاچچىق شوراپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بۇنىڭغا كۆڭلىڭىز قويمىسا سىزمۇ كۇلۇبقا كىرمىسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئالدىدىكى گەپلەر ئېغىر كېلىپ تۇرغاندا بۇ گەپ ئارسلانغا ئاتتىن ئېلىپ يەرگە ئۇرغاندەك زەربە بوپتۇ. بىرىنچىدىن، ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزى تۆكۈلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قاپتۇ. ئىككىنچىدىن، ئارسلاندا يېقىندىن بېرى «مەنسىز ئۆمەك چۆرگىلىمەيدۇ» دەيدىغان يامان خاھىشنىڭ ئۇرۇقى بىخلاۋاتاتتى، شۇڭا ئازراق كېيىنىڭ سۇنغانلىقى ئەلەم بوپتۇ. كەچتە ئويۇندىن كېيىن ئارسلان بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئەلەم بىلەن سۆزلەپ بەردى، بىزنىڭ ئارسلانغا ئىچىمىز ئاغرىدى، ئەمما تۈزۈم دېگەن تۈزۈم - دە!

4- چىسلا دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. چۈشكە يېقىن مەشھەدكە مېھماندارچىلىققا قاراپ ماڭدۇق، مەقسىتىمىز ھەزسۇلتان مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئىدى. بۈگۈنكى مېھماندارچىلىق ئارسلاننىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغانىكەن. بىز ئالدى بىلەن ئۆمەك بويىچە مازارغا باردۇق. ئاتۇشنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدە بىزنى بۇ مازارغا كىرگۈزەمدۇ - كىرگۈزمەمدۇ دېگەنلەر خىيالىمىزغا كىرمەيتتى. كىرگۈزمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ جايىنى زىيارەت قىلغىنىمىز قىلغان ئىدى. ھەزسۇلتان (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان) دېسە بىزنىڭ كۆپلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلمەيتتى. پەقەت ناخشا، قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلانغان پاراڭلاردىن بۇ زاتنىڭ ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا تەپسىلاتلاردىن خەۋەرسىز ئىدى، شۇنداقلىقىغا باقماي تېخى سۈتتۇق بۇغراخان بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئىشىك باققۇچى بىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، قولۇپنى ئېچىپ قويۇپ بىر باھانە بىلەن باشقا يەرگە كەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئېنىق ئىدى، شۇنداق قىلغاندا زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيتتى. مۇھىمى ھەزرۇسۇلتاننىڭ روھى ئالدىدىمۇ، تەشكىلنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ئالدىدىمۇ يەرگە قاراپ قالمايتتى. بىز زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن چۈش ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ مېھماندارچىلىق داستىخىنىغا كىردۇق.

ئاتۇشتا كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيىنىڭ تورۇسىمۇ يوغان - يوغان گەجخا، ۋاسجۇپ قىلىپ يېپىلغان، ئېگىز ھەم ھاۋالىق ئىدى. سۇپىنىڭ ئۈستى تاملىرىدا گۈللۈك زەدىۋاللار تۇتۇلغان، مەركەز تام مەھرىپىگە تاۋار - دۇردۇندىن تىكىلگەن يوتقان - كۆرپىلەر تىزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان، تەكچىلەردە جانان چىنە، تاۋاقلار رەتلىك تىزىلغان ھالەتتە ئىدى. بۇ ئۆينىڭ بىر تەكچىسىدە «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى» پېچتى بىلەن تۇراتتى. ئۆينىڭ پېشايۋىنىدا قارلىغاچلار ۋىچىرلىشىپ سايراپ ئوينايتتى. پېشايۋاننىڭ ئاستى سۇپا، سۇپىنىڭ ئاستى تەرىپى ھويلا، ھويلىنىڭ ئۈستى تال باراڭلىرى بىلەن چۈمكەلگەن، تال بارىڭىنىڭ ئارقىسى، يول بىلەن ھويلىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تامنىڭ ئىچى ئۆستەڭ، ئۆستەڭدە ئۈچ تاشلىق تۈگمەن سۈيى گۈرۈلدەپ ئاقاتتى، سۇنىڭ سۈزۈكلىكىدىن ئېرىق ئاستىدىكى سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرالغۇنىڭ ئارقىسى بىر ئېتىزلىق باغ، باغدا ئاتۇشتا بار مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن، ھويلىدا ئولتۇرسىڭىز ئۆستەڭدىن چىققان سالقىن شامال، باغدىن كەلگەن ئەنجۈر، ئۈزۈم، شاپتۇل، غەنۇيلە، ئانار قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ مەززىلىك خۇش ھىدى بىلەن بىرلىشىپ كىشىنى مەستخۇش قىلاتتى.

بىز باغنى ئايلىنىپ چىققۇچە باغ يېمشلىرى داستىخانغا كۆچۈپ چىقىپ بولغانىكەن. ئاياللار ساراي ئۆيدىكى، ئەرلەر پېشايۋان ئاستىدىكى داستىخاننىڭ ئەتراپىغا داستىخاندىكى مېۋىلەردەك تىزىلىپ ئولتۇرۇشتۇق.

ئاتۇش خەلقىنىڭ ساھىبخانلىقتىكى شەرەندازلىقى ھەيران قالارلىق ئىدى، كۈتۈشدە ئارتۇق تەكەللۇپ، سوغۇق مېھىرمۇ يوق. داستىخان نېمەتلىرى بىر كىشىلىك خۇش قىلسا، مۇلايىم، قىزغىن، يۇمشاق گەپلىرى بىلەن ئون كىشىلىك خۇشال قىلاتتى. داستىخان ئۈستىدىكى ئەنجۈر، شاپتۇل، كۈزلۈك توغاچ، قوتۇر ئامۇتلار رەت - رىتى بىلەن تىزىلغان. پېچىلغان قوغۇن، تاۋۇزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈزۈن، قېلىنلىقى خۇددى قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشاش ئىدى. شىرمان نانلار، شەپەق رەڭ قىزىرىپ پىشقان گىردىلەر ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى. بۇ چاغلاردا قەنت، ناۋات، شېكەر دېگەنلەر بېلەتلىك، دورىلىق ئورنىدا ئىشلىتىشكە ئاران يېتەتتى. نوكچا ناۋاتلار، قەندەللەردىكى قەنت، مىس ئەتلىك مۇراببا قاچىلىرىدىكى مۇراببالار خۇرۇچى خۇرۇچ، سۈيى سۇ پېتى ئىشتىھانى تارتىپ تۇراتتى. پىيالىدىكى چايلارمۇ پىيالىنىڭ قانداق يېرىدىن قۇيۇلۇشى، قانچىلىك قويۇلۇشى كېرەك دېگەنلەرنى ئۆگەتكەچ، پەتنۇسلاردىن ئاۋاز چىقارماي قولىمىزغا كېلىپ توختايتتى. چايدىن كېيىن داستىخانغا دەسلەپ ئۆگرە ئاش كىردى، ئاش كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ نازىنىنلارنىڭ خۇش ھىدىدەك پۇرىقى دىمىغىمىزنى غىدىقلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۆگرە خام قىيملىق بولۇپ، يۈزىدىكى ئەتنىڭ شورپىسى كۆل چېھرىدىكى ئاينىڭ شولىسىدەك ئوينايتتى. كۆپكۆك ئاشكۆكى ئاشنىڭ ئۈستىدە ئەگىيتتى. ئۆگرىدىن كېيىن پېتىر مانتا تارتىلدى، جانان تاۋاقلار ئۈستىگە چاك باستۇرۇپ تىزىلغان پېتىر مانتىلار تىنىمسىز تىترەيتتى، ئۇ تىترەكلەر سوغۇقتىن تىترىگەن تەننىڭ تىترىكى بولماستىن، بەلكى ئاشىق يىگىتنىڭ جانانى ئالدىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىكىگە ئوخشايتتى. مانتىلارنى دىققەت بىلەن ئېغىزغا ئالمىسىڭىز ئۇنىڭ ئىچىدىن شۇررىدە قىلىپ تۆكۈلگەن شورپىسىدىن لەۋ - تاماقلىرىڭىزنى كۆيدۈرۈۋېلىشىڭىز تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇگۈنكى تۈگۈلگەن مانتىلاردىن ئاز دېگەندە ئىككى، بولمىسا ئۈچ قوشۇق شورپا تۆكۈلمىسە ئۇنداق مانتىلار ئاتۇشلۇقلارغا مانتا ھېسابلانمايتتى. ساھىبخانىنىڭ نام - شەرىپى رىشتەم، ئايالىنىڭ ئىسمى جەمىلىخان ئىدى. رىشتەمكاملار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مانتىپەزلىك بىلەن شۇغۇللانغان دۆكە ئاشپەزلەردىن ئىكەن. بىز ھويلىغا كىرگەندە رىشتەمكامنىڭ مۇبارەك ئاغزى تەبرىك سۆزلىرى بىلەن ئېچىلغانىدى، قوي سويۇلۇپ، ئۆگرە، مانتىلار داستىخانغا كىرگۈچە ئاغزى بېسىقماي يۇقىرى ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق لاتاپەت مېھمانلارغا ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزغىنلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاماق تەييارلاش، مېھمان كۈتۈشكە يارىدەملىشىۋاتقان ھەقەمسايىلىرىگە كۆرسەتمىلىك رول ئوينايتتى، ئۇلارغا ئوچۇق تەرزدە مانى قىل، ئاۋۇنى قىلما ياكى بولمىسا ئانى مۇنداق قىلساڭ بولىدۇ، دېيىش كەتمەيتتى، ئۆزىنىڭ تىللىرىنى ئۆزلىرى بىلىشەتتى.

مانتىنىڭ ئاخىرى چۈشمەي تۇرۇپ تاۋاق - تاۋاقلاردا گۆش كىردى. ئاتۇش قويلىرى تۇز يالاپ، قۇرۇق ئوت يەپ چوڭ بولغاچقا گۆشلىرى تاتلىق، مەززىلىك ئىدى. ئاتۇشنىڭ ئىچىدىغان سۇلىرىمۇ باشقا يۇرتلارنىڭكىگە قارىغاندا سەل - پەل تۇزلۇقراق كېلىدۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن قۇرغاق يەرنىڭ

ھەممە نېمىسى تاتلىق بولىدۇ. گۆش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ھايال ئۆتمەي داۋۇتكام تەلەپ - تەكەللۇپسىزلا راۋابنى ئېلىپ «تاشۋاي»غا چېلىشقا باشلىدى. ئۈچ ئېغىز ئۆيدىكى مېھمانلار، ساھىبخانىلار بولۇپ ئاتمىشقا يېقىن سۆھبەتداش بىر تىنىقتا نەپەس ئېلىۋاتاتتى. پۈتۈن زېھىن راۋابقا مەركەزلەشكەن، ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرۈپ مېھمان كۈتۈۋاتقان ساھىبخانىلارمۇ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ئۆرە تۇرغىنى ئۆرە تۇرغان پېتى جىمجىت ھالەتتە تۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلايتتى، چوڭراق تىنىقمۇ يوق ئىدى. بىرلىرىنىڭ كۆزلىرى قىسىلغان، بىرلىرىنىڭ بېشى ئۇدارغا ئەگىشىپ ئىككى تەرەپكە تاسقالسا، يەنە بىرلىرىنىڭ لەۋلىرى يەڭگىل چىشلەنگەن، تەنلىرى تۈگۈلگەن ھالەتتە كۈيگە دوست تارتىشاتتى.

بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتا مەھەللە چوڭلىرىدىن روزى داۋۇت ئاكا، مىرئەھمەد سېيت ئاكىلارمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. روزى داۋۇت ئاكا يۇرت ئىچىدە قىزىق پاراڭچى ئاتالغان ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى. بۇ كىشى ئىلى قىزىقچىلىرىغا ئوخشاش چاقچاقچى بولمىسىمۇ، تېگى بار، مەنىسى چوڭقۇر ھېكمەتلىرى بىلەن ئادەمنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇپ قوياتتى. روزى داۋۇت ئاكىنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ئادىتى بار بولۇپ، ھەرقانداق چاغدا بىر تۇتام پۇل سول قولىدا چىڭ سىقىمداقلىق ھالەتتە تۇرىدىكەن، قانداقلا ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ قولى باشقا ئىشقا ئىشلىتىلمەستىن، پۇلنى سىقىمداپ تۇرغىنى تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى ئاتۇشلۇقلاردىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ قولىدا پۇل سىقىمداقلىق ئىدى، ئارسلان نەغمە توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىلىقتىن گەپ چىقارماق بولۇپ روزى داۋۇت ئاكىدىن سورىدى.

— روزىكا، قولىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟

— جان!

ھەممىمىز پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— نېمە؟ — ئارسلان ئاسماقچىلاپ سورىدى.

— ئۇكاماۋا، جان دېدىمغۇ، جان! — روزى داۋۇت ئاكا ئارسلاننى مەنىستمىگەن قىياپەتتە يانغا قارىدى.

— سىزنى دائىم پۇل سىقىمداپ يۈرىدۇ، دەيدىكەن. راستمۇ؟

— نېمە دەيدىغاندۇ ما بالا مېڭەمنى قايدۇرۇپ، جاننى دېگەننى باشقا بىر يەرگە قويۇپ قويغىلى بولامدىكەن؟

— سىز ئۇچۇن پۇل جان بىلەن ئوخشاش بولسا بازارغا بارماي بۇ يەرگە كەپسىزغۇ؟

— بۇ يەردىكىسى ھايات!

— بازار بىلەن ھاياتنىڭ نېمە پەرقى بار؟

— بازاردا جان تالىشىمىز، بۇ يەردە ھايات تالىشىمىز.

— قاچاندىن بېرى پۇل سىقىمداپ يۈرۈشنى ئادەت قىلىۋالغانىدىڭىز؟

— تۇغۇلسام قولۇمدا پۇل بار ئىكەن.

ئارسلاننىڭ چىرايىغا شەيتانلىق ياماشتى، ئۇ ياندۇرۇپ سورىدى.

— كۈندۈزىغۇ ماقۇل، كېچىسى پۇلىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟

— ئۇنى خانىئاچاڭدىن سوراپ باق!

ئۆيدە قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى چاۋاك چېلىپ، بىر - بىرىنى مۇشتلاپ كۈلۈپ، يەكەندازنىڭ ئۈستىدە دومىلاپ كېتىشتى.

كۈلكە كۈلكىگە ئۇلاشتى. شۇ ئارىلىقتا سۈپىنىڭ بىر چېتىدە رىشتەمكام پەيدا بولدى، بۇ ئادەم قاچان ئۆزىنى تۈزەپ بولغانىكىن تاڭ، بايىقى ئىش ئۈستىدىكى كىيىملىرى يېڭىغا ئالماشتۇرۇلۇپ، راۋۇرۇس بىر يىگىتكە ئايلانغانىدى، ئۆزى چىلىگە كەيىپ ئىدى.

رىشتەمكام ئۆزىگە كەلگەن بىر پىيالىگە يەنە بىر پىيالىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا دۇتتارنى قوشۇپ داۋۇت راۋابقا تەڭلىدى. داۋۇتكام ئورنىدىن تۇرۇپ رىشتەمكامغا رەھمەت بىلدۈردى ۋە پىيالىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، دۇتتارنى مىرئەھمەد سېيت ئاكىغا سۇندى. مىرئەھمەد سېيت ئاكىنىڭ ئۆزرىسى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ ئارتىسلارنىڭ چالغان چاۋىكى بىلەن دۇتتارنى قولىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

مىرئەھمەد سېيت 1920 - يىلى ئاتۇش شەھرى سۇنتاغ يېزا مەشھەد كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1930 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە ساۋات چىقىرىش مەكتىپىدە ئوقۇغان. دادىسى سېيت ھاجىم ئۆز دەۋرىدىكى يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، مىرئەھمەد 14 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1934 - يىلىنىڭ بېشىدا مەمتىلى ئەپەندى(تەۋپىق) ئاچقان يېڭى پەننى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1939 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ يىللىق ئوقۇشى تاماملانغاندىن كېيىن تاكى 1949 - يىلغىچە ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىدە، ۋىلايەتلىك سانائىي نەفىسەدە، قەشقەر شەھەرلىك ئوردا ئىشكى باشلانغۇچ مەكتىپىدە كېيىن ئاتۇش ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى مەشھەد باشلانغۇچ مەكتىپىدە، ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىدە ۋە ناھىيەلىك سانائىي نەفىسەدە بۆلۈم ئەزاسى، سەنئەتچى، ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەۋاتاتتى. مىرئەھمەد سېيت ئاكا تىلغا قادىر، ئىشقا ماھىر كىشى ئىدى. سەنئەت جەھەتتە 1950 - يىللىرىنىڭ ئالدى -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەيىندە ئوينالغان «غېرىب ـ سەنەم»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «سامساق ئاكام قايىنايدۇ» قاتارلىق دىراما، ئوپېرالاردا باش رول ئېلىپ، سەنئەت تالانتىنى نامايان قىلغان. بىر نەچچە ئۇسسۇل، لەپەرلەرگە رېژىسسورلۇق قىلىپ، ناخشىلارنى ئىشلەپ ئاتۇش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەندىن كېيىن 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، دۇتار، تەمبۇر بىلەن ئورۇنلاپ، لېنتىغا ئېلىپ خاتىرە قالدۇرغان ھەمدە ئابلەق ئاۋامۇسلىمغا نوتىغا ئالدۇرۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ 5 ـ كىتابى «ئاتۇش خەلق ناخشىلىرى»نى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا «مەردانە»، «ۋەتەن سۆيگۈسى»، «دۇتارىم»، «ئەزجۇر پىشقان چاغلاردا»، «ئېگىز تاغدا جەرەنلەر»، «باھار ساداسى»، «دۇتتار كۈيى» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا قەلەم ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى مەمتىلى ئەپەندى»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي ۋە ھازىرقى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەر»، «سىيت ساتارچى (ئەلنەغمە)نىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»، «ئەمەت داموللا لەتىپىلىرى»، «ئاتۇش ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى توغرىسىدا»، «بەكرى داموللامنىڭ تارىخى غەزەل ـ مۇخەممەسلىرى»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 23 ـ مارت ئەنئەنىۋى نەۋرۇز بايرىمى»، «ئاتۇش مەشرىپى»، «ئاتۇش مەشھەد ساچىيە مەدرىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلارنى يازغان. مىرئەھمەد سىيتنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى سەھىپىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئۆلمەس ئەمگەكلىرىنىڭ بىرى ـ ئۇ ئىجاد قىلغان «بۇغرا» مۇقام مۇزىكا ئەسىرىدۇر. بۇ مۇقام چوڭ نەغمە (مۇقەددىمە تەئەزە، نۇسخا، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، جۇلا ھەم مەرغۇللىرى)، داستان (يەتتە داستان ھەم مەرغۇللىرى)، مەشرەپ (تۆت ئۆزگۈرۈشلۈك) ئۈچ چوڭ قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەخمىنەن بىر سائەت، قىرىق مىنۇت ئەتراپىدا داۋام قىلىدۇ. ناتونۇش خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلار ئاساسىدا ئىجاد قىلغان. بۇ مۇقامنىڭ كۆپ قىسىم تېكىستلىرى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندىمنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تېكىستلەشتۈرۈلگەن ئىدى.

دۇتاردىن چىققان سادا ھەممىمىزنى ئۆزىگە رام قىلدى، دۇتار دانىمۇ دانە، يەڭگىل ئۈن بېرىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر بوغۇم پەدىلىرىدىن لىرىك، مۇڭلۇق «بۇغرا» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى يۈرەككە سىرغىپ كىرىشكە باشلىدى. مۇقەددىمە تېكىستىنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يېزىپ بەرگەندى.

ئېلىپ قولغا ساتارىمنى، چالاي بۇغرامغا نەغمەمنى،
ئاڭا دىل رىشتىسىدىن سايرىتاي مەن زىرۇ ھەمبەمنى.
بولۇپ يانغىن ۋىسالىدا يۈرەككە ئاتەشىنىڭ چۈشتى،
مۇقامىمۇ بۇغرىغا شۇدەم قىلىپ مەستانە ھەردەمنى.
كۆزۈم ياشى توپان گويا ئۇنىڭ ھەر قەترى بىر دەريا،
بۇلاقلاردەك ئاڭا ئىلھام ئاتا قىلغاچقا نەزمەمنى.
سېغىندىن ئىشتىياقىڭدىن چىقىپ ئاستانە خاكىڭگە،
ئىگىلدىم قەۋرىگازىڭگە قېلىپ گۈلخانە ستەمنى.
كۆرۈندى قامىتىڭ قۇتلۇق بەھەيۋەت سۆزلىرىڭ ئوتلۇق،
تەسەۋۋۇر قىلمىغىم زوقلۇق قىلىپ تەرك مىلك تۇمەن غەمنى.
ساتارىم تارىغا باغرىم يېقىپ يىلغار كامالچەم ھەم،
مۇقامىمۇ ئەۋجىگە چىللاپ مېنىڭ شۇ تاپتا بەزمەمنى.
تەسەددۇق ھەزرىتى سۇلتان خالايىق قەلبىدە داستان،
ئادا قىلماق ساڭا ئېھسان مۇقام سازىغا تۆھپەمنى.
قېنى ساقى قەدەھ كەلتۈر ماڭا ھەم ئەھلى مەشرەپكە،
شارابىڭ قۇتىدىن تاپسا ئەجەبمۇ نەغمە كۆركەمنى.

مىرئەھمەد سىيت ئاكىنىڭ كۆزلىرى دەم يۇمۇلۇپ، دەم يېرىم ئېچىلاتتى، تېكىستتىكى «كۆرۈندى قامىتىڭ قۇتلۇق، بەھەيۋەت سۆزلىرىڭ ئوتلۇق» دېگەن يەرلىرىنى ئېيتقاندا چىرايى باھار ئاپتىپىدەك نۇرلانسا، «ساتارىم تارىغا باغرىم يېقىپ يىغلار كامالچەم ھەم» دېگەن يەرلىرىدە تېنى كۆز ياپراقلىرىدەك تىترەيتتى.

دۇتار مۇقەددىمىدىن كېيىنلا مەشرەپكە ئاتلىدى، بۇ ئولتۇرۇشنىڭ تەلىپى، سورۇندىكىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئىدى.

چېلىنىۋاتقان پەدە مەشرەپنىڭ بىرىنچى ئۆزگىرىشى بولۇپ، تېكىستى كومپوزىتورنىڭ ئۆزىنىڭ يازغان شېئىرى ئىدى:

خۇش تەبەسسۇم كۈلسە يارىم قىلىپ تاقىمادىمەن،
جىلۋە قىپ مەيلىمنى ئالسا قەن بىلىپ چاقىمادىمەن.
ئاي دېسەم ئايدىن گۈزەل يارىم يۈزىدە خالى بار،
خالىدا تۇرسا مۇرادىم مەن سۆيۈپ باقمادىمەن.

ئاي تولۇپ چىققاندا ئاسمان يەر يۈزى ئايدىڭ قۇچار،
شۇ تولۇن ئاينىڭ يۈزىدىن نۇر ئىمىپ قانمادىمەن.
يار جامالى ماھدۇر چولپانمۇ ھەم ئۇندىن خىجىل،
ئاشۇ نۇر يۈزلۈك نىگارغا جۆر بولۇپ ماڭمادىمەن.

دۇتار مەشرەپ پەدىسىگە سايراشقا باشلىغاندا مەريەم ناسىر ھەدە ئولتۇرغان جايىدىلا دائىرىلىك ئورنىدىن تۇرماي ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە ئايالار چۇقان سېلىپ كىچىك دائىرىلىك مەيدان ھازىرلىدى. بۇنىڭ تەسىرى سىرتتا

ئولتۇرغان ئەرلەرگە تۇتاشتى. قىيا ـ چىيا ئىچىدە ئارسلان سارايىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ مەريەم ھەدەمنى ھويلىغا تەكلىپ قىلىپ چىقتى، ھويلىدا ئۇسسۇل باشلاندى، ئاتۇشلۇقلار باشقىلارنىڭ شادلىقى ئارقىلىق ئۆزىنى خۇش قىلغاندىن كۆرە ئۆزى ئارقىلىق ئۆزىنى ھەمدە باشقىلارنى خۇش قىلىشنى ئەۋزەل كۆرسە كېرەك، مەريەم ھەدەم بىلەن ئارسلاننىڭ تارتىملىق ئۇسسۇلىنى بىر پەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى. دەم ئىچىدە ھويلا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا ئايلاندى. ئۇنىڭغىچە راۋاب، داپ، غېجەك، نەيلەر قولغا چىقىپ بىرلەشمە ئۇسسۇللۇق خور باشلاندى. بىر چاغدا قارىسام بىزنىڭ ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇلدىن توختاپ، ئاتۇشلۇقلارنىڭ ئويناشلىرىغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشىپتۇ. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئولتۇرۇش بەزمىسى يەنىلا دېھقانلار بىلەن پەرۋازىغا يېتىدىكەن.

ئۇسسۇل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەممىمىز رىشتەمكامغا قارىدۇق، بۇ ھەم مەمنۇنلۇق ھەم قايتىشقا ئىجازەت سوراش ئۆتۈنۈشى ئىدى. دېمىسىمۇ رىشتەمكام بىز ئۈچۈن قايىنغان، ئەجىر قىلغانىدى. ھېچكىم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئالدى پەدىسىمۇ يوق بىر ئادەم، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان دۇنياسى تېخى يوق، ئۆيدە بەش بالا، سېرىق تال تۇرمۇش، كاتتا سورۇنلۇق زىياپەت، بۇ كىم، نېمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ دەپ نامى بار ئاتۇشلۇقلار، شۇ دەمنىڭ ئۆزىگە ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قول باغلاپ تۇرغان قولۇم ـ قوشنىلار بۇلارنىڭ ھەممىسى سەنئەتنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ يۈزى، روھىي ئاچلىقتىن جاق تويغان، ئادەمدەك ياشاش ئوتىدا كۆيۈۋاتقان خەلقنىڭ تەقەززاسى ئىدى. يەنە بىر مەنىدىن يۇرتنىڭ يۈزى ئىدى. ھەرقانداق بىر يۇرتنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن شۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا بىر تۈركۈم يۇرت ئوغلانلىرى بولىدۇ، يۇرت كىشىلىرىنىڭ ھەممە ئەزاسى ئورتاق ھالدا دۇنيانىڭ داستىخىنى بولالمايدۇ، ئەنە ئاشۇنداق ئوغلان، قابىل، سېخىي، ھاياتنىڭ، ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىلىك كۆڭلى، يېڭىلىق يارىتىشقا باي ئىجادىلىق روھى، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، سېخىي ھىممىتى بىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كۆڭلىگە خۇشاللىق، ئەمىنلىك تاپىدۇ. ھەق گەپنى دېگەندە ئاتۇش خەلقى بۇنداق روھقا تويۇنغان خەلق ئىدى.

رىشتەمكامنىڭ زورلاپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ھايال ئۆتمەي قىلىقلىق چوكاننىڭ خۇلقىدەك ئويناپ تۇرىدىغان نارىن چۆپ قارىمۇچ ھىدىنى تارىتىپ داستىخانغا تارتىلدى. ھارغىچە مەشرەپ ئوينىغانلار نارىنغا ئىشتىھا بىلەن ئېغىز تېگىشتى. رىشتەمكام تەۋەززۇ بىلەن ئەزىز مېھمانلارنىڭ كەلگەن پايە ـ قەدەملىرىگە رەھمەت ئېيتتى. ھامۇت سابىتكام دۇئاغا قول كۆتۈردى، ھەممىمىز «ئامىن!» دەپ ئەگەشتۇق. سائەت تۆت بولغانىدى، مەشھەد بىلەن ئازغان يۆنىلىشىدە ئۆستەڭ بويلاپ تەبىئىي ھاسىل بولغان ئەگىم ـ ئەگىم يوللار ئارقىلىق مېھمانخانىغا قايتتۇق. تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان ئەركەك سۇدىن ھاسىل بولغان ئۆستەڭ ناخشىسىغا ماس ھالدا ئەۋرىشىم ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغان سۆگەت تاللىرىدىن زوقلىنىپ، قىزىق پاراڭ، ئولتۇرۇشنىڭ ئەسلىمىلىرىگە مەلىكە بولۇپ مېھمانخانىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى تۇيماي قاپتۇق. مېھمانخانىغا 100 مېتىرچە ئارىلىق قالغاندا يىراقتىن ئاڭلانغان ناخشا ساداسى ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمىمىزنى توختاتتى. ناخشا ناھايىتى مۇڭلۇق ھەم ئوتلۇق ئىدى، راست گەپنى دېگەندە داۋۇت ئاكا بىلەن ھامۇت سابىت ئاكىدىن ئۆزگە باشقا يۇرتلۇقلار بۇ ناخشىنى تېخى ئەستايىدىل ئاڭلاپ باقمىغان دېيىشكە بولاتتى. ناخشا ساداسى مېھمانخانا تەرىپىدىن كېلىۋاتقان بولۇپ، تەبىئىي ھالدا بىردە كۈچىيىپ، بىردە پەسلەپ قالاتتى. بىز قانداق تېزلىكتە توختىغان بولساق، يەنە شۇنداق سۈرئەتتە مېھمانخانا تەرەپكە قەدەم ئالدۇق. بىز مېھمانخانىنىڭ ئارقا ئىشىكى تەرەپتىن كەلگەنىدۇق، دەرۋازىدىن كىرىپلا كۆرگىنىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق. دەرۋازا بىلەن يان تەرەپتىكى تامنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۈچ بۇرجەك يەردە ئازادە سېلىنغان تونۇر، تونۇرنىڭ بۇرجىكىگە تاشلانغان پارچە كىگىز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ناۋاي، ناۋاينىڭ ئۈچىسىدا ئاق كۆڭلەك، مەيدىسى ئوچۇق، بېلى بەلباغ بىلەن چىڭ باغلانغان، بېشىدا ھاۋا رەڭ شاپاق دوپپا، دوپپا يېرىم قىستۇرۇلغان، پەشخۇن ئالدىدا يەنە ئىككى ئەر كىشى خېمىر زۇۋۇللاۋاتقان، نان ئېچىۋاتقانىدى. ناۋاي ئۇستام بولسا ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ تۇرۇپ تونۇرغا گۈپپۈلدىتىپ نان يېقىۋاتقانىدى. تونۇرنىڭ تەپتىدىن ھاۋانىڭ، ھاۋانىڭ تەپتىدىن تونۇرنىڭ تەپتى قىزىق ئىدى. ناۋاي ئۇستامنىڭ قىزىرىپ كەتكەن چىرايىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى، ئۇ خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندەك قىزىق تونۇرغا ئۆزىنى ئۇراتتى. ناخشا يەنە شۇنداق ياڭراق، مۇڭلۇق داۋاملىشاتتى. ناۋاي ئۇستامنىڭ ئېڭىدا نان، ئوت، ناخشىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ھەتتا تونۇر ئەتراپىغا يىغىلىۋالغان بىزمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتۇق.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانىغا يىغلايمەن.
ئانام تۇرۇپ، دادام تۇرۇپ،
يېتىم بولغانىغا يىغلايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز ئىختىيارسىز چاۋاك چالدۇق. ئارتىس دېگەن بىر نەرسىدىن ئىتتىك زەرەتلىنىدىغان، باشقىلار سېزەلمىگەن، ھېس قىلالمىغان ئىشلاردىن تېز تەسىرگە ئۇچرايدىغان خەق بولغاچقا ئۆزىمىزنى تۇتالمىغانىدۇق. ئۇستام تونۇردىن قومۇرۇشقا باشلىغان نانلارنى لىگەنگە پارچىلاپ ئېلىپ، ئىسسىق نانغا ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز نانغا ئولاشتۇق، كۆز ئالدىمىزدا مېھنەتكەش بىر ئەلنىڭ يارقىن ئوبرازى نامايان بولغانىدى. بۇ ئۇستامنىڭ ئىسمى مامۇت ياسىن بولۇپ، ئۆزى قاملاشقان كىشى ئىدى. بىز نانغا ئېغىز تەگدۇق ـ يۇ، ناخشىدىن قۇرۇق قالدۇق.

قولۇمدا ناننى تۇتقىنىمچە ياتاققا كىرىپ كېتىۋېتىپ، ياندىكى ياتاقتا ئۆزھەل بىلەن گۈلۈستانىنىڭ توختىماي بىر نېمىلەرنى دەپ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭغىچە ئۆزھەل يۈگۈرۈپ چىقىپ قولۇمدىن سۆرەپ ياتاققا ئېلىپ كىردى. پەمىمچە، ئۇلار مەندىن بىر نەرسىنى سورىماقچى بولغاندەك قىلىۋاتاتتى. مەن جاۋابقا تەييار بولغان ئادەمدەك ئۇلارغا تىكىلدىم ۋە:

— ھە، بەك خۇشال كۆرۈنىسىلەرغۇ، كوچىدىن بىر نەرسە تېپىۋالمىغانسىلەر؟ — دېدىم.

— بىر نەرسە تېپىۋالمىدۇق، گەپ تېپىۋالدۇق، — دېدى ئۆزھەل يەنە شۇ كۈلكىسى بىلەن.

مەن ھەيرانلىق بىلەن گۈلىستانغا قارىدىم. گۈلىستان خەنزۇچە ئوقۇغان قىز بولۇپ، بىزنىڭ ئېلانچىمىز ئىدى. ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ گەپ باشلايتتى ـ يۇ كۈلۈپ كېتەتتى. بۇ خىل ھالەت بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئۆزھەل گۈلىستاننى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزى ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى خېلىلا بېسىلىپ قالغانىدى.

— قارا، قارا، — دېدى ئۇ ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، — گۈلىستان ئىككىمىز بايام سىلەردىن ئايرىلىپ دۆڭىدىكى ماگىزىنغا كىرىپ يېپ ـ يىڭنە سېتىۋېلىپ، قايتىشىمىزدا كۈلۈبنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. كۈلۈب ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا 20 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۈچ بالا پۇتىنى سۇغا چىلاپ، ئويۇن ئويناپ ئولتۇرغانىكەن. بىزنى كۆرۈپ، ئۆز ئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى، ئارقىدىن بىرى «يا ئاللا، شاخ قانداق كۆتۈرگەندۇ؟» دەپ توۋلىدى. بىز دەسلەپتە ھەيران بولدۇق، كېيىن بۇ گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بارلىقىنى پەرەز قىلدۇق، لېكىن پەقەت چۈشىنەلمىدۇق. ياخشى گەپمىكىن دېسەك ناچار گەپتەك، ناچار گەپمىكىن دېسەك ياخشى گەپتەك بىلىنىۋاتىدۇ. دەپ باقە، بۇ زادى قانداق گەپ؟

ئۆزھەلنىڭ سۆزى ئاياغلاشقۇچە مەن كۈلۈشكە باشلىدىم. بۇ ئىككى قىز ئوتتۇرا بوي كەلگەن، چىرايلىق ھەم كېلىشكەن بەدىنىنىڭ ئورۇقلۇقىغا قارىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان جەلپكار جۈپ كۆكسى ھەقىقەتەن پىشقان ئالمىدەك چىڭ ھەم ئېسىلىپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ ئاتۇش قىزلىرىدەك ئەمەس، ئۈرۈمچى قىزلىرىدەك كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشى جۈپ كۆكسىنى تېخىمۇ ھەيۋەتكە كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمدە تىترەك پەيدا قىلماي قالمايتتى. دەرۋەقە، ياش يىگىتلەرنىڭ ئۇلارنى كۆرگەندە «شاخ قانداق كۆتۈرگەندۇ؟» دېيىشى ئەنە ئاشۇنىڭغا قارىتىلغان بولۇپ، دېمىسىمۇ بۇنى ياخشى گەپ ياكى يامان گەپ دەپ كەتكىلى بولمايتتى. مەن قىزلارغا بۇ گەپنى دەپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى بىگۇناھ يىگىتلەرنى تىللاشقا باشلىدى.

قىزلارغا تەسەللىي بېرىشنىڭ ئورنىغا ئازراق چىشىغا تېگىپ قويۇپ يېنىپ چىقتىم. ئالدىمغا نائىل ئۇچراپ «يۈرە، بىزنىڭكىگە بارىمىز» دېدى، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم...

ئاتۇش شەھەردە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بارى ـ يوق ئىككىلا غول يول بولۇپ، ئىككى يولنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تۇرىدىغان ئوق يوللار كۆپ ئىدى. ئوبلاستلىق، ناھىيەلىك ئىدارە ـ ئورگانلار ئاشۇ يوللارنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە يۈرۈشلەشكەن ئائىلىلىكلەر رايونىمۇ بار ئىدى. شەھەر ئەتراپى يېزىلارغا تۇتاشقان، قىرغىز مەكتەپىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۈچ ئوق كوچا، بۇ كوچىغا يانداش سېلىنغان تۆت پارتال ئائىلىلىكلەر قورۇسى بار ئىدى. ھەر بىر پارتالدا ئون ئائىلە، ھەر يۈرۈش ئۆينىڭ بىر موكەلگۈدەك باغ، ئوتياشلىقلىرى بار ئىدى. بۇ پارتاللاردا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىدى. نائىلنىڭ ئۆيى ئوتتۇرىدىكى پارتالدا ئىكەن، سۇ مەنبەسى ئاز ئاتۇشنىڭ زېمىنى تۇمۇز كۈنلىرى قۇرۇپ ـ قاغجىراپ تۇرسىمۇ، ئېرىق بويلىرىدىكى تال ـ تېرەكلەر ئاتۇشلۇقتەك ياشناپ، كۆكىرىپ تۇراتتى. نائىل ئۆيىگە بارغۇچە ماڭا كىچىك چاغلىرىدىكى بالىلىق ئەستىلىكلىرىنى زوق ـ شوخ بىلەن سۆزلەپ ماڭدى.

نائىلنىڭ ئۆيى دالان ۋە قازنىقى بىلەن ئالتە ئېغىز بولۇپ، ئازادە ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە 20 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا ئاشخانىسى بار ئىكەن. ناھايىتى چىرايلىق بېغىدا يەنە ئاتۇشتا بار مېۋىلەرنىڭ ھەرقاندىقى بار ئىكەن. رەت ـ رىتى بىلەن قويۇلغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقىدا يەنە كىچىك ـ كىچىك ئېتىزلار بار بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆكتاتلار تېرىلغانىدى. مېنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى باغنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ھۆپپىدە ئېچىلغان ئەترگۈل، رەيھانگۈل، قامچىگۈل... قاتارلىقلار بولدى. باغنىڭ ئارقا بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان ئىشىكتىن كىرىپ، ئەپچىل ياسالغان بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتىكى

يول بىلەن باغنى بويلاپ 15 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ھوي-
لىغا كىرىدىكەنمىز. نائىلنىڭ ئىككىلا چوڭ ئانىسى مۇشۇ ئۆي-
دە تۇرىدىغان بولۇپ، ئالدىمىزغا خۇددى قوشكېزەك ئاچا -
سىڭىلدەك بىرگە چىقتى. يېشى70 كە بېرىپ قالغان ئىككى
مومايدىن بىرىنىڭ قولىقىغا چىنەگۈل، يەنە بىرىنىڭ قولىقىغا
رەيھانگۈل قىستۇرۇلغانىدى. نائىلنىڭ ئانىسى ئاشخانا ئۆي-
دە، دادىسى باغدا ئىلىنىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ ئادەم تولىمۇ
قاۋۇل، ئوچۇق چىراي كۆرۈنەتتى. قىسقا قويۇلغان بۇرۇتى
ئۇنىڭغا خويمۇ ياراشقانىدى. قىزغىن سالام - سەئەتتىن كېيىن
ھويلىغا سېلىنغان داستىخان ئەتراپىغا جەم بولدۇق، كۆز ئە-
شارىسى ئارقىلىقلا بىر - بىرىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشە-
نىدىغان نائىلنىڭ قېرىنداشلىرى بۇگۈن دېگەن ۋاقىت ئىچىدە
ھەممىسى ئۆيگە يىغىلىپ بولغانىكەن. داستىخانغا چاي تارتىلىپ
بولغۇچە نائىلنىڭ ئانىسى چوڭ بىر تەخسىدە ئۆپكە - ھېسىپ
كۆتۈرۈپ كىردى. بۇ نائىل ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماق
بولۇپ، ئانىسى ئاتايىن مۇشۇ تاماقنى تەييارلىغانىكەن، نائىل-
مۇ مېنى ئوخشىغان ئۆپكە - ھېسىپتىن بىللە ھۇزۇرلىنىش ئۇ-
چۈن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۆپكە - ھېسىپنىڭ كەينىدىنلا يەنە
قېرىن، قىيمىلىق خېمىرلارمۇ ھازىر بولدى، بۇ نازۇ - نېئ-
مەتلەرنىڭ ھەممىسىنى نائىلنىڭ ئانىسى ئۆزى بىر قوللۇق
تەييارلىغانىكەن. نائىلنىڭ ئانىسى تەخسىنى ئەكىلىپ قېيىنئانى-
سىنىڭ ئالدىغا قويدى، نائىلنىڭ چوڭ ئانىسى قولىنى پاكىز
يۇيۇپ، يەڭلىرىنى تۈرگەندىن كېيىن خۇددى شەرەنداز چو-
كانلاردەك پىچاقنى قولىغا ئالدى ۋە تەخسىنىڭ يېنىغا قويۇلغان
ئاشتاختىنىڭ ئۈستىگە ئۆپكە - ھېسپلارنى ئېلىپ توغراشقا
باشلىدى. ئۇنىڭغىچە نائىلنىڭ ئانىسى بىر دەستە چىنە، تا-
ۋاقلارنى ئېلىپ چىقتى. مەن چىنىلەرگە سېلىنغان ئۆپكە -
ھېسپلارغا قاراپ ھەممىيلەنگە ئايرىم ئەكىلىدىغان
ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، چوڭ ئانىسىنىڭ ئىشارى-
سى بىلەن تەخىلا نائىلنىڭ كىچىك ئىنىسى بىلەن سىڭلىسى
ئورنىدىن تۇرۇپ، چىنىلەرنىڭ ئۈستىگە ياغلىق يېپىپ تالاغا
قاراپ ماڭدى. راست گەپنى قىلسام، ئاغزىمغا سېرىق سۇ كې-
لىپ، تاقىتىم تاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئالدىدا بىزنى داستى-
خانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆپكە - ھېسپلارنى كۆزىمىزگە كۆر-
سىتىپ قويۇپ بىزگە بەرمىگىنىنى چۈشەنمىگەنىدىم، چۈنكى
ئوخشىغان ئۆپكە - ھېسپلار كۆزىمىزنىڭ يېغىنى يەپ بولغا-
نىدى، كېيىن قوشنا - قولۇملارنىڭ نېسىۋىسىنى تارقىتىۋاتقان-
لىقىنى بىلدىم. بۇ ئادەتكە بۇرۇندىن كۆنگەن ۋە شۇنداق قە-
لىشقا تېگىشلىك، دەپ بىلىدىغان ئائىلە ئەزالىرى بۇ جەرياندا
ناھايىتى تىنچ ۋە كۆڭۈللۈك ئولتۇراتتى. پەممىچە، ئۆپكە -
ھېسىپ يەتتە - سەككىزچە ئائىلىگە تۇشۇلۇپ بولۇنغاندىن
كېيىن چىرايلىق جۇلاسى بىلەن ئالدىمىزدا نامايان بولدى.
بۇگۈنكى بۇ نازۇ - نېمەتلەر ناھايىتى ئوخشىغانىدى.

كۆزىتىشىمدىن مەلۇم بولۇشىچە، نائىلنىڭ چوڭ ئانىسى
بۇ ئائىلىنىڭ خوجىدارى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتىمۇ
خۇش ئاۋاز مەزلۇم(ئايال) بولۇپ، داستىخان يىغىلىپ بول-
غاندىن كېيىن قولىغا لىگەننى ئېلىپ ناخشىغا چۈشۈپ كەتتى،
ئۇ بۇ جەرياندا تېخى بىزگە «غېرىب - سەنەم»نىڭ ناخشىلى-
رىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. نائىل ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى،
ئارقىدىن نائىلنىڭ ئىنىسى بىلەن سىڭلىسى ئۇسسۇلغا چۈشتى،
مەنمۇ ئۇلارغا جۆر بولدۇم.

كەچتە نائىلنىڭكىدە قونۇپ قالدىم، ئىككىمىزگە ئاتايىن
ھويلىغا ئورۇن راسلانغانىدى. ھويلىدا يېتىش ناھايىتى كۆ-
ڭۈللۈك ئىكەن، كۆكتە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاي، چاراقلاپ
نۇر چېچىۋاتقان ساناقسىز يۇلتۇز، ئاتۇشنىڭ كېچىلىك سالقىن
شامىلى... كىشىگە ئۆزگىچە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئاتۇشتا كۈن-
دۈزى قانچىلىك ئىسسىق بولسا، كېچىسى شۇنىڭغا لايىق سال-
قىن بولۇپ جانغا راھەت ئاتا قىلاتتى. گۈل - گىياھلارنىڭ
ھىدى دىماغنى غىدىقلىسا، ياپراقلارنىڭ ئۈنسىز ھېكايىسى
كىشىنى تەگسىز ئۇيقۇ قوينىغا ئېلىپ كىرىپ كېتەتتى. ئاياغ
يولدىن ئاڭلانغان نەي ئۈنىنى باش كوچىدىن ياڭرىغان ناخ-
شا ئاۋازى بېسىپ كەتتى.

ئېگىز ئۈگزىگە چىقسام،
كۆرۈنەدۇر كېچىكىز.
بىزنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
قانداق كېلەدۇر ئۇيقىڭىز.

كېچەمۇ كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

...

نائىل ئىككىمىز سەھەردە ئويغىنىپ بىر - بىرىمىزگە
ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. چۈنكى ياستۇق-
مىزنىڭ يېنىدا ئەنجۈر، شاپتۇل، قوتۇر ئامۇت، غەنۆيلە، ئا-
لۇچا، ئالما... قاتارلىق مېۋىلەر شەپكە، دوپپا، شاپاق بوك-
لەرگە لىقلىنىپ قاتار تىزىقلىق تۇراتتى. بۇلارنى ئەسلىدە نا-
ئىلنىڭ كىچىكىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان مەھەللىداش ئا-
غىنىلىرى كېچىچە ئوغرىلىغان ئولجىلىرىدىن نائىلغا نېسىۋە
ئورنىدا ئەكىلىپ، بىز ئۇخلاپ قالغاندا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ
كەتكەنىكەن. مەن بۇنى كېيىنرەك نائىلدىن ئاڭلىدىم...

www.uyghurkitap.com



مارتىن يالدىز (گېرمانىيە)

# بېرلىن ھىندىستان «سەنئەت

[redacted]



بېرلىن مۇزېيىدىكى ساقلانمىلارنىڭ تارىخىنى 16 - ئەسىرلەرگە يەنى گېرمانىيەنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ يىغىلىشىغا قەدەر سۈرۈشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىشتا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش بىردىنبىر مەقسەت قىلىنغانىكەن.

17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۆڭەكلەر ئاسانلا قوبۇل قىلالايدىغان يىغىملارنى ئاۋامغا ئاشكارىلاش مۇددىئاسى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققاندى. بۇ تەتقىقاتنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ھازىرقى زاماندىكى مۇزېي دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورگان قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بۇيۇملار بار ئىدى. ۋىلىيام ھامبورت تۇنجى قېتىم بۇ خىل تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئىدى. ئەمما ئۇ تاللاش ئاساسىدا ئېلان قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، باشقا ئالىملار بولارنىڭ ھەممىسىنى ئېلان قىلىشنى قوللايتتى. بۇ ئىش ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلار، قاراشلار بىردەك ئەمەس ئىدى. بەزىلەر مەڭگۈلۈك خاراكتېردىكى كۆرگەزمە بۇيۇملار بىلەن تەتقىقاتقا كېرەكلىك بولغان يىغىملارنى ئايرىش كېرەك دەپ قارايتتى. يەنە بەزىلەر «مەدەنىيەتلىك دۆلەت» بىلەن «ئىپتىدائىي ئىرق»لارنى ئايرىش قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئاسىيا سەنئىتىنى ئاساسىي تېما قىلغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەتقىق قىلىش ئۇيىنى شەكىللەندۈرگەندى، بۇلار ئاساسلىقى بېرلىندىكى بىر قىسىم مۇزېيلارنى مەسىلەن، يىراق شەرق سەنئىتى مۇزېيى، ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى ۋە ئىسلام دىنى سەنئىتى مۇزېيى قاتارلىقلارنى كۆرسىتەتتى، ئۇلار بىلەن يەنە يىراق شەرق مىللەتشۇناسلىق بۆلۈمى، جەنۇبىي ئاسىيا ھەم شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مىللەتشۇناسلىق بۆلۈمى، غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتى بۆلۈمى قاتارلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندى.

بۇ تەسەۋۋۇر 1963 - يىلى ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى قۇرۇلغان ۋاقىتتا ئاندىن ئەمەلگە ئاشقان. مائۇرىيا دەۋرىدىن 18 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھىندىستان ساپاللىرى، ئويما بۇيۇملار ۋە مىس بۇيۇملار ھەمدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن ئېلىپ كېلىنگەن كىچىك تىپتىكى رەسىملەر، ئويما بۇيۇملار ۋە رەسىملەر بۇ مۇزېينى موللاشتۇرغاندى. ئەمما شىمالىي يىپەك يولىدىكى تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆزگەرتتى. چۈنكى 1902 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، گىرۈنۋېدېل، لېكوك قاتارلىقلار تۇنجى قېتىم قۇرۇپ تەشكىللىگەن «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسى»نىڭ ئۈنۈمى زور بولغان. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن يىغما بۇيۇملار بۇ مۇزېيدا ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يىغما بۇيۇملارغا ئايلانغان.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، زامانىۋى مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەنىڭ پەيدا بولغىنىغا 100 يىل بولمىدى. ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتلاردا، ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر مەيدان كەسكىن ئىلمىي مۇسابىقىگە ئوخشايتتى. 1898 - يىلى ئاۋرېل ستەيىن تۇنجى قېتىم كەلگەن، 1899 - يىلى سىۋېن ھېدىن ئۈچىنچى قېتىم تەكشۈرۈشكە كەلگەندە، رۇسىيەلىك ئالىم كلېمېنتىز

تەرجىمە كۆزنىكى

# مۇزېيى»دىكى تۇرپان يىغمىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى






(Dimitri Klementiz) ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنى باشلىغان. بۇ تەكشۈرۈش باشلىنىشتىن بۇرۇن، رۇسىيە ۋە گېرمانىيەدىكى بىر قىسىم ئالىملار كۆپلىگەن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بولغانىدى. بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا، كلېمېنتىز دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەر دەرھال ئۇلارنىڭ گېرمانىيەدىكى كەسپداشلىرى بىلەن ئالاقە قىلغان. 1899 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇلار رىمدا ئېچىلىدىغان خەلقئارا شەرقشۇناسلىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا بېرلىندا توختاپ، ئەينى ۋاقىتتا ئېتنوگرافىيە مۇزېيى ھىندىستان بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان گېرۈنۋېدىل بىلەن كۆرۈشكەن. ئەينى ۋاقىتتا خاتىرىلەنگەن تەتقىقاتتىن بىلىشىمىزچە، بۇ كۆرۈشۈش گېرمانىيەدە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى قىزغىنلىقىنى قوزغىغان، شۇنداقلا ئويلىمىغان يەردىن رۇسىيەلىك ئالىملار بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرۈشۈشكە ئاساس سېلىنغان. خاتىرىلەنگەن ئەڭ دەسلەپكى دوكلات كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغان.

بېرلىندا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قىزغىن ھەۋەس قىلغان گېرۈنۋېدىل ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ تەتقىق قىلىش ئويىغا كەلگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ياردەم پۇلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان. مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن توختىماستىن تىرىشىش، ئۈزۈكسىز ئالاقە قىلىشقا ھەتتا بەزىدە ياردەم تەلەپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بولۇپمۇ گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سوغۇق پوزىتسىيەسى گېرۈنۋېدىلغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ بېسىم ئىدى. ئۇلار پەقەت مەنئۇى جەھەتتىلا ياردەم بېرەلەيتتى. ئەمەلىيەتتە بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ %25 ياردەم پۇلى ئاممۋى فوندىلاردىن يەنى ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ ئۆزىنىڭ ھېساباتىدىن كەلگەنىدى، باشقىلىرى سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ ئىئانىسى ھەمدە بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى تەرەققىيات فوندىنىڭ ياردىمىدىن كەلگەن. ساياھەت خاراكتېرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش بىر يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بولۇپ، جەمئىي 3600 مارك كەتكەنىدى.

كېتەرلىك راسخوت تەييارلاش ھەمدە بېرلىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش شۇنداقلا تەكشۈرۈشكە كېتىدىغان ھەر خىل تەييارلىقلارنى بېجىرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەن. تەكشۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ ئاللىبۇرۇنلا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا قىزىقىدىغان دۆلەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئالاقىلىشىشمۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئوڭۇشلۇق بولغان. گەرچە گېرمانىيە - رۇسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇش ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما سانكت پېتېربۇرگدىكى ئالىملار پۈتۈن كۈچى بىلەن گېرۈنۋېدىلنى قوللاپ رۇسىيەدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ ئېھتىياجلىق بولغان قەغەزلەر بىلەن تەمىنلىگەن. سىتەيىننىڭ بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ھەققىدىكى خەۋەر 1901 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى لوندوندا چىقىدىغان «تايمىس گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. 1901 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە، ئۇ بېرلىننى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش داۋامىدىكى كەچۈرمىشلىرى ھەمدە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئۇلارنى دىققەت قىلىشقا مەسلىھەت بەرگەن.

نەتىجىدە، 1902 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، گىرۈنۋېدېل. شەرقشۇناس خۇت (Huth)ۋە بارتۇس قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ يولغا چىققان. تېئودۇر بارتۇس (Theoder Bartus)مۇزېيدا قولى چاققان ئادەم ئىدى. ئۇ ماتروس بولۇپ باققانىدى، بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە هاياتى ئۇنىڭغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش شەك ـ شۈبهىسىزكى ئۇنىڭغا ياخشى پۇرسەتلەرنى تەمىنلىگەن. ئۈچ ئادەمدىن تەشكىل تاپقان تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىزچىل يىپەك يولىدىكى تۇرپاننى بويلاپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن «تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسى» دېگەن سۆز پەيدا بولغان. گەرچە كېيىن باشقا جايلاردا تەكشۈرۈش قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇ تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۈچ ئايلىق پىيادە سەپەر ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئەترىتى1902 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ كېيىنكى ئون كۈنىدە ئۇلار ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. 1902 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1903 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە، ئۇلار پۈتۈن زېهنى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مەشهۇر قەدىمىي شەهەر قارا غوجا، سىڭگىم ۋە مورتۇق قاتارلىق بىر قانچە جاينى تەكشۈرگەن. گىرۈنۋېدېلنىڭ ۋەزىپىسى قارا غوجا ئەتراپلىرىغا دائىر ئەتراپلىق بىر پىلان تۈزۈش ئىدى. ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان خارابىلەرنى تەكشۈرگەن.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش هەققىدە 1906 ـ يىلى گىرۈنۋېدېل ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ناهايىتى تەپسىلىي توختالغان. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى قارا غوجا قەدىمىي خارابىسىنى قوچۇ قەدىمىي شەهىرى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە مۇهىتىدىن قارىغاندا ئۇ بىر بۇددا دىنى خارابىسى دەپ هۆكۈم قىلىنغان. ئادەمنى تېخىمۇ هەيران قالدۇرىغىنى شۇكى، سانسكرىت يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، زاڭزۇ يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقلاردا يېزىلغان ۋەسىقىلەر تېپىلغانىدى. كېيىن يەنە مانى دىنى ۋە زورروئاستىر دىنىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ بايقالغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئۇلار ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە بارلىق تاپقان بۇيۇملارنى(ساپال بۇيۇملار ۋە ياغاچتىن ياسالغان هەيكەل، ياغاچقا ئويۇلغان رەسىم، ۋەسىقىلەر هەمدە تام رەسىملىرى قاتارلىقلار ئىدى) 44 ساندۇققا قاچىلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەممىسى بۇزۇلغان بۇتخانىلاردىن يۇلۇپ ئېلىنغانىدى. كېيىن ئېلىنىپ ساندۇققا قاچىلانغان هەمدە تۆگە ۋە كېمىلەر بىلەن سانكت پېتېربۇرگقا ئېلىپ كېتىلگەن، كېيىن يەنە بېرلىنغا يۆتكەلگەن. 1903 ـ يىلى7 ـ ئايدا، گىرۈنۋېدېل بىلەن بارتۇس بىرلىكتە بېرلىنغا قايتقان. هېيىس تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن ئايرىلىپ ئوشقا(قىرغىزىستاندا) بېرىپ پەلسەپە تەتقىق قىلىش يولىنى تاللىغان. 1903 ـ يىلى8 ـ ئايدا، گىرۈنۋېدېل ئۆزىنىڭ بۇ هەقتە يازغان ئۇزۇن دوكلاتىنىڭ خاتىمىسىدە 2 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش خىزمىتى ئىنتايىن مۇهىم دېگەن.

ساندۇققا قاچىلانغان بايقالما بۇيۇملار 1903 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېرلىنغا يۆتكەلگەن، شۇنداقلا ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇتەخەسسىسلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەن. چۈنكى بۇ تۈرنىڭ نەتىجىسىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور ئىدى. پېشىل باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شەرقشۇناسلار ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش هەيئىتىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە يېڭى بىر ئەترەت تەشكىللەشنى قارار قىلغان. بىر قىسىم تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يۈرەكلىك هالدا ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ قېتىم ئىقتىسادىي جەهەتتە مەسىلە كۆرۈلمىگەن. 2 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن گېرمانىيە پادىشاهى ئۆزى نۇرغۇن پۇل چىقارغان. پىرۇسىيە پارلامېنتى مەدەنىيەت مائارىپ مىنىستىرلىقى 2 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن يوللىغان تەلەپنى شەرتسىز هالدا تەستىقلىغان، هەر قانداق ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىمىغان.

دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى شەرقشۇناسلارنىڭ جۇڭگودىكى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ۋە بايقالغان بۇيۇملارغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن. 1902 ـ يىلى، هامبورگدا شەرقشۇناسلارنىڭ خەلقئارالىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. ئەينى ۋاقىتتا گىرۈنۋېدېل تۇرپانغا يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقانىدى. يىغىندا ستەيىن خوتەندىن بايقىغان بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىنغان، ئوتتۇرا ئاسىيانى تۇتقا قىلغان مۇشۇنداق كەڭ هەم يېڭى بولغان تەتقىقات ساهەسىدە، بۇ يىغىن 1899 ـ يىلى رۇسىيەلىكلەر بۇ رايوننى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە خەلقئارالىق بىر تەشكىلاتنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن «خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرقنى تەكشۈرۈش جەمئىيتى» قۇرۇلغان. ئۇنىڭ باش هەيئىتى سانكت پېتىربورگدا تەسىس قىلىنغان، باشقا شۆبە جەمئىيەتلەر ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ۋە ئامېرىكىدا قۇرۇلغان. هەر قايسى تارماق جەمئىيەتلەر مۇستەقىل پائالىيەت قىلغان، باش يىغىن هەيئىتىنىڭ ۋەزىپىسى پەن ـ تەتقىقات خىزمىتىنىڭ سىستېمىلىق راۋاجلىنىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشلارنى ماسلاشتۇرۇش ئىدى. دەرۋەقە، ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى يەرلىك ئاهالىلەر ۋە سايەهەتچىلەر بىلىپ-بىلمەي بۇزۇۋەتكەن قەدىمىي ئىزلارنى تەكشۈرۈش ئىدى. يېڭى بىر دەۋر باشلانغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كەسپىي خادىملار ئارىسىدا غەربتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ شەرقشۇناسلىقنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن.

خۇددى ھامبورگتىكى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، پىروفېسسور پىشىل ۋە پىروفېسسور لۇدېرس رەئىسلىكىدىكى خەلقئارالىق جەمئىيەتنىڭ گېرمانىيە ھەيئىتى بۇرۇندىنلا خەلقئارالىق بىر ئورگان ئىدى. مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنە كەلگۈسىدىكى بارلىق تۇرلەردە ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزىچە تەشەببۇس قىلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم بۇ ئورگاننى تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. يېڭى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى بالدۇرراق ئەۋەتىش ھەمدە گېرۈنۋېدىل ئاغرىپ قالغاچقا، 1905 - يىلدىن بۇرۇن يولغا چىققىلى بولمايتتى. يىغىن ھەيئىتى 1904 - يىلى 11 - ئايدىن 1905 - يىلى8 - ئايغىچە بولغان بۇ ۋاقىتتا گېرۈنۋېدىل رەھبەرلىكىدىكى «پىرۇسىيە-تۇرپان تەكشۈرۈشى»نىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. لېكوك كېيىن پىدائىي سۈپىتىدە ئېتونوگرافىيە مۇزېيىنىڭ ھىندىستان بۆلۈمىدە ئىشلىگەن.

لېكوكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى گېرۈنۋېدىلنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە دەرسلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەندىن كېيىن، 1881 - يىلى بېرلىنغا كەلگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنىلا ياش بولغاچقا، مۇزېينىڭ ھىندىستان ساقلاش بۆلۈمىدە ساقلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ ناھايىتى تېزلا كۆتۈرۈلۈپ، تەتقىقات ساھەسىدە ئەڭ مەشھۇر ئالىمنىڭ بىرىگە ئايلانغان، ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «ھىندىستان بۇددىزمى ھەققىدە» شۇ ۋاقىتتا خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، بېرلىندىكى خۇگنو مەزھىپىدىكى بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان لېكوك ئاتىسىغا ئەگىشىپ سودا شىركىتىگە كىرىشتىن بۇرۇن، لوندون ۋە ئامېرىكىدا سودا قىلىشنى ئۆگەنگەن، 40 ياشقا كىرگەندە كەسىپ ئالماشتۇرۇش قارارىغا كەلگەن. 1900 - يىلى بېرلىندا شەرق تىللىرىنى ئۆگىنىشنى باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ ئافرىقا - چوڭ ئوكيان بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. 1902 - يىلى ھىندىستان بۆلۈمىگە تەڭشەلگەن. گېرۈنۋېدىل ۋە لېكوكقا ئوخشاش بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە باشقا ئىككى ئادەمنى سېلىشتۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ناھايىتى تەس. لېكوك قاتتىق قول، ئەستايىدىل، ئىچ مىجەز ئالىم بولۇپ، ئالدىراشچىلىقىدىن سىرتقا چىقىشمۇ تەس ئىدى، ئۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان ھەمدە خۇش پېئىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان خاراكتېرى گەۋدىلىك ئىدى.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ خاراكتېرى بەزىدە جىددىيچىلىك پەيدا قىلىشىمۇ قوياتتى. ئەمما قانداقلا دېمەيلى، لېكوكنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ھەيئەت گېرۈنۋېدىل ئۈچۈن بۇنداق ھەمراھنى توغرا تاللىغان.

لېكوك باش باشقۇرغۇچى بارتۇسنىڭ (ئۇ تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان بىردىنبىر ئادەم ئىدى) ھەمراھلىقىدا 1904 - يىلى 11 - ئايدا تۇرپانغا كەلگەن. بۇ بىر قېتىملىق تەييارلىق خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئىدى. چۈنكى ئۇ كېيىنكى يىلى كېلىدىغان گېرۈنۋېدىل باشچىلىقىدىكى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن بىرلەشكەنىدى. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش رايونى ئاۋۋالقىدەكلا قاراغوجا قەدىمىي شەھىرى ئەتراپىدىكى بۇزۇۋېتىلگەن شەھەر دائىرىسىدە ئىدى. لېكوك بىلەن بارتۇس ئۈچ ئاي ئىچىدە خارابىلىكلەرنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان. بۇ ۋاقىتتا، يازغان خەتلىرىدە نەتىجىلەرنىڭ كەم بولۇشىدىن پەيدا بولغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ۋە قاراغوجىدا تۇرۇشنى توختىتىش ئويلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولمىغان. ئەمما ئىزچىل تەكشۈرۈش داۋامىدا، 17 خىل يېزىقتا يېزىلغان 24 خىل تىلدىكى مۇھىم ۋەسىقىلەرنى بايقىغان. بەزىلىرىنى ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇيالايدىغان ئادەم يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بېرلىندىكى تىلشۇناسلارغا بۇ ۋەسىقىلەرنى يېشىش ۋە ئىزاھلاشتەك مۇھىم ۋەزىپە يۈكلەنگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددىزمغا دائىر بىر قىسىم ۋەسىقىلەر بولۇپلا قالماستىن يەنە باشقا دىنلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەرمۇ بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن مانى دىنىدىكى كىلاسسىك كىتابلار ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىرى قىسىملىرىنىڭ بەتلىرى قېنىق رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن ئىكەن، بۇ بىز بايقىغان بۇ دىنىنىڭ بىرىنچى قىسىمىنىڭ رەسىملەر بىلەن ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىلىرىدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رەڭدىكى تام رەسىملىرى تېپىلدى.

1905 - يىلى 3 - ئايدا، لېكوك قاراغوجىدىكى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ھەمدە ئۆزىنىڭ دىققەت - نەزىرىنى سىڭگىم ئېغىزى ۋە بېزەكلىك مىڭئۆيى، ئۇنىڭ قوشنىلىرىدىن بولغان مورتۇق ۋە قاراغوجىنىڭ شىمالىدىكى تۇيۇق قاتارلىقلارغا ئاغدۇرغان. بۇ يەردە ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشلارنىلا بايقاپ قالماستىن، يەنە مىڭئۆيلەرنى بايقىغان، ئۇلار سىڭگىم ئېغىزىنىڭ گېلىغىلا ئوخشايدىكەن ياكى ئۇلار بىرلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە مىڭئۆيلەردە (تاش غارلاردا) خىش ۋە ياغاچ بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان كارىدورلار بار ئىكەن. ئارخېئولوگلار كېلىپلا بۇلارنى يۆتكەپ كەتكەن، چۈنكى بېزەكلىك بۇددا غارلىرىنىڭ (مىڭئۆيلىرىنىڭ) ساقلانغان يېرى بولۇپ، ئۇنىڭ

ئىچىدە مۇكەممەل ساقلانغان نۇرغۇنلىغان تام رەسىملىرى بار ئىكەن. ئوخشىمىغان گۇرۇپپىدىكى غارلاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، بۇلار ئالىلبۇرۇنلا ئىسپاتلانغانىكەن. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قارىماققا بۇرۇنقىدەكلا ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغانىكەن. زىرەك ۋە ھەرىكەتچان ھەقىقەتەن ئاتى نىڭ تانگى تۇرغانىكەن.

ئىچىدە مۇكەممەل ساقلانغان نۇرغۇنلىغان تام رەسىملىرى بار ئىكەن. ئوخشىمىغان گۇرۇپپىدىكى غارلاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، بۇلار ئالىلبۇرۇنلا ئىسپاتلانغانىكەن. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قارىماققا بۇرۇنقىدەكلا ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغانىكەن. زىرەك ۋە ھەرىكەتچان بارتۇس بۇ بۇددا غارلىرىدىن نۇرغۇنلىغان تام سۈرەت بېزەكلىرىنى سويۇۋېلىپ قاچىلاپ بېرلىنغا يۆتكىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىگە ئايلانغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ غارلاردىن چىققان تام سۈرەتلىرى ئەسلىدىكى ئورنىدىن يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيى بومباردىمان قىلىنىپ نۇرغۇنلىرى بۇزۇۋېتىلگەن. ئەمما لېكوكنىڭ «قارا غوجا»ناملىق كىتابىدا ئۇلارنىڭ ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە قايتا ئىشلىگەن رەسىملەر بار.

ئىسسىقتىن قېچىش ئۈچۈن 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، لېكوك سالقىنراق جاي قۇمۇلغا بارغان. سەپەر داۋامىدا ئۇ سايلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇ يەردە ئاۋۋالقىدەكلا قەدىمكى خارابىلەرنى ئىزدىگەن. ئەمما ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى تۇرپان بوستانلىقىدەك قۇرۇق ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ساقلىنىشىغا پايدىلىق ئەمەس ئىكەن، لېكوك ئىككى بۇددا غارىنى تەكشۈرۈش تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «مەن دەرھاللا خىزمەتكە كىرىشتىم، ئەمما ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا تاغ باغرىدا داۋاملىق قار ياغىدىغانلىقىنى بايقىدىم. يەر يۈزى خۇددى كۆلگە ئوخشاش نەم بولۇپ، بىز بايقىغان ھەيكەل ۋە باشقا بۇيۇملار كۆمۈلۈپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇنلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇمۇلدا تۇرىدىغان ئۇزۇن ۋاقىت قالمىغانىدى. چۈنكى بېرلىندىن كەلگەن تېلېگراممىدا گېرۈنۋېدىلنىڭ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا يولغا چىقىدىغانلىقى قارار قىلىنغانلىقى دېيىلگەنلىكى، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ قەشقەردە كۆرۈشۈشى ئۈمىد قىلىنغانىكەن. 1905 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، گېرۈنۋېدىلنىڭ قەشقەرگە كېلىپ بولغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. لېكوك ۋە بارتۇس كېچىكتۇرمەيلا تەييارلىق قىلىپ تۇرپانغا قاراپ يول ئالدى. كېيىن يەنە ئەڭ تېز سۈرئەتتە كورلا ئارقىلىق كۇچاغا كەلدى. ئۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا گېرۈنۋېدىلنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك ئۈمىدسىزلەندۇق. چۈنكى ئامالسىز ھالدا گېرۈنۋېدىلنى ساقلايتتۇق. ئەڭ ئاخىرىدا 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشى 3 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى (1905 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1906 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە).

گېرۈنۋېدىل قەشقەرگە ھەم كېچىكىپ كەلدى ھەم خاتالىق ئۆتكۈزدى. 1905 ـ يىلى لېكوك رۇسىيەنىڭ تۇرپان تەكشۈرۈشلىرى ھەققىدىكى دوكلاتقا تەسىر يەتكۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بېرلىن بىلەن سانكت پېتربورگ ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك خەت ئۇرۇشلىرى قانات يايغان. نەتىجىدە شۇ ۋاقىتقا قەدەر دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھازىرقىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن گېرۈنۋېدىل بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە رۇسىيە ئارقىلىق ماڭماي ھىندىستان ئارقىلىق بېرىش پىلانلانغان. ئەمما 3 ـقېتىملىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاجراتقان پۇل 1905 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئالدىنقى قېتىملىق تەكشۈرگەن ۋاقىتتىكى بىر تالاي ئىقتىسادىي چىقىملار تۈگىتىۋېلىناتتى. شۇڭا گېرۈنۋېدىل ئامالسىز ھالدا پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزى خالىمىغان ھالدا يەنە رۇسىيە ئارقىلىق مېڭىشقا باشلىدى. پات ئارىدا تەكشۈرىدىغان رايونلار ھەققىدىكى قارىشى بىلەن رۇسىيە تەرەپ بىردەكلىك ھاسىل قىلدى، گەرچە ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممىسى ئايان بولسىمۇ، ئەمما سانكت پېتربورگ تەرەپ بىردىنبىر ھۆرمەتلىگەن ۋە ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا كېلىشتۈرۈش مەركىزىدىكى بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ھەتتا رۇسلارنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلمايتتى. دەرۋەقە، گېرۈنۋېدىلنىڭ كۇچا ۋە تۇرپانغا بېرىش پىلانى رۇسىيە ھەيئىتىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشكەن. ئېھتىمال گېرۈنۋېدىلنىڭ ئۆزىلا ھەمراھلىرى بىلەن كېڭىشىشى ئادىل بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىر تەتقىقاتچىغا خاس سەگەكلىكى بارلىق دوكلاتلاردا ئىپادىلەنگەن. ئۇنى ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ تىرىشچان، يۇقىرى ئىلمىي پوزىتسىيەگە چوقۇنىدىغان ئارخېئولوگنىڭ بىرى دەپ سۈپەتلەشكە بولىدۇ. ئۇ بايقالما بۇيۇملارنى يىغىش جەريانىدا، خەرىتە سىزىش، ئۆلچەش ۋە سۈرەت تارتىشتەك مۇھىم ئىشلارنى قىلغان. گېرۈنۋېدىلنىڭ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇددا مەدەنىيىتى نەزىرى ـ چىراغ سورۇنى» (1912 ـ يىلى) ناملىق ئىككىنچى چوڭ دوكلاتىدا ئۇنىڭ بىر ئارخېئولوگ بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۈگۈنگە قەدەر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان بېرلىن-تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسىدە تارتىلغان نەتىجىلەرنىڭ قىممىتى بىباھا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نۇرغۇنلىغان مۇتەخەسسىسلەر بۇلارنى كۆرگەن.

رۇسىيەدىكى ئاۋارىچىلىك سەۋەبىدىن كېچىككەندىن كېيىن، گېرۈنۋېدىل تۇمشۇقنى قىسقا مۇددەتلىك

تەكشۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۇچا تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. تەكشۈرۈش ئەترىتى شەھەر ئەتراپلىرىدا تۆت ئايغا يېقىن خىزمەت قىلغان. ئالدى بىلەن قۇمتۇرا، كۇچانىڭ غەربىدىكى كىچىك بىر جايىنى تەكشۈرگەن، ئۇنىڭ يېنىدا ناھايىتى چوڭ كۆلەمدىكى قەدىمكى بۇددا غارلىرى توپى بار ئىدى. يەنە بىرى قىزىل بولۇپ، ئۇ مۇزارت دەرياسى بويىغا جايلاشقان. ئۇ يېرىمدىنلا كېسىپ بۇزۇۋېتىلگەن ناھايىتى چوڭ تۈركۈمدىكى غارلارنى بايقىغان. بۇلار ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئۇلارنىڭ ناھايىتى چوڭ بۇيۇم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى ئىدى. مىسال كەلتۈرۈلگەن نۇرغۇنلىغان غارلاردىكى تام رەسىملىرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرىدە غەربنىڭ پۇرىقى (ئۇسلۇبى) بولۇپ، يىل - دەۋرى جەھەتتە تۇرپاننىڭكىدىن بالدۇرراق ئىدى. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، قۇمتۇرادىكى بىر قىسىم غارلاردا جۇڭگو بۇددىزم ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى بولۇپ، بۇ ئۇ رايوننىڭ نۇرغۇنلىغان تارىخى ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

— كۆپلىگەن غارلارنى چوقۇم تەكشۈرۈش بېكىتىش كېرەك ئىدى. كۆپچىلىك بىردەك ھالدا ئۇلارغا نومۇر بەرمەي ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن نام بېرىشنى قارار قىلدۇق. شۇڭا «ئون ئالتە خەنجەر ئاتقۇچىلار غارى»پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى تامدىكى بىر تۈركۈم چەۋەندازلارنىڭ رەسىمىدىن كەلگەن. چۈنكى قېزىۋاتقان ۋاقىتتا، چوڭ بىر تاش چىقىش ئېغىزىغا چۈشۈپ كەتكەن. گۈمبەز تورۇسلۇق غاردا دېڭىز - ئوكيانغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ۋە ماتروسلار غارنىڭ بارلىقىنى يوشۇرۇن ھالدا كۆرسىتىپ تۇرماقتا. ئەڭ ئاخىرىدا ئالاھىدە قىزىقارلىق بىر نەرسە بايقالغان، بۇ نوم ساقلانغان ئۆي بولۇپ، ئىچىدە زەيتۇن يوپۇرمىقى، پالما دەرىخى يوپۇرمىقى، قەغەزگە يېزىلغان ۋە ئويۇپ چىقىرىلغان ياغاچ تاختايدىكى يىراق قەدىمكى ۋەسىقىلەر بار ئىدى. بۇ غار ئەڭ قەدىمكى ياغاچ پوپۇرماقلىرىغا يېزىلغان سانسكرىت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بايقالغان جايى شۇنداقلا يەنە بايقالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى ھىندىستان قول يازمىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

1906 - يىلى 5 - ئايدا، تەكشۈرۈش ئەترىتى دىققەت - نەزىرىنى شەرققە يەنى قاراشەھەر ئەتراپىدىكى شورچۇققا قاراتقان. بۇ يەردىكى ئەڭ قىزىقارلىق بايقالما بۇيۇم لاي ھەيكەل بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنىدىكى ئىلاھلارنىڭ ھەيكىلى ئىدى. بۇ ھەيكەللەرنىڭ يۈزى يۇمىلاق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېزەك ئىشلىتىلمىگەن. 1906 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، كۇنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان كېسەل لېكوكنى ئىزچىل مېڭىشقا ئامالسىز قويغان. مۇشۇ ۋاقىتلاردا ستەيىن تۇرپانغا كېتىۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالغان. ئەمما پېللىئوت ئاللىبۇرۇنلا پارىژدىن ئايرىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا مېڭىپ بولغانىدى. لېكوك گىرۈنۋېدىلغا دەرھال تۇرپانغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن يەنە قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان ناھايىتى مۇشەققەتلىك سەپەرگە ئاتلانغان.

گىرۈنۋېدىل ۋە بارتۇس ئىزچىل قاراغوجا ۋە قۇمۇلدا تاكى1907 -يىلغىچە ئىشلىگەن. چوڭ ساندۇقلار تام سۈرەتلىرىنىڭ پارچىلىرى، لاي توپا، ياغاچ ۋە مىستىن ياسالغان بۇددا ھەيكەللىرى، رەخت رەسىملەر ۋە قەغەز رەسىملەر، كۆپلىگەن قوليازما قاتارلىقلار بىلەن لىق تولغان. گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسي ۋەزىيەت يامانلاشقان بولسىمۇ، بايقالما بۇيۇملار ئاۋۋالقىدەكلا رۇسىيە ئارقىلىق بېرلىنغا يۆتكەپ كېتىلگەن. گىرۈنۋېدىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1907 - يىلى ئۈرۈمچى ۋە سىمپالاتىنسكىي ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتقان.

بېرلىندا «تۇرپان ساقلانمىلىرى» دېگەن نامدا ئاتالغان مول ماتېرىياللار مۇتەخەسسىسلەر ۋە مۇزېي خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆپلىگەن ۋاقىتىنى ئېلىپ تەتقىق قىلىنغان. بۇ دەل «4-قېتىملىق گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى»نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەن(1913 - يىلى 6 - ئايدىن 1914 - يىلى 2 - ئايغىچە)نىڭ تەييارلىقى پۈتۈشتىن بۇرۇن، ئالتە يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىدى. 1912 - يىلى لېكوك ۋە ستەيىن تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى پىلانىنى تۈزۈۋاتقاندا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سىياسي ۋەزىيىتى مۇقىم بولمىغانلىقتىن، گېرمانىيە دېپلوماتىيە مىنىستىرلىقى گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ ئۇقتۇرۇش چىقارغان. ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىگە «جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سىياسي ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇقىمسىز، بۇ خىل ئەھۋالدا بىز تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايمىز» دەپ ئۇقتۇرغان. بۇ ۋاقىتتا لېكوك ئېنىق قىلىپ يولدىكى بارلىق ئىشلارغا ئۆزىمىز مەسئۇل دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەن. دېپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بۇنىڭغا ئاران قوشۇلغان. ئۇ بارتۇس بىلەن كاپالەتنامە يېزىپ بەرگەندىن كېيىن، 1913 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۇلار قەشقەرگە يول ئالغان. ئاساسلىق مەقسىتى 3 - قېتىملىق تەكشۈرگەن ۋاقىتتىكى كۇچا ئەتراپىدىكى جايلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئىدى. ئۇ يەردە ئۇلار 1913 - يىلى 6 - ئايدىن تاكى 9 - ئايغىچە، توز غارى، كەپتەرخانا غارى ۋە 16 خەنجەرلىك چەۋەنداز غارى قاتارلىق جايلاردىن مۇنەۋۋەر

www.uyghurkitap.com



قۇرۇلۇش ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى بايقىغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار خىزمەت نۇقتىسىنى كۇچانىڭ شەرقىي شىمالىغا 15 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى سىم ـ سىم مىڭئۆيىگە يۆتكىلىشتىن بۇرۇن ئاچچىق ئېرىق ۋە سۇ بېشى لەنگەرلەردە قىسقا مۇددەت تەكشۈرۈشتە بولغان. بۇ يەردە خارابىلەرنى تازىلاشتىن باشقا بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنىمۇ بايقىغان، بىر قىسىم بۇددا غارلىرىنى تاپقان، ئەمما كۆپ ئەمەس ئىدى.

4 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە قۇمتۇرانى تەكشۈرگەن. 11 ـ ئايغىچە تۇرۇپ ئاساسلىقى قېزىشتىن بۇرۇن بايقاشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ئۇسلۇبىدا سىزىلغان رەسىملەر بار غارلار بولۇپ بۇلارنى ئىنچىل تەكشۈرگەن. 1913 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاساسلىقى تۇمشۇقنى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان. 1914 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، بىر نەچچە ھەپتە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق لېكوك ۋە بارتۇس بايقىغان بۇيۇملارنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ قەشقەردىن ئايرىلىپ موسكۋا ئارقىلىق قايتىش يولىغا قەدەم ئالغان.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن، بۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىقلار يەرلىكلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرگەن. ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىمقى تەكشۈرۈشلەردىكى مېھماندوستلۇق سەل سۇسلىشىپ قالغانىدى. لېكوك «شىنجاڭنىڭ زېمىنى ۋە خەلقى» ناملىق كىتابىدا (1926 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. باش كونسۇل ماكارتنىينىڭ 1913 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەۋەتكەن بىر تېلېگراممىسىدىن قەشقەردە قالايمىقانچىلىقلارنىڭ يېقىندا يۈز بەرگەنلىكى، بىزنىڭ رۇسىيەنىڭ كونسۇلخانىسىغا بېرىشىمىزگە دەۋەت قىلىنغان. لېكوك بارتۇسنى كېچىدە بىرى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى، ئەمما بارتۇسنىڭ ھوشيارلىقى بىلەن بۇ خىل ئۇرۇنۇشنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى دەپ بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قانۇن ۋە تەرتىپلىرى روشەن ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ خىل ئەھۋالدا، 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلار بايقالغان بۇيۇملارنى ساق ـ سالامەت ھالدا رۇسىيە ئارقىلىق بېرلىنغا ئېلىپ كېتەلىگەن. مۆجىزىلىك يېرى شۇكى، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىقى ئىدى.

1926 ـ يىلى تۇرپاندىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاخىرلىشىپ 12 يىلدىن كېيىن، تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىيەت مىراسلار كۆرگەزمىسى بېرلىن مىللەتلەر مۇزېيىدا رەسمىي ئېچىلغان. 1928 ـ يىلى بۇ بۇيۇملار ئۈچۈن بوش يەر كېڭەيتىلگەن. 27 ئېغىزلىق ئۆيگە لىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىندى ھەمدە زىيارەتكە كەلگەنلەر يىپەك يولىدىكى ئارخېئولوگىيە بەلبېغىدا ماتېرىياللارنى كۆردى. بىر تامغا بېزەكلىكتىن سويۇۋېلىنغان چوڭ بىر تام رەسىم قويۇلغان. بۇ رەسىم ھېچبولمىغاندا ئەينى ۋاقىتتىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئەمما، 1938 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا، كىشىلەر مۇھىم بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساندۇقلارغا قاچىلىدى، ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ كۆپچىلىك ئەنسىرەشكە باشلىغان ھەمدە تۇرپاندىن چىققان تام سۈرەت ۋە ھەيكەللەرنى بىخەتەر جايغا يۆتكىگەن، مەسىلەن، بېرلىندىكى يەر ئاستى ئاكوپ، غەربىي گېرمانىيەدىكى تۇز ئازگىلى دېگەندەك، 1000 ساندۇق مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدە 150 ساندۇقى تۇرپاندىن تېپىلغان مىراسلار ئىكەن، مۇزېي خادىملىرى بېزەكلىكتىن سويۇۋېلىنغان غايەت زور تام رەسىمنى تامدىن ئالالماي ئۇنى تاغار بىلەن ئوراپ قوغداپ قالغانىدى، ئەمما، 1943 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە بۇ مۇزېي بىناسى يەتتە قېتىم بومباردىمان قىلىندى. بېزەكلىكتىن تېپىلغان تام رەسىملىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن. 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇ مۇزېي بىناسى پۈتۈنلەي پارتلىتىۋېتىش بىلەن بىرگە، تام رەسىملىرىمۇ بۇزۇۋېتىلدى. يەنە باشقا 70 نەچچە پارچە تام سۈرەتمۇ قىسمەن ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى داۋامىدا، بىر قىسىم تام سۈرەتلىرى ۋە ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى قۇتقۇزۇۋېلىنغان، بەختكە يارىشا مەيلى گېرۇنۋېدىل، لېكوك ياكى بارتۇس بولسۇن بۇلار بۇنداق پاجىئەنى كۆرمىگەن، چۈنكى ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى.

1956 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا چېچىلىپ كېتىپ ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يىغما بۇيۇملىرى مۇزېيغا قايتۇرۇپ ئەكىلىنگەن ھەمدە يېڭىدىن كۆرگەزمە زالى قۇرۇش پىلانلانغان. 1971 ـ يىلى ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى، يىراق شەرق سەنئەت مۇزېيى ۋە ئىسلام سەنئىتى مۇزېيى قاتارلىق ئاسىيا سەنئىتىگە دائىر ئۈچ مۇزېيى رەسمىي ئېچىلغان. ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن بۇيۇملاردىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان 200 گە يېقىن رەسىملەر، ھەيكەل ۋە توقۇلما بۇيۇملار ھازىرمۇ كۆرگەزمە زالىدا تىزىپ قويۇلماقتا.

(تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن تاجى تۇرگۇن)

# شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلىرى تورى



ئىزدەش http://www.xjyaxliri.com

سىز «شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر گېزىت - ژۇرناللار نەشرىياتى»مىزنىڭ ئورگان تورى بولغان «شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلىرى
ورى»نى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ھەرۋاقىت زامان، ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنۋاتقان
ەرخىل گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولالايسىز، سەنئەتلىك ئېلېكترون نۇسخىسىدىن ھۇزۇرلىنالايسىز.

مەزكۇر چىپار كودلارنى سايىلەپ نەشرىياتىمىز
باشقۇرۇشىدىكى ئۈندىدار سالونلىرىنى قوشۇۋېلىڭ
ياكى دوستلىرىڭىزغا تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق
كۆتۈلمىگەن خۇشاللىقلاردىن بەھرىلىنىڭ!